# سامان يولى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

سامان يولى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# سامانيولى

(ۋاپات بولغان بىر قىسىم شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى)

هاجى ئەخمەت

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: تۇرسۇن زىيىدىن
تۇرسۇن نىياز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## مۇھەررىردىن

ۋاپات بولغان شائىرلارنى ئەسلەش، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاپ رەتلەپ كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش مەقسىتىدە نەشرىياتىمىز ئىلگىرى «گۈدۈك»، «بىزنىڭ تىلەك» ناملىق توپلاملارنى نەشر قىلغانىدى. بۇ توپلاملىرىمىز كەڭ كىتابخانىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى.

يېقىندىن بۇيان بىر قىسىم كىتابخانىلار تەھرىر بۆلۈمىمىزگە خەت يېزىپ ۋاپات بولغان شائىرلارنى يەنىمۇ ئەتراپلىقراق تونۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتى.

بىز كىتابخانىلارنىڭ ئارزۇسىنى كۆزدە تۇتۇپ ھاجى ئەخمەت، تۇرسۇن زېرىدىن، تۇرسۇن نىياز قاتارلىق يولداشلار تۈزگەن «سامان يولى» ناملىق بۇ توپلامنى نەشرگە بەردۇق.

«سامان يولى» ناملىق بۇ توپلامدا 1930- يىلدىن 1983- يىلغىچە شىنجاڭدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ بەختكە قارشى ۋاپات بولغان 27 شائىرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە توپلامغا ئۇلارنىڭ بىر قىسىم نەمۇنىلىك ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن. توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ھېسسىياتىنىڭ قويۇقلۇقى، تىلىنىڭ يارقىنلىقى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ.

بۇ توپلام ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

## مۇندەرىجە


سابىت ھاجى ...... 1
غەزەللەر ...... 3
مەسنەۋىيلەر ...... 5
تۇراخۇن توختى ...... 10
شاھزادىنىڭ كۆلكىسى ...... 12
بۇلبۇل ئىشقى ...... 19
ھەسرەت ناخشىسى ...... 20
ھاپىز ھاجى ...... 22
ئىككىمىز ...... 23
تەنھا ...... 23
پەيدا ...... 25
بولدى ...... 26
ھەمرا بارات (كاتىپى) ...... 31
شېئىرلار ...... 33
قۇتلۇق شەۋقى ...... 44
قەشقەر ...... 46
ئويغاندى ...... 46
پارچە ...... 47
ئانا تىل ...... 47
غەزەل ...... 48
مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاپاتىغا مەرسىيە ...... 49
قارى بائىز تۇردى ...... 51

پۇل ..................... 53
ئېشەك ھەققىدە ..................... 53
قارلىق ..................... 54
ھەزىل ..................... 55
رۇبائىيلار ..................... 56
مۇئەمما (تېپىشماق) لار ..................... 57
**ناسۇھا ئىمىن** ..................... 60
شېئىرلار ..................... 66
**موللا داۋۇت** ..................... 72
غەزەل ئاشىقانە ..................... 74
غەزەل دىگىر ..................... 76
ھىجرىڭدە كۆيدۈم ..................... 78
مۇخەممەس ..................... 78
مۇرەببە ..................... 79
كەلدىمۇ ..................... 80
سېغىندىم ..................... 81
كېلۇر ..................... 82
غەزەل ..................... 83
**ئارۇپ قاسىمى** ..................... 84
چۇلۇقاي ..................... 86
پەلەكنىڭ گەردىشى ..................... 87
ئاقچە ..................... 90
ئوقۇك ..................... 92
مەكتەپ ..................... 93
ئوغۇل بولساڭ ئاتاڭغا ..................... 94
ياشلىقىم ئۆتكەندە ..................... 96
مۇخەممەس ..................... 97



بەش نەرسە ..................... 99
مەشرەپ ..................... 99
تۈلكە بىلەن قاغا (مەسەل) ..................... 101
**نىياز باقى** ..................... 102
ئاھ بالام ..................... 104
تەپەككۇر قىل ..................... 106
ئۆلۈم ..................... 107
كاككۇك ..................... 107
نىتەي ..................... 109
ئەپلىسۇن ..................... 110
نېمىشقا ..................... 112
يوق ..................... 112
**ئىمىر ھۆسەين قازى ھاجىم** ..................... 114
غەزەللەر ..................... 116
مۇبارەك ..................... 132
پەرزەنتى ئەۋلادىمغا ۋەسىيەت ..................... 133
پەرزەنتىمگە سالام ..................... 136
**تەۋپىق** ..................... 138
ئوقۇدى، ئاشتى ..................... 140
ۋەتەن ئۈچۈن ..................... 140
بىز مۇئەللىم ..................... 141
قۇتۇلۇش يولىدا ..................... 142
مۇبارەك ۋەتەن ..................... 142
ئويغان خەلق ..................... 143
قۇتۇلدۇق ..................... 143
بىز— ۋەتەن ياشلىرى ..................... 144
ئەي ئانا يەر! ..................... 144

ئىرپان كۆنلىرى ............ 145
بورادەرلەر ............ 145
ئالتۇن ئۆلكە ............ 146
قۇياش تۇغقاندا ............ 146
ئىزچىلار ............ 146
مەكتەپ ............ 147
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ ............ 148
تەنقىد ............ 149
تۇرمە خاتىرىلىرى ............ 149
تېيىپزات تاھىرى ............ 151
ئۇيال ............ 160
ئاڭلا مەندىن نەچچە سۆز ............ 161
ئىنقىلابقا بېغىشلاپ ............ 162
ئەھمىدى ............ 164
غەزەللەر ............ 166
مۇخەممەسلەر ............ 175
مۇھەممەت پەيزى مەخسۇم ............ 179
ئىلىم ھەققىدە ............ 181
ئۆز ھالىمغا نەزەر ............ 182
ساقىنامە ............ 182
«زۆرۆر ئەقىدىلەر گۆھىرى» گە يېزىلغان خاتىمىدىن 183
موللا ھوشۇر خەلپەت ............ 185
قاملاشمىدى ............ 187
بىر تالپىقا ............ 190
ھەزەر ئەيلەك خالايىق ............ 191
كۆلەي ............ 195



خېلىل ساتتارى ............ 197
كۆردۇڭلارمۇ ............ 202
قاچان تېگەر ............ 202
كەتمىگىن ياز ............ 203
تەكەببۇر ............ 204
بولمىسا ............ 205
ئاتا ـ ئانا ............ 207
ھەدە ............ 207
گۈلىستان ............ 209
دەردمەن تىلىكى ............ 209
ئەمەت پولات ............ 211
ئالدىغا ............ 213
پارتىيىگە ............ 214
ئەي گۈزەل دېھقان قىزى ............ 214
يار يېنىمدا بولغاندا ............ 215
چىرايلىق ............ 216
يېڭى يىل بەزمىسى ............ 217
ئىمىر ھېزىم ............ 218
ۋەتەن مېھرى ............ 219
كۆرگىلى كەلدىم ............ 220
ئىپتىخاردىم بار ............ 221
بولسا ............ 224
تۇيۇقلار ............ 225
ئاۋۇت ئوسمان ............ 229
باھار ئىشقى ............ 230
ياشلارغا ............ 230
بولمىسا ............ 231

ۋەتەنگە مەدھىيە ........ 232
دولان مەشرىپى ........ 232
بىزارمەن مۇنداق سۆيگۈدىن ........ 234
بەتنىيەتنى ئادەم دېمە ........ 235
گۈللە دولان دىيارى ........ 236
رۇبائىي ۋە پارچىلار ........ 237
**مەتىمىن پازىل** ........ 239
مۇھەببەت ........ 240
رەنجىش ........ 241
جاۋاب ........ 241
گۈل لېرىكىلىرى ........ 242
چۈشەنگەنسەن ........ 242
**تۇردى ئەزىزى** ........ 244
ھەۋەسىم ........ 246
مەكتەپ ........ 246
باغۋەن بىلەن ........ 248
ياسانچۇققا ........ 248
شىپا تاپ ئىنىم ........ 249
ئەزىز ئانا ........ 251
شۇندىن بۇيان ........ 253
سايرا گىتارىم ........ 253
كۆلۈپ كەتتى گۈزەل قورغاس ........ 254
باھار كەلدى ........ 255
يول بىرەي ........ 256
پىراقىم ........ 257




يېڭى يىل چېچەكلىرىگە ........ 257
ئوغلۇمغا ........ 258
**ئىسھاق ياقۇپى** ........ 259
سېغىنىدىم ........ 261
ۋەتەن ئانا ........ 262
شادلىق ........ 263
جاۋاب ........ 264
**ھېبىبۇللا روزى** ........ 266
ئوغلۇمغا ........ 267
بۇلبۇلۇم ........ 268
گۈزەل ئاقسۇ ........ 269
پەن ئۈچۈن ........ 271
بىر گۈل ئەمەسمۇ ........ 272
باھارىم ........ 272
گېئولوگ يىگىتكە ........ 273
ئىشچان بولۇپ ........ 273
ئۇستازىمغا ........ 274
**شاكىرجان مۇسا** ........ 275
ياز كېچىسى ........ 277
رەسىم سىزغاندا ........ 277
سېنى دەيمەن ........ 278
يېزام كۈلگەن زاماندىن ........ 279
گۈل - چىمەن ........ 280
يېزىمىزنىڭ قىزلىرى ........ 281
چېچەكلار زۇلۇمنىڭ كىشەنلىرىنى ........ 282
رۇبائىيلار ........ 283
**ئابدۇغېنى غازى** ........ 284

تىرىشىپ ئوقۇيمىز ........................ 286
قىزچاق كۆتەر، ئەمما ........................ 286
«مەن دېھقان» ........................ 287
تەلكە ........................ 288
مەكتىپىم ئادام ........................ 289
سېغىنىش ........................ 290
ئارزۇ ........................ 291
رازىمەن ........................ 292
سىرداش ........................ 292
قىزىمغا ........................ 293
يارىمغا ........................ 293
ئېختىيار ئۆزۈڭدە ........................ 294
پارچىلار ........................ 294
مۇختەر ياقۇپ ........................ 296
ئىجاد كۆلىدە ........................ 297
يۇرتۇم ........................ 298
ئاپئېقىم ........................ 299
ئەسسالام ........................ 299
مەكتىپىم ........................ 300
مۇئەللىمگە ........................ 301
قارارىم بار ........................ 302
گۈل تاقار بولدۇم ........................ 303
ياز كېلىپ ........................ 304
قوشماق يۈرەك ........................ 304
ۋەتەن ........................ 305
تۇيۇقلار ........................ 306




## سابىت ھاجى

(1934 — 1859)

سابىت ھاجى 1859 - يىل ئاقسۇنىڭ كۇچا ناھىيىسىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1867 - يىللىرى بەدۆلەت كۇچا خەلقىنىڭ قارشىلىقلىرىنى قانلىق باستۇرغان يېغىلىق سەۋەبىدىن ئاتا-ئانىسى بىلەن بىرلىكتە ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ياڭئېرىق يېزىسى، تۈگمەنبېشى كەنتىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە 75 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 1934 - يىل ۋاپات بولغان.

سابىت ھاجى دەسلەپ ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپ، كېيىن ئاقسۇ كونىشەھەردە ۋە قەشقەردىكى خانلىق مەدرىستە ئوقۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئۆگەنگەندىن تاشقىرى، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى، ئەدەبىيات، تارىخ ۋە تىبابەت ئىلمى ساھەسىدە تىرىشىپ بىلىم تەھسىل قىلغان، بولۇپمۇ ئۆز ئۆمرىدىكى 3 - قېتىملىق ھەج سەپىرى جەريانىدا كاراچى، بومباي، دېھلى، مەككە، مەدىنە، دەمەشىق، ئىستانبۇل، بۇخارا، تاشكەنت قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنى ساياھەت قىلىپ، بۇ جايلاردىكى جاھانگىرلىككە، فېئودال مۇستەبىتچىلىككە قارشى كۆتۈرۈلگەن مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۆز خەلقىگە ئىلىم-مەدەنىيەت تارقىتىش ئىستىكى بىلەن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. لېكىن ئىلغار پىكىرلىك بۇ شائىرنىڭ پائالىيەتلىرى فېئودال قارا

كۆچلەرنىڭ جاھىلانە قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن، چەتكە قېقىلىپ، ئائىلىسىدە پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش، ساز چېلىش، شېئىر يېزىش ۋە تىبابەتچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

سابىت ھاجى ئۆز ئۆمرىدە ناۋايى، فۇزۇلى، ھۇۋەيدا، مەشرەپ قاتارلىق كلاسسىك شائىرلارنى ئۈلگە قىلىپ، شېئىردى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، ئىلىم-مەدەنىيەتنى تەرغىپ قىلىش، نادانلىق ۋە جاھالەتكە قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان ھەر خىل تېمىدىكى نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان بولسىمۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا كۆرۈش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولۇشتەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شېئىرلىرىنى رەت-تەپ-توپلاشقا ئۈلگۈرەلمىگەچكە، يوقىلىپ كەتكەن. بۇ توپلامغا شائىرنىڭ ئەما بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئاغزاكى ئېيتىپ بېرىشى بىلەن كىشىلەر قولىدا خاتىرىلىنىپ قالغان بىر قىسىم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى. بۇ شېئىرلار تۇنجى قېتىم يولداش ياسىن تاھىر تەرىپىدىن تەييارلىنىپ «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىنغان.



## غەزەللەر

### 1

ئەتىياز بولدى باھار دەرد ئەھلىگە گىرىيان① كېرەك،
ئاھ چەكمەك، نالە قىلماق كۆز يېشى ئەپغان② كېرەك.
ھەر دەرەخ-ياپراق چىقارسا بەرگىلەر ئۆزرە چېچەك،
نەچچە تۈرلۈك جانىۋار بۇلبۇل كەبى داستان كېرەك.
يىگىت ئۆسكەن ياش يىگىتلەر كۆڭلىدە يۈزمىڭ ھەۋەس،
ياز ئەييامىدا تەمبۇر، داپ ئىلە بوستان كېرەك،
بولسا ھەر يەكشەنبە سەھەر ئۆز ۋاقتىدا چىقسا ئەگەر،
قورسىقىنى تويغۇزۇپ شۈكۈر سانا ئېيتماق كېرەك.
ھەقتا ئالا يازدا بەرگەن نېمىتى ھەددىن پوزۇن،
قەدرىنى بىلمەككە ھەر دەم ئەقلى بار رەنا كېرەك.
ئەمدى ھەقتىن زەررە چىقماي شەرئىنى مەھكەم تۇتۇپ،
ئارام ئالماي كېچە-كۈندۈز پارسا بولماق كېرەك.
بەندىلەر ھەر رەڭ تىجارەتلەر قىلۇر ھەر تۈگرىدىن،
مۇھتەكىر بىرلە رىيادىن ئېھتىيات ئەتمەك كېرەك.
چۈن ئاتا بىرلە ئانا ئۆلگەن مۇسىبەت ئەھلىگە،
ئايەتى قۇرئان ئوقۇپ نەزرى نىياز قىلماق كېرەك.
چۈن پەقىر بىرلە غېنىنىڭ پەرقى يوقتۇر ياز كۈنى،
كۆڭلىكى ئاق بولسا چاناس، بىر ئۈزۈن يەكتەك كېرەك.
ئول خۇداۋەندە كېرىم بەرسە ئوغۇل-قىز بارچىگە،
ئوقۇتۇپ موللا قىلىپ پەرزنى ئادا قىلماق كېرەك.

① گىرىيان-يىغلىماق؛ ② ئەپقان-پىغان، نالە پەرياد.

روزىدا نامازى تاراۋىھ ۋىترىنى ئەدا قىلىپ،
ئوقىبان كېچە نامازى ئىلتىجا قىلماق كېرەك.
ماھى زۇلھەججەنىڭ ئونى قۇربان نامازىنى ئۆتەپ،
زەبھى قىلماق ئەمدى ھەقتۇر بىر سېمىز قوشقار كېرەك.
ياز ئۆتۈپ بولغاندا كەلسە، غۇيغۇيەكنىڭ شامىلى،
كاڭ سىلىپ، ئوتۇن يىغىپ، كۆزلۈككە ئۇن تارتماق كېرەك.
كۆز ھاۋاسى تولا دىلكەش سوغ ئەمەس، ئىسسىق ئەمەس،
ھەر كىشى ئۆز ھالغا قىش جابدۇغىنى قىلماق كېرەك.
كەلسە ئەقرەپ شامىلى قار بىرلە يامغۇر ئارىلاش،
بايغا مەش، نامراتقا سەندەل لازىمىنى تاپماق كېرەك.
باي بولۇپ ئۆشرە-زاكات، خەيرى-ساخاۋەت قىلمىسا،
مۇنداغ ئادەملەرنى باھايىملەر سۈپەت بىلمەك كېرەك.
كىم پېقىرلىققا قانائەت سەبرىلە شۈكرە يىلىسە،
رىزقىنى ھەقتىن بىلىپ تەركى تەمە ئەتمەك كېرەك.
بەش نامازۇ روزىنى ئۆز ۋاقتىدا قىلسا ئادا،
ئۇ كىشىنى ئەھلى شەرئى مەردىھەق بىلمەك كېرەك.
ھەج پەرىز بولۇپ نېمىگە ئۆمرىدە بىر مەرتىبە،
چۈن پەقىر ھەججىلىما ساكىنىنى ئادا قىلماق كېرەك.
بەرسە توپىق بەندىگە، سالسا ھىدايەت نۇرىنى،
دىل بىلەن تەسدىق قىلىپ، ئىقرار زابان قىلماق كېرەك.

2

خۇدايا ئۆتتى ئۆمرۈم نازۇ نېمەت، ئەيشى راھەتتە،
ئىبادەتكە شۇغۇل قىلماي ئۆتۈپمەن خايى غەپلەتتە.
ئۆمۈر بىھۇدە زايا بولدى پەرزەندىنىڭ غېمى بىرلەن،
ۋە قالدىم ئۆز غېمىم بىرلە چىقار جان قايسى ھالەتتە،



ئۆزۈم مەن ئەھلى شەرئى دەپ نامازىمنى قىلىپ تەقلىد،
نامازىم بولمىسا مەقبۇل، نېچۈك قىلغۇم قىيامەتتە.
قىلىپ كەددى يېمىن بىرلە ھالالدىن رىزقىنى ئىزدەپ،
ئەمەل تۇتماي ئۆتۈپ كەتتىم ئېتىم ئىلگىركى ھالەتتە.
خۇداۋەندە بېرىپ تەۋپىق ھىدايەت نۇرىنى سالدى،
ۋە ئىقرا روزابان دىل بىرلە تەستىق قىلغان ھالەتتە.
مۇۋاپىق بولسا تۆت ئىشقا مۇسۇلمان بولغۇسى كامىل،
بۇنى بىلمەي مۇسۇلمان مەن دېسە بولماس شۇ ھالەتتە.
ئانانىڭ قارنىدا سەئىد شەقى دەپ ئات يېزىلمىشكىم،
بولۇپتۇر قايسى ئات تەيىن ئۆزى بىلمەس بۇ ھالەتتە.
سەئىد بەش ۋاخ نامازىنى ئوقۇپ كىم ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي،
ئۆتەر تەھجىد تاۋاپىل دائىما تەقۋائى تائەتتە.
شەقى بولسا بولۇر پاسىق، شەرىئەتنى قوبۇل قىلماس،
قىلۇر پىتنى-پاسات ئىشنى، ئۆتەر ئۆمرى زالالەتتە.
خۇداۋەندى ئاتا قىلدى قىرىق بىر قىز، ئوغۇل پەرزەنت،
يىگىرمە ئالتىسى ئۆلدى ھايات ئۇن بەش بۇ ھالەتتە،
ئۇلارنىڭ ئىككىسى تۇپلى، بىرى ئالتە، بىرى ئۈچ ياش،
ۋە قالغان ئون ئۈچى موللا ئوقۇپ قۇرئان ئۇ ھالەتتە.
خۇدايا بەرگەن نېمىتىڭگە يۈز تۈمەنىڭ شۈكۈر،
نامازىمغا بولۇپ قادىر، تېنىم ساقتۇر بۇ ھالەتتە.
ۋە ئۆز تەبىئىمچە قىلدىم ھاجى سابىت ئازغىنە نەزمى،
ۋە يەتمىش بەش ئىرۇر ياشىم، كۆزۈم ئەمما بۇ ھالەتتە.
بۇ تارىخ بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئەللىك ئالتەدۇر، يىلى مايمۇن،
ۋە شەئباننىڭ ئۈچى شەنبە، تامامدۇر ئەسرى ھالەتتە.

## مەسنەۋىيلەر

1

تۇغسا دۆلەت ئاپتابى جۇۋىچىنىڭ باشىغە،
ئىلتىجا ئەيلەپ خالايىق كۆندە كەلگەي قاشىغە.

بەزىسى تۇماققا ھاجەت، بەزىسىدۇر ئۆتۈك جۇۋا،
ئۆتۈك جۇۋا قىش كۈنى ئوبدان، ياز كۈنى پىتقا ئۇۋا،
يۈز كىشىگە ۋەدە قىلسا، بىرىنى ئاران تىكەر،
نەشە بىرلە ناسنى تارتىپ، ئۈستىگە ئەپيۈن چېكەر.
چۈن كارامەت ھەددىن ئاشسا باشى ئاسمانغا يېتەر،
ئۆيگە ئالىپ بارالماي بەزىلەر تېپىپ كېتەر.
مانجىنى بەرسەك قولۇمغا، تېرىنى نامغا سالاي،
بەزىسىگە سۈنى پۈركۈپ، بەزىسىنى تىلدا يالاي.
مىكرە ئىلە پۈلنى ئېلىپ، قىلماس مۇڭا ھەرگىز ھۈنەر،
جۇۋىنى تىكتۈرەلمەي كېچىسى ئوبدان تۈنەر.
ئەسسالام دېسە خالايىق بوينىنى ئەگمەس ئەگەر،
بىر سالام قىلغان خالايىق ئۆمرىدە قىلماس مەگەر.
قىش تامام بولسا خالايىق ئۈستىدىن ئۈمىد ئۈزەر،
ھەممىگە قىلسا خۇشامەت، ئۈستىغا قىلماس نەزەر.
قىش كۈنى ئىززەت ۋە ئىقبال جۇۋىچىغا باقىدۇر،
ياز كۈنى يوق ئەتىبارى خالىدا پىت باقىدۇر.
ياز ئۆتۈپ كەتسە خىجالەت جۇۋىچى ساھىب كامال،
جۇۋا تىكمەي مانجا ئېلىپ قوگىدىن چىقتى شامال.
قىشتىن ئاشقان تېرىلەرنى يىغىۋالدى ئۆيىگە،
ھەر كۈنى ئاپتاپقا سېلىپ بىرنى بەرمەي كۈيىگە.
ئۆشبۇ ناخىل تېرىلەرنى قىلدىلەر ھەر خىل ھۈنەر،
بۇ ھۈنەردىن كىيسە ھەر كىم جۇۋىغا ئوبدان كۆنەر.
جۇۋىسى پۈتكەندە لازىم چالا ئاشنى ساۋىماق،
توپىنىڭ ئاچچىقلىقىدا ئۆرتىنىپ كەتكەي دىماق.
مېڭدىن كەلگەن روتوبەت ماڭا بىلەن ئېلىشۇر،
بۇرنىدىن چىقسا ئۈزۈلۈپ، ھەممە خەقلەر كۈلۈشۇر.
دىمىقىدىن تۆشۈكى بىر تۆۋىنى ئىككى ئاچماق،



ئاغزىغا كەلسە روتوبەت، كارغا كەلمەس تىل ـ تاماق.
مېڭىدىن كەلگەن ئالامەت كۈندۈزى ھەم كېچىدە،
ھەر نەپەستە تارتسا ئۇن بەش توختىتالماس ئىچىدە.
مىشقىرىپ ئاتقىن دېسەم، مىشقىرمىدى بولدى خاپا،
بىر ئېغىز گەپ بىرلە تۇردۇم قىلمىدىم ھەرگىز تاپا.
بۇرنىغا پاتماي روتوبەت ئاغزىغا تارتىپ كېتۇر،
ئاغزىغا ھەم سىغدۇرالماي، نائىلاج يۇتۇپ كېتۇر.
بۇ سۈپەت بولغان ئالامەت ھېچ بىلىنمەس ئۆزىگە،
يوشۇرۇپ يۈرگەن بىلەن ئاخىرى كۆرۈنگەي كۆزىگە.
نەزلى زەردابى سېرىق شۇ ماڭا كۆپ تەشۋىش ئېتەر،
توپۇپ كەتسە تائامغا يېگىنى يېنىپ كېتەر.
ئۆشبۇ ئىشلار تولا ئېيىپتۇر ئادەمگە يۇرتىدا،
كونىسى قېتىپ ساقالدا، يېڭىسى بۇرۇتىدا.

2

بۇ تارىخنىكىم قىلىپ مەن ھېساب،
مۇنى توختىپ ئەيلىدىم ئېھتاپ.
ئۆتۈپ بىر مىڭ ئۈچ يۈز يىگىرمە ئىككى يىل،
تاۋۇشقان يىلى ماھى شەبئىرانىنى بىل.
بۇ مەرقەدگە بۇ يىل قويدۇم قەدەم،
مۇڭا سەيئى ئېتىپ ئىشلىدىم دەمبەدەم.
كېلىپمەن جاھانغا كۆرۈپمەن ئۆمۈر،
ساڭا ئەجەل يەتسە، يەرگە كۆمۈر.
يېرىمدىن قىلىپ مەقبىرى زارلىق،
زېھنى مۇشتەرەكتىن يېتەر خارلىق.
ھاياتلىقتا قەبرىمنى تەئمىر ئېتىپ،

ئۇنۇتماي ئۆلۈمنى داۋام ياد ئېتىپ.
قىلىپ ئىرجىئى ئەمرىنى ئىستىما،
روجۇغ ئەتسە ئالەمگە ئەيلەپ ۋىدا.
نامازىم ئۆتۈپ دەپنە قىلغان كېچە،
كىشى قىلسا ئىنساپ تۇر بىر كېچە.
كېلىپ تەھلىگە يىغىلىپ خاسى ئام،
ھېساب تاشدا تەھلىل قىلسا تاھام.
كى تەسبىھ بىلەن ئازغىنا تەھلىل ئوتۇر،
بىر خىل بىرلە ھورۇنغا كۆپ خوش ياتۇر.
ئەدەت بىرلە بىر-بىر ئوتولسا ھېساب،
ئىگەم رەھىم ئېتىپ كۆتۈرۈلگەي ئازاب.
ئەگەر يازدا يامغۇر ۋە گەر قىشتا قار،
بۇ كەلگەن كىشىلەر بولۇر ئۆيگە زار.
تېپىپ تامچىنى سالىبان ئۇشبۇ ھال،
ئېغىزدىن نېمە چىقسا، چىققاننى ئال.
ماڭا تام سالۇرنى جاھانغا يېيىپ،
كىشىنىڭ سۆزى بىرلە كەتتى تېيىپ.
ئەگەر تامچىلىق قىلساڭ ھاجىمغا سەن،
خوتۇن ئۈستىدە قىلدۇرۇبدۇر قەسەم.
مۇڭا تامچى تاپماي قىلدىم يانا،
قولۇم بىرلە قىلدىم مۇسەممىن بىنا.
تېشى پىلتۇۋەنلىك، تۆۋىدە گىرە،
تېگى ئىككى ئىشىككىم، بىرى پەنجىرە.
قىلىپ گەنجى سىرنى باشقا بىر كىشى،
ئۆزى كەلدى زەۋق بىر پۇلنىڭ ئىشى.
تېگى سەككىز بۇرجەك تېشىمدۇر چىنى،
كىشى قىلسا سۆز پاڭغا بەرگەي ئۈنى.



بۇ ئۆيدە كىشى قىلسا ھەردەم نادا،
مۇڭا كەلگۈسىدۇر نادىغا سادا.
بۇ سەر خاڭغا دىۋار ئەتتىم ھۇدۇد،
ۋە ھەر بىرىگە نامى تاپتى ۋۇجۇد.
بۇ مەغرىبكە مېھراب پەشەيۋان يېيىپ،
تۇمۇز، ياز كۈندە راھەت تېپىپ.
شىمال بىلەن مەشرىقتە قىلىپ ھەدىرە،
تېگى تام ئۇنىڭ، ئۈستىدۇر كۈنگىرە.
بۇ جەنۇبقا مەسچىت قىلدىم بىنا،
ئىشىك ئورنىتىپ، بەزىسىدۇر شادا.
بۇ ئىشلارنى قىلماق ماڭا مۇددىئا،
كىشى كەلسە مۇندا ئۈمىدىم دۇئا.
مەن ئەتسەم ئەگەر ئۆمرلەر خەيرىباد،
ئۈمىد ئولكى قالغاي دۇئا بىرلە ياد.
ئىلاھا ئاتا قىل سۆزۈمگە ئەسەر،
بېرىپ ھۆسنى تەقدىر ئىلە زىپ پەر.
كىشى قىلسىلەرگەر دۇئا بىرلە ياد،
نىتاڭ يەتكەيمۇ تىن ئىشىمگە كۆشاد.
ئەجەل يەتسە گەر، بولسا ئۆمرۈم تامام،
ئۈمىدىم قىيامەتتە دارىسسالام.

## تۇراخۇن توختى

(1863 — 1986)

توختى سەيپىدىن بۇزرۇكىۋار ئوغلى تۇراخۇن 1863 ـ
يىل 7 ـ ئايدا قەشقەر ئاپپاق خوجا چوڭ كۆلبېشى مەھەللى ـ
سىدىكى بىر كەمبەغەل تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەل ـ
گەن. ئۇ بالىلىق دەۋرىنى ئۆز مەھەللىسىدىكى دىنىي مەك ـ
تەپلەردە ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن. كېيىن ئۇنىڭ ئاتىسى
توختى سەيپىدىن بۇزرۇكۋار قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ
ياپچان يېزا دۆڭئېرىق مەھەللىسىدە تۇرمۇش، تىجارەت يولى
بىلەن ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. تۇراخۇن ئەنە شۇ دەۋرلەردە
بىلىم ئىگىلىرىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قەشقەردىكى خانلىق
مەدرىسگە كىرىپ، ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ نا ـ
دىر ئۆلگىلىرى بىلەن تونۇشۇش جەريانىدا شېئىرىيەتكە قىز ـ
غىن مۇھەببەت باغلايدۇ ۋە قولىغا قەلەم ئېلىپ يېزىشقا
كىرىشىدۇ. ئۇنىڭ مۇستەبىت چىرىك تۈزۈم ئۈستىدىن شىكا ـ
يەت قىلىدىغان «بەگ ھويلىسىدا»، «ئىت قاۋايدۇ» قاتارلىق
شېئىرلىرى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىش بىلەن بەلگىلىك
تەسىر قوزغايدۇ.
شائىر ئازادلىقتىن كېيىن يېڭى تۇرمۇشنى مەدھىيىلەيدى ـ



غان بىر قىسىم شېئىرلارنى يازغان بولسىمۇ، «مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابى» يىللىرىدا ئۇنىڭ قول يازمىلىرى بۇلاڭ ـ تالاڭ قى ـ
لىنىپ، «ئىسيانچىلار» تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ. ئۇ
1986 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى 117 يېشىدا ۋاپات بولدى.
تۇراخۇن توختىنىڭ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلى ـ
رى شائىرنىڭ ئوغلى مۇھەممەت تۇراپ تەرىپىدىن رەتلەنگەن
ئاتىسىنىڭ قول يازمىلىرى ئىچىدىن تاللىۋېلىندى.

## شاھزادىنىڭ كۈلكىسى

ئۆتكەن قەدىم زاماندا، يىراق خىلۋەت ماكاندا،
بىر پادىشاھ بار ئىكەن، ئاڭا خۇشلۇق يار ئىكەن.
شاھنىڭ بىسات بايلىقى، كەڭرى زېمىن يايلىقى،
مىڭ - مىڭ چارۋا - ئات، كالا - تۆگىلىرى نار ئىكەن.
شاھنىڭ ھۆكۈمدارلىقى دەھشەت زۇلۇم يارلىقى،
ھېچ ئامانلىق بەرمىگەچ پۇقرالىرى خار ئىكەن.
پەخىرلىنىپ بەختىدىن، تاجۇ دۆلەت تەختىدىن،
سەيلىگاھى گۈزەلباغ، شىكار گاھى تاغ ئىكەن.
ئاي، يىل ئۆتۈپ شاھ ئۆمرى پۇلاشقىچە گۈل سەۋرى،
غاپىللىقى دەردىدىن قەلبى ئاتەش نار ئىكەن.

دەپتۇ سۇلتان ھاياتىم يەتمىش ياشتىن ھالقىپتۇ،
كەردىم ئاللا ھەممىنى يوقتىن ماڭا بار قىپتۇ.
بىر ئارزۇمغا داغ قىپتۇ، بى پەرزەنتلىك چاغ قىپتۇ.
ئىلتىپاتسىز بەختىمگە نەزەرىنى تار قىتىپتۇ.
مەگەر ئۆتسەم ئالەمدىن، ئىززىم ئۆچسە خانەمدىن،
ئاخىرەتلىك نامىمنى روھى گادا خار قىپتۇ.
ۋاھ ھەسرىتا نادامەت، بولسا بىر كۈن قىيامەت،
نېچۈك بولغاي ئەھۋالىم، ماڭا نومۇس ئار قىپتۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆز دىيارى ئېلىدە،
شاھ يۇرت كېزىپ بىر بوستان مەنزىلگاھقا چۈشۈپتۇ.
سەگىپ بىردەم بەھۇزۇر، «ئەجەب جايكەنغۇ پۇزۇر،



بارىكاللا ئەجرىڭگە» دەپ بىر سۆزنى قوشۇپتۇ.
شۇ ئەسنادا بىر كىشى، قىلىپ ئورمان پەرۋىشى،
شاھ كۆزىگە چېلىقىپ بىرئاز قەرنە ئۆتۈپتۇ.
لاتا يۆگەپ جىرىمگە — «زەخمەت يەتمەس تېنىمگە»
دېگىمدەكمىش، پەپىلەپ قايتا سىلاپ تۇتۇپتۇ.
ھەيرانلىقتىن شاھ شۇ دەم — «كەل بۇ ياققا ھوي ئادەم...!» —
چاقىرغىچە دېھقانىمۇ كۆڭلىگە سۆز پۈكۈپتۇ.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دەپتۇ دېھقان پۈكلىنىپ،
— ئەمىرلىرى نېمىكىن؟ شاھ كۆڭلىنى ئۆتۈپتۇ.
— سەندىن بىر سۆز سورايمەن، راست ئېيتساڭ ئۇنايمەن،
قىلغانلىرىڭ نېمە ئىش؟ دەپ قولىنى نوقۇپتۇ.
— ئېيتاي ماقۇل، خۇش تەخسىر، ئىشىمدا يوق يوچۇن سىر،
بۇيرۇمايلا ئەيىبكە، — دەپ ئاخىرى سۆز قوشۇپتۇ.
— ئېيت سۆزۈڭنى، كەچۈردۈم، دەپتۇ شاھمۇ تۇرۇپ جىم،
نېمە دەركىن دەپ تەمە ئوي - خىيالغا چۆكۈپتۇ.

— ھەر كىشىكىم ياشلىقتا پەرزەنت يۈزى كۆرمىسە،
قېرىغاندا خار بولۇر، دېگەن گەپ بار ئۆلمىسە.
ئورمان سېلىپ باغ قىلىپ، ئەجرى - مېھنەت، تەر تۆكمەي،
ئۆتكەنلەرنى ئەر دېمە، ئۇنى جاندىن سۆيمىسە.
يەنە بىرى شۇ بولۇر، ئىلىمسىز ئەر يەر بولۇر،
جاۋابىم شۇ، قەدرىنى ھاياتلىقتا بىلمىسە.

— رەھمەت ساڭا ئەزىمەت، سەندە كۆپكەن پەزىلەت، —
دەپتۇ سۇلتان، ئۆزگىچە تېپىپ يېڭى نەسىھەت.
جۈنەپتۇ - دە يولىغا، قايتىپ كېلىپ ئوردىغا،
ۋەزىرلەرنى جەم قىلىپ باشلاپتۇ سۆز - تەرىقەت.

— كۆرمەپتىمەن شۇنچە پەرزەنت يۈزى قىرىققىچە،
ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار، ئەھلى ئەھكام شەرىئەت، —
بايان قىلىپ ئىلتىجا، سۆزلەپتۇ شاھ كۆپ رىجا،
يەتمەك ئۈچۈن مىرادقا پۈكۈپ دىلغا غەزىلەت.

دەپتۇ شۇ چاغ بىر ۋەزىر: «شاھىنشاھىم رۇخسەتمۇ؟
بۇيرۇمايلا ئەيىبكە، كەلمەس جازا - كۈلپەتمۇ؟
ئەلنىڭ ھالى خارابتۇر، باغرى يارا، كاۋاپتۇر،
خانلىق ئىشى بەرمەككە كەپتۇ دەل پەيت - پۇرسەتمۇ.
ئەل رىزادۇر ھەق رىزا، ئەلدىن يوقالسا نىزا،
يېتەر كۈتكەن مەقسەتتىن ئارتۇق بايلىق - نۇسرەتمۇ.

ھەق يارەپ، — دەپ قوبۇللۇق قىپتۇ سۇلتان باشقىچە،
كاتتا نەزرە بەرمەككە راسلىنىپ تاڭ ئاتقىچە،
يەتتە ئىقلىم ئەھلىنى تەكلىپ قىپتۇ بارىنى،
بۆشۈكتىكى بوۋاقتىن تاكى يەتمىش ياشقىچە.
باشلىنىپتۇ زىياپەت، دۇئا - تەكبىر - مۇناجەت،
ھەممە دىلشات بەزمىدىن بولۇشۇپ كۈن پاتقىچە.
شاھ قەسەمىيات ئەيلەپتۇ، ئەس - ھوشىنى بىلمەپتۇ،
ئەدلى - ئادىل سوراشقا ئەلنى روناق تاپقىچە.
ئەلدە خۇشلۇق باشلىنىپ، سولغۇن دىللار ياشلىنىپ،
ئاسايىشلىق تەقدىردىن چۆلدە ئوت - خەس - تاشقىچە.

بەش ئاي ئۆتۈپ ئارىدىن، نەزرە بەرگەن قارارىدىن،
شاھنىڭ كۆڭلى ئىمىنلىق تېپىپ ۋەھشەت - بالادىن.
ئوتتۇرانچى ئايالى بوپتۇ ئېغىر ئۇستىخان،
مۇناجىئات ئىجابەت بولۇپ ئەھلى سالادىن.



— ئىلتىپاتتىن كەرىمىم، — دەپتۇ سۇلتان دۇئادا، —
يىلتىزىمنى كۆكلەتكىن، ساقلاپ ئاپەت - بالادىن.
ۋاقتى يېتىپ خانىشنىڭ كۆز يورۇپتۇ سالامەت،
ئوغۇل ئىكەن پەرزەنتى ماختانغۇدەك ئالامەت.
شاھنىڭ جېنى شۇ مەھەل تېرىسىگە سىغماپتۇ،
مۇبارەكلەپ يۇرت - يۇرتتىن كەپتۇ كۆپ ئەل جامائەت.
قۇرئى سېلىپ پالچىلار شاھزادىنىڭ بەختىگە،
مىڭبىر سۈپەت ئىچىدىن ئات قويۇپتۇ «سائادەت».
كۈنلەر ئۆتۈپ، ھەپتىلەر ئاي يىللارنى كۈتۈپتۇ،
شاھزادىنىڭ يېشىمۇ دەل سەككىزگە يېتىپتۇ.
تەرىپىگە تىل گادا، يەتمەس ئىكەن سۆز كانى،
تاڭدا چولپان، تۈندە ئاي نۇر جۇلاسى تۆكۈپتۇ.
— ئەيىيۇھانناس، ئادەمزاتى بۇنداق بولارمۇ؟ —
دەپ كۈندەشلەر ھەسەتتىن خوناپ - زەرداب يۇتۇپتۇ.

شۇ چاغدا شاھ دېھقانىنىڭ نەسىھىتىن ياتقا ئېلىپ،
شاھزادىنى تالانتلىق بىر ئۇستازغا تۇتۇپتۇ.
ئاز كۈن ئۆتۈپ شاھزادە ئىلمۇ - ھال ۋە ئىلمۇ - قال،
شارابىدىن زىيادە قانماي - قانماي ئىچىپتۇ.
ئەقلى ئىدراك بابىدا يوق قانائەت راغىدا،
ئۇستازىمۇ كۈتاھلىق ھالدا بېشى قېتىپتۇ.
ئىلمىي نۇجۇم ھەم تەپسىر، تەسنىم ئىجاد كىتابى،
شەۋقى مەنە پەزلىدىن سەلدەك يامراپ تېشىپتۇ.
ۋاقتى قىممەت ئالتۇندىن پارلاپ تەپتى يالقۇندىن،
سائادەتنىڭ يېشى ھەم ئون بەشلەرگە يېتىپتۇ.
ئەپسۇس ئەجەب شاھزادە كۆڭلىدە بىر يوچۇن سىر،
بۇ ئەھۋالدىن پادىشاھ يەنە غەمگە پېتىپتۇ.

تۇغۇلۇپ ئۇ ئانىدىن خۇشلۇق، ھەسرەت بانىدىن،
شۇ چاقىچە بىر مەررە كۈلمەي ئۆمرى ئۆتۈپتۇ.
سۇلتان كۆڭلى پەرىشان، يەتتە ئىقلىم دۇرەخشان،
ئەھلىدىن كۆپ سەۋەبلىك دەۋا ئىزدەپ بېقىپتۇ.
خامۇشلۇقى پەرزەنتىنىڭ شاھنى ھەمدە خانىشنى
تەئەججۇپكە سالغاچقا، كۆز قاراغى ئېقىپتۇ.

شۇ سۈرەتلىك شاھ دىلى ھېچ ئامانلىق تاپماپتۇ،
خاكى ياخشى-يامان سۆز قۇلىقىغا ياقماپتۇ.
تۇتۇق دىلى پەرىشان، غەمناك مىجەز، پەيلى يات،
سۆزى ھەيۋەت ئالدىدا گۇلدۇرماما چاقناپتۇ.
بولمىغۇدەك ئىجابەت، مەندە ناھال جىنايەت؟
يازۇل جالال ئەفرى قىل! — دەپ تېلمىنىپ ياتماپتۇ.
شاھنىڭ زەبۇن داغىغە، ئۆتكەن ئۆمرى چاغىغە،
ۋەزىر-ئەھكام ئۆلىما قايغۇرۇپتۇ، ئاقماپتۇ.
شۇ چاغدا شاھ پىتكۈل يۇرت ئەھلى-ئاۋام قەۋمىگە،
يارلىق جاكا قىلىپتۇ تاقىتى يوق سەبرىگە.
— ئەگەر كىمكى كۈلدۈرسە ئوغلۇمنى قاي يول بىلەن،
شاھلىقىمنىڭ يېرىمى شۇنىڭ بولسۇن ئەجرىگە.
باشلىنىپتۇ چوڭ پاراد، سوپى، ئىشان ھەم باخشى،
سازەندىلەر، غەممازلار كۆتۈرۈلۈپ ئەۋجىگە.
تۈلكىچى ھەم كۈلكىچى، ناز-كەرەشمە خۇلقىچى،
قىلىشىپتۇ ھەييارلىق ھۆسن قوشۇپ نەزمىگە.
تۇرغۇدەكمىش شاھزادە، نەدە كۈلسۇن، ئوپئوخشاش،
شېرىن خىيال ئەھلى يۇرت قىپتۇ پۇشمان بەدىلىگە.
كۆز يۈگۈرتۈپ باراتتى، شاھزادىگە قاراتتى،
بىر زاباناز رەمچى سۆز باشلاپ يالغان قەستىگە.



كۈلۈۋەتتى شاھزادە، ھەيرانە-ھەس بولدى ئەل،
تۇقۇپ پىتنە-يالغاننى ئۆتكەچ ئۇ دىلكەشتىگە.
ئۆتتى بىردەم ئارادىن، ئاجايىبات قارادىن،
قەھقەھ ئۇرۇپ شاھزادە كۈلدى قاراپ رەستىگە.
قايسى تائىپ ئەھلىدۇر شاھزادىنى كۈلدۈرگەن، —
ئەل ھەيرانە ئىدىلەر، — يەتتى كىم، دەپ، ۋەسلىگە.
شۇ ئەسنادا بىر ۋايىز باشلاپ خۇلقى كارامەت،
سۇلتانلىقىنىڭ ئىشقىنى پۈكتى خىيال نەپسىگە.
يىلان بىلەن دوستلاشقان سۆزلەر ئىدى ۋايىزمۇ،
«رام قىلدىم مەن يىلاننى...» دەيتتى ئادەم نەسلىگە.
شۇ سۆز بىلەن تەڭ يىلان نەشتەر ئۇردى ۋايىزغا،
كۈلدى يەنە شاھزادە ئۇنىڭ غاپىل پەسلىگە.
ھېچكىمەرسە شاھلىققا ئېرىشەلمەي كەچ كىردى،
ۋاراڭ-چۇرۇڭ سۆز بىلەن قايتىشتى ئۆي-ئەسلىگە.

كەچتە سۇلتان ئوردىدا ياقتى قەندەل چىراغنى،
چىللاپ شۇئان پەرزەنتى — كۈلگەن كۆزى بۇلاقنى.
ئېيتتى سۇلتان شادلىقتىن، ئول سائادەت ئاتلىقتىن،
— سۆزلەڭ جېنىم-جىگەرىم، كۆڭلۈڭدىكى بوداقنى.
شۇل ياشقىچە كۈلمەيسىز، بۈگۈن نېچۈن كۈلگەنسىز،
چاچقا قىلىپ چاچسىڭىز دىلىدىكى خۇش پۇراقنى؟
— سوراپ قاللا جان ئاتا، كۈلگىنىمنىڭ سىرى بار،
ھاياتلىقتا ھەر ئىشنىڭ ئۇستازى بار، پىرى بار.
بى مەقسەتلىك ئەر ئۇچۇن ئالەم ئىشى بى راۋان،
شېرىن خىيال ئىچىدە يوشۇرۇنغان ھىيلە بار.
پاختەكمۇ گۆش، قۇچقاچمۇ دەپ يەۋېرىش نادانلىق،
نادانلىقنىڭ پەرىزات پەيلى-شەيتان جىنى بار.

ئىپتىدائىي كۆلگىنىم، مۇنداق ئىشنى بىلگىنىم:
يالغانچى ئول رەمبالنىڭ ئىشەنگۈدەك نېرى بار؟
ئۇ سۆزلىدى پىتنىنى تاپماق بولۇپ رىسقىنى،
ئۇنىڭ تۇرغان جايىدا ئىسكەندەرنىڭ مېلى بار.
ئىككىنچى رەت كۆلگىنىم تاشقا ئۇرۇپ گۆھەرنى،
ئۇچكە چاققان ئەخمەقنىڭ كېيىن كۆرەر كۈنى بار.
چىش ئەمەسمۇ ئىنسانغا لەزدىلىكنى بەرگۈچى،
جۇدالاشسا چىشىدىن يالماپ يۇتار تىلى بار.
ئاخىرقى رەت كۆلگىنىم ناجىنس بىلەن دوست بولغان،
ۋىدالاشتى ئۆمرىدىن نەدە ئۇنىڭ جېنى بار.

چۈشەنگەنسىز ئەي ئاتا، ھەربىر كۆلكەم شۇ بولۇر،
كىمكى نادان ھەم قارام، يىلتىزىدىن دەل قۇرۇر.
كەلدى ئىنسان دۇنياغا قايسى مەقسەت ئىش ئۈچۈن،
ھاياتلىقنىڭ قەدرىنى كىملەر بىلمەس، كىم تونۇر؟
مىسلى ئەدنان باغ بىنا قىلسا ھەر كىم ئەجرىدىن،
تاجۇ دۆۋلەت نە ھاجەت قەبرەڭگە ئەل گۈل قويۇر...

ئەھلى ئەركان، ۋەزىرا شاھزادىنىڭ ئەقلىگە،
تەھسىن ئىزھار ئەيلەپتۇ نەۋقىرانلىق ۋەقتىگە.
شاھ ئىستىپا بېرىپتۇ، ئىمتىيازدىن ئۆتۈنۈپ،
شاھزادىنىڭ خەيرلىك نىيەت، ئىقبال - بەختىگە.
يۇرتنى سوراپ سائادەت، تاپقاچ ئاۋام ئادالەت،
يوقاپ دىلىدىن جاراھەت ئېرىشىپتۇ ۋەختىگە.
يالغانچىلار، كاززاپلار پېتىپ لەھەت ئاستىغا،
گۇم بولۇپتۇ تەڭسىزلىك ئۇچراپ شاھنىڭ قەھرىگە.
ئاجىز پۇقرا قەد كېرىپ يۈكسىلىپتۇ گۈللەپتۇ،



ئەنجانلىق تىلەپتۇ شاھ ئۆمرى، تەن سەھتىگە.
ئۆتۈپتۇدەك ئەل ئىناق، بوپتۇ ئەل - يۇرت گۈلىستان،
ۋارىس بولۇپ سائادەت ئالتۇن قەسرى تەختىگە.

1922 - يىل جامالىدىن ئەۋۋەلنىڭ
13 - كۈنى، يېڭىشەھەر ياپچان

## بۇلبۇل ئىشقى

ئاھ بۇلبۇلۇم، ۋا ھەسرىتا، ھىجرىڭ ئۈچۈن ئارمانىمەن،
سۆزلەي ئۆزۈم، دەرۋىش تىلىم ئىشقىڭ ئۈچۈن كالامىمەن.
خۇن جىگەر لەختە كۆيەك بولغان چېغى، ھەسرەت دېغى،
سەن بىلەن تەڭ مەنمۇ بولدۇم مەجنۇن سۈپەت دىۋانىمەن.
ھەق سادايى نەزمەڭ - كۈيۈڭ گۈمبۈرلىدى ۋولقان بولۇپ،
ئۆرتىنىپ باغرىم كاۋاپ، زارىڭ ئۈچۈن چاك پارىمەن.
بىگۇمان تەرھى مۇراد بوستانىغا باسساڭ قەدەم،
تەرك خاپ بولدۇم جاھان ھەمراز ساڭا پەرۋانىمەن.
بۇ جاھان شۇنداق جاھان، نامەردكە خاس، مەردكە قەپەس،
بىئارام لال بولدى دىلكى ئەلغەرەز ھەيرانىمەن.
سەن سۈپەت بۇلبۇل ئۈچۈن ئىلھام بېغى كەزسەم مەگەر،
يوق ئىكەن ئەينەل يەقىن تەركىي جاھان يېگانىمەن.
يۈز مىڭ سۆزۈم بىر سۆزچە يوق ھالىڭغا ھېچ دال بولغۇدەك،
گەر خالىساڭ نىشانىغا ئات مەقسەت ئۈچۈن پەيكانىمەن.
دەل پەيتىدە ئىندەككە سال ھالى رەقىپ داغ بولمىسا،
لاچىن ئەمەس، پاختەك تۈگۈل ھۆپۈپ دېمە مىكيانىمەن.
باشلا غازات تارتىپ ساداق، مەن دەستىكى ھەمدەم ساڭا،
رازى - رىزا جەڭگاھ ئارا بولسام شېھىت قۇربانىمەن.

گەر قىلمىسام ناكار كۆزدىن، ئەپسانىنى زىرۇ - زەبەر،
لەۋزى يات دىل، قەلبىگە قويغىن ئاتاق مەككارىمەن.
«ئاھ! ۋاھ!» دېسەم بۇ كەم ئەمەس رەۋزى جازا مەھشەردىمۇ،
شەرمەندە نام - ئەھۋال بىلەن تۈزكور بولۇپ تۇرمامدىمەن.
قىل ئىشەنچ گاڭگۇڭ سۇپەت خەيمان قىلۇر زاتىڭ سېخى،
بۇلبۇل ئۈچۈن گۈلباغ ياساي مەڭگۈ بولۇپ دىلدارىمەن.
«مىللەت» دېدىڭ، «خەلقىم» دېدىڭ ھەربىر قەدەم،
ئۇرساڭ نەپەس،
كۆيدۈڭ ئەجەب كۆپ زارىقىپ ھالىڭ كۆرۈپ ئاۋارىمەن.
كىم يېتەرلەر ئارزۇ - ئارمان ۋەسلىگە، تاڭ پەسلىگە،
ئاقتۇرۇپ ئەجداد ئىزىدىن تاپمىدىم بەسيارىمەن.
كۆكتە سەزگەنلەر ئۆزىنى دىلپەرز شەمسى زۇھا،
ئاقىۋەت قەھرى قىساسىدىن دەر ھامان - «بىچارىمەن».
بۇلبۇلۇم سايرا ۋەتەن، ئەل ئىشقىدا تەشنا بولۇپ،
ئاتقان كەبى تاڭ چولپىنى ناز ئۇيقۇدىن بىدارىمەن.
سەن مەن ئۈچۈن مەرغۇپ كۆڭۈل چىن ئەقرىبا ھەم دەھنەمۇن،
سەنكى قىيا «ئەبھار» دېسەم، مەن بىر كىچىك ئەنھارىمەن.
بۇلبۇل ماڭا سۇنغىن قولۇڭ، تۇتقىن قولۇم سەن بى بىنا،
بولسۇن بەجا ھۆكمى نېسىپ دىلدىن ئەبەد دوستيارىمەن.
بۇلبۇل ئۈچۈن مەزىن بولاي، ئويغاق خوراز يەڭلىغ ئەبەد،
مېھراپتا سەن، مەن ئىشقىدا تۇتتۇم قولاق ھەر بارىمەن.

1943 - يىل سەپەر ئېيىنىڭ 13 - كۈنى

## ھەسرەت ناخشىسى

پىكرىم تەپەككۇر بابىدا، ئەلنىڭ غېمىدا - داغىدا،
كۆيدى ۋۇجۇدۇم كۆل بولۇپ دەۋرى ھازازۇل چاغىدا.



ئۆمرۈم، ھاياتىم بىر ئۆمۈر بولدى مۇساپە كارۋىنى،
سۆرەپ سەپەردە كۆپ كاتاڭ تۇرمۇش قېتىلغان ھارۋىنى.
قەلبىم شىكەستە خاكسار، جىسمىم ئەزىزى تولغىنىپ،
قىلدىم نادامەت تەگرىگە تۈنلەردە بىدار ئويغىنىپ.
كۆيدى ئەقلىنىڭ قامۇسى، مەخمۇت، يۈسۈپ يادنامىسى،
ئۆچتى كۆزۈمدىن ئەلۋىدا ئەۋلادلىرىم پەرمانىسى.
بولدى نەزەربەنت ئىلكىدە، خۇشلۇق قاراقچى تۈلكىدە،
غەيىۇر يىگىتلەر «داد» بىلەن ئاچچىق ئەلەمدە - «كۈلكى» دە.
دەريايى ئەنھار، چەشمىلەر توختاپ ئېقىشتىن قاغجىراپ،
سۇلتان گۈلىستان سۇمبۇلى بولدى خازانە ھالسىراپ.
مۇنبەت ئېتىزلار شورلىشىپ، قۇرۇق شوئاردىن توۋلۇشۇپ،
يۇدتۇق خۇرجۇنى ئۆسۈشىنگە دەسمى دەرەملەر خولۇشۇپ.
شۇمپەن ئېرىگە - خاتۇنى، بولدى ئۇنۇتقاچ زاتىنى،
پەرزەنتى مەستخۇشت لاماكان، كىملەر چۈشەنگەي دادىنى،
كىيدۇق قاتارى موزىنى، «مۇنبەر» دە دەسسەپ جوزىنى،
پاتتۇق لەھەتكە مىڭ قېتىم دوراپ مەچەكىن - قوزىنى.
ئويلاپ دەرىغا، بىلمىدىم!
بەش يىلدىن ئاشتى كۈلمىدىم!
ناشاد ئەتتىڭ ئەي پەلەك تۈزۈپ كېتىشكە كۈلمىدىم؟!
ئاتقاي ئىشەنچىم تاڭلىرى، پۈتكەي ئەلەمنىڭ داغلىرى،
يەتسەك مۇرادقا مىللىتىم، كەلسە باھارنىڭ چاغلىرى.
يازدى غەزەلخان نەزمىنى، تاللاپ يېنىك سۆز ۋەزنىنى،
تارىخقا ۋارىس بولغۇچى زاتىم بېيىتسۇن خەزنىنى.
چۆمسەك خۇشاللىق ئىلكىگە، چۈشسەك ئۇسسۇلغا، كۈلكىگە،
روھىم تاۋازە ئەيلىگەي، شانلىق ھاياتنىڭ مۈلكىگە.

1971 - يىل، سېنتەبىر

## ھاپىز ھاجى

(1947 — 1867)

ھاپىز ھاجى 1867 - يىلى قۇمۇل راھەتباغ يېزىسىنىڭ قۇمتۇر كەنتىدە تۇغۇلۇپ، چوڭتۇر كەنتىدە ئۆسكەن. باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئۆز يۇرتىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە چىقارغاندىن كېيىن، كۇچا ۋە قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئوقۇپ، ئۇزۇن مەزگىل ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئوقۇش جەريانىدا شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئۆلگىلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەن، كېيىن بۇخارا ۋە مەككە - مەدىنىلەرگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇش ۋە زىيارەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1947 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ھاپىز ھاجى مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن تارتىپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، ئۆز ئۆمرىدە زامانىسىنىڭ زۇلۇم - زورلۇقلىرىنى، فېئودال ۋاڭ - تۆرىلەرنىڭ چىرىك ئەپت - بەشىرىسىنى پاش قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنىڭ دەرد - پىغانىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان.

بۇ توپلامغا ھاپىز ھاجىنىڭ «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى.



### ئىككىمىز

ئەي رەپىقى بى زىبان ھەر يەردە بولساق ئىككىمىز،
خاھى سەھرا ئۆزرە بولساق، خاھى شەھەردە ئىككىمىز.

ھەر جاپا - جەبرى سىتەم بولسا ئىگەم تەقدىرىدۇر،
خاھى ياخشى، خاھى يامانلىق شادى - غەمدە ئىككىمىز.

بى سەرى سامان يۈرۈرمىز بۇ جاھان ئەيۋانىدا،
رازىلىرىنى ئېيتىشىپ ھەر يەردە بولساق ئىككىمىز.

مالىمۈلكى، خانىمانىنى تاشلىبان ئەدھەم سۈپەت،
مەككىئى - پەتھا مەدىنە ئاندا بولساق ئىككىمىز.

ئەۋۋىلەم تاپساق ھىدايەت پىرۇمۇرشىت تېپىبان،
كېچە - كۈندۈز خىزمىتىنى جاندا قىلساق ئىككىمىز.

بى شەك بۇنى بىل سەنكى تاپتىڭ بىر رەپىق،
قايدا بولساق، قايدا يۈرسەك يارى سادىق ئىككىمىز.

### تەنھا

كى مەن مەجنۇن سۈپەت يەگلىغ ھەيرانلىقتا قالغىنىم تەنھا،
كى مەن ئول يارى جانىدىن ھەم نىشىن ئايرىلىپ قالغىنىم تەنھا.

تۇتالمايمەن بىر رەيمىق ھەمدەمكى مەندىن ھال سورار بولسا،
بۇ سەھرايى غەمدە داغۇ ھىجران بىرلە قالغىنىم تەنھا.

بىلالمايمەن نە بولغايكى بۇ گۈلشەن سەر ئەنجامىم،
چىمەننىڭ بۇلبۇلىدەك گۈلىستاندىن يىراق قالغىنىم تەنھا.

نە بولدى ئۇ سەرۋى نازى كۆزۈمدىن بولدىلەر غايىب،
نە يەرگە باردى ئول جان پەرىشان قالغىنىم تەنھا.

گىرىپتارى بولدۇمكى گىردابى غەمگە خالاس ئاندىن بولالماي،
قۇلزەمنىڭ مەۋجىغا ئوخشاش دەريايى غەمدە قالغىنىم تەنھا.

دوستلارنىڭ دوستىدىن ئۈلدەم مورۇۋۋەتسىز بەردى يۈز پەريات،
كى مەن يۈسۈپكە ئوخشاش چارى زىندان ئارا قالغىنىم تەنھا.

چېكەر پۈرخۇن دىلىم پۈرردە ئەشكى سۇرۇخ، رەڭگىم زەردە،
خاراب ئەرمىش مېنىڭ ھالىم سەنسىز ھەيران قالغىنىم تەنھا.

كۆزۈمگە تۇتىيا ئەرمىش خاكى پايىڭ ئەي سەرۋە ناز،
جۇدا بولدۇم داغۇ ھەسرەتتەكى ياردىن ئايرىلىپ قالغىنىم تەنھا.

دەرىخا، شەپقەتى يوقتۇر بۇ ھالىمغا ھەر تەرەپلەردىن،
كى مەندەك ھېچ كىشى يوقتۇر يەربىلەن يەكسان قالغىنىم تەنھا.

قاچان بولغاي ياخشى رەپىقلەر جۈملىسى بىر جايدا جەمئى،
جۈملىسى باردىلەر ھەمنەشىنلەردىن كى مەن يالغۇز قالغىنىم
تەنھا.



يۈگۈردۈم ھەر تەرەپلەرگە ئۇتتۇردۇم ئۆز يولۇمنى ئۈلدەم،
بۇ سەھرايى غەمدە مەن رەپىقسىز قالغىنىم تەنھا.

كەل ئەي غاپىل بىلىپ ئۆزىڭنى نادامەت قىل گۇناھىڭغا،
كېلۇر بىر كۈن بۇ نۆبەتلەر يا تۇرسەن قەبرىدە تەنھا.

## پەيدا

زامانىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە خانى پەيدا،
ئۆزى جاڭجۇن، ئىشى مەھكەم ئۇشۇل ۋاقىتدا پىتنىلەر پەيدا.

ھۆكۈمى تۇتتى يۇرتلارنى، يىغىپتۇ يۇرتقا چوڭلارنى،
قىلىپ پىتنە - پاساتلارنى بۇ ئالەمدە شورىشى پەيدا.

يىغىپتۇ بىھېساب چېرىك، يەكەن، خوتەن شەھىرىدىن باشلاپ،
خىتاي، تۇڭگان، ئورۇس، قالماق، يەھۇدىي، ھىندىلار ئاندا.

ئەۋەتىپ بىھېساب چېرىك قۇمۇلنىڭ شەھىرىنى باستى،
خالايىقلار ئوت - ئوتۇن سېلىپ بۇندىن بولغىنى قايدا.

قۇمۇل بەششار تېرىپ باقتى، چېرىككە لەك بېرىپ باقتى،
چېرىكلەر سەمەرگۈنچە يىلانغا ئوخشاش بالا پەيدا.

بۇلاردىن يەك ھازار چېرىك شىڭشىڭشادا يول توساپ ياتتى،
فىڭ يۈيشاڭنى① چىقادۇ، دەپ بۇ يەردە قىلدىلا غوۋغا.

---

① فىڭ يۈيشاڭ — ئەسلىدە گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ھەربىي قوماندانلىرىدىن بىرى. 1931 - يىلىدىكى «18 - سىنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش تەشەببۇسىغا ئاۋاز قوشۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان.

لېكى بىرلەن ئۇتتۇن توشۇپ خالايىقنىڭ ھالى تەڭ بولدى،
باقمىز دەپ چېرىكلەرنى مۇشەققەت چەكتى چۆل - تاغدا

مەگەر بىر تۇغ - تۇمان بولسا بۇ ئىت باشلار تۇرالمايدۇ،
قاچۇرغا يەر تاپالماي بۇ سەكلەر تىنچ ياتقىنى قايدا.

زامانىنىڭ ئىشى ئەسكى بولۇپ قالدى بۇ دۇنيادا،
قىيامەت كۈن يېقىن يەتتى ھەر قىسما ئىشلار بولدىلەر پەيدا.

خالايىقلار كاتتا - كىچىك پۇل تاپماقنىڭ كويىدا بولدى،
تېپىپ بولدى بېرىپ سودىگە ئۆيدە ياتقىنى قايدا.

بولدى

نەچچە يىللار دەشتلەر ئاۋات كاتتا باغ بولدى،
ھەر كىشى ئىشىدە كېرەككە ياراغ بولدى،
خىرمەن - خىرمەنلەردە چەشلەر گويا تاغ بولدى،
چاي، قايماق، نان ھەممىسى سېرىق ياغ بولدى،
ئەي يارەنلەر، بۇ جاھان كۆپرى بىرلە مۇنداق بولدى.

ئۆلىمالار ئىلمى بىرلە ئىبادەت قىلماي،
ئۇمرالار ھەم يۈز كۆرىبان ئادالەت قىلماي،
غەنىيلەر پۇل يىغىپ خەير - ساخاۋەت قىلماي،
پۇقرالار تاپقىنىغا شۈكىر - قانائەت قىلماي،
جاھان بۇ ئالامەتلەر بىرلە شۇنداق بولدى.

ئۆلىمالار ئىلمى بىرلە رىيا كۆرسەتتى،
ئۇمرالاردىن ئېرىنچ ئەدلى - ئادالەت كەتتى،



غەنىيلەر خەير - ساخاۋەت ئىشكىنى ئەتتى،
پۇقرالارغا تولا زۇلۇم بىرلە كۈلپەت يەتتى،
جاھان بۇ ئالامەتلەر بىرلە شۇنداق بولدى.

قاراپ ھەر كىشى باقتى دېدەك قولىغە،
ئۆزىنى بەلەن تۇتتى ئىشەندى پۇلىغە،
نەزىر قىلدى ئۇرۇق قوينى خۇدانىڭ يولىغە،
سويدى بورداق پاقلاننى ئاغابان يولىغە،
جاھان بۇ ئالامەتلەر بىرلە شۇنداغ بولدى.

ھەممىدىن ئاشتى موللىلارنىڭ ئۇشبۇ ئىشى،
ھەممە قەبزانى بوپ قالمىدى ئىسقاتقا كىشى،
ئەمدى قۇرئان بىردۇر بىر كىشىگە تۆت بېشى،
ئۆتمەيدۇ ئوقۇر بولسا قارا خەتكە تېشى،
سەللىنى يوغان قىلدى قەبرىگە داخىل بولدى.

موللىلار بولدىلەر ئۆز - ئۆزىچە ئاخۇنچاق،
پۇتىغا كىيدى مەسسە، سەللىنى قىلدى دومچاق،
كىيدى كەڭ پەرىجە، بولدى سۇۋارە① توپچاق،
كىبرى - تەكەببۇرلۇقىغا يەتمەيدۇ قۇچاق،
باقتى ئۆز سۈرىتىگە ئاخۇن قابىل بولدى.

ئېنى ئوبدان دېسە كىم تولا ئىچتى چىغىر②
ئۇ، راۋا كۆردى ئالسا يېنىمەك، ساتسا ئېغىر،
ھەممە دۈشمەن تۇتتى موللىنى، كۆردى ھېقىر،
بايغا تېز يۈگۈردى، بارمىدى ئۆلسە پېقىر،
جاھان بۇ ئالامەتلەر بىرلە شۇنداغ بولدى.

① سوۋارە — مىنمەي.
② چېغىر — مەست قىلغۇچى ئىچىملىك.

دېمەدى تەبىھ قىلاي بۇ يامان ھالىمغە،
بېرەي يەنە ئۆشۈر - زاكات ئورۇر مالىمغە،
تەرىپ - ئىززەت قىلغىبان ھەر كىشى زالىمغە،
قىلدىلەر شۇنچە ھاقەرەت ھەممە ئالىمغە،
جاھان بۇ ئالامەتلەر بىرلە شۇنداغ بولدى.

بىرى دەللال بوپ قىلدى گۇناھ يۇندا يالاپ،
بىرى تارتىپ نەشە، بىرى ئىچتى شەربى - شاراب،
بىرى كېچە ياتماي ئەلنىڭ قويىنى ماراپ،
نامرات بىچارىلەر ھەسرەتتە قالدى قاراپ،
جاھان بۇ ئالامەتلەر بىرلە شۇنداغ بولدى.

بەرمىدىلەر ھېچ كىشى ئۆشۈر - زاكات ياتقە،
بەرسە بىر نەرسە كۆرسەتتى ئىپنى ئەل، ياتقە،
موللىلارنىڭ قېلىپ كىرمىدىلەر ئىسقاتقە،
مىندى پادىچى سېمىز ئۇيغە، قەلەندەر ئاتقە،
جاھان بۇ ئالامەتلەر بىرلە شۇنداغ بولدى.

ھېچكىم ھەقنى تونۇپ قىلمىدى شۈكۈر - سانا،
پاتمىدى جاھانغا بۇ سۇپەت قەبىھ گۇنا،
تەگدى ئىددەتتە ئەرگە خوتۇن بولدى زىنا،
قالدى بۇ مالامەتكە قىزى بىرلە ئانا،
جاھان بۇ ئالامەتلەر بىرلە شۇنداغ بولدى.

ھەق - ئاللانى ئۇنۇتتى ئىشى پۇل تاپماقتا،
ئۇنچىلەر غەرىزى ئۇننى يېگىل ساتماقتا،
بولدى قاسساپ ھۇنىرى گۆشكە سۆڭەك قاتماقتا،



ناۋايلارنىڭ كۆڭلى ناننى كىچىك ياقماقتا،
جاھان بۇ ئالامەتلەر بىرلە شۇنداغ بولدى.

قىلىپ ھىيلە ياغچىلارمۇ سۇ قېتىپ ساتتى،
بۆزچىلەر كۆپ ئىلىپ ئارقاق ئەلنى قاقشاتتى،
موزدۇز ساتسا ئۆتۈك، كىيىسە ياغاچتەك قاتتى،
ئالداپ زاكتا بوياقچىلار نىل بار دەپ ساتتى،
جاھان بۇ ئالامەتلەر بىرلە شۇنداغ بولدى.

كۆنچىلەر دېدى كۆننى شور بىلەن پوملاپ،
يېڭى دەپ خالاپ تاپسا تۆمۈرچى سوملاپ،
ئاتقۇچى پاختا ئىلىپ ئارىسىغا دوملاپ،
ئۈچ تۈرۈك يۇڭنى يىغىپ خام، تاياقتا ئۇڭلاپ،
جاھان بۇ ئالامەتلەر بىرلە شۇنداغ بولدى.

مودىغاي بازار ئارا ئەر - خوتۇنغا ئارىلىشىپ،
كۇندە مەزلۇمنى ئەر ئۈچ قويۇپ، تۆت يارىشىپ،
بىرى دەللال بولۇپ مىكرى يوسۇن قىلىشىپ،
بىرى پۈتۈكچى بوپ ئالدى ئورتاق بۆلۈشۈپ،
جاھان بۇ ئالامەتلەر بىرلە شۇنداغ بولدى.

قائىدە - يوسۇن بولدى بىر - بىرىگە پەنت ئۇرماق،
قىلىپ تۆۋە كۇندە يۈز مىڭ يەنە سىندۇرماق،
ئازغۇن بولسا جوتۇن ئېرىدىنمۇ تاندۇرماق،
بولمىدى قىلىپ ۋەدە، ۋەدىلىرىدە تۇرماق،
جاھان بۇ ئالامەتلەر بىرلە شۇنداغ بولدى.

ناگھانكى قالسە يېتىملەر بىرگە يۆلەپ،
ئىپنى گەر تۇيسا جىسەكچى تۇتىبان بۇلاپ.

ئۆلغى بولسە ئېنى باغلىدى مەھكەم سولاپ،
بولىبان شۇل مەھزىلدە ئېنىڭ ھالى خاراپ،
جاھان بۇ ئالامەتلەر بىرلە شۇنداغ بولدى.

بۇ تاماشا سار ئالىدىغان غازنى كۆرۈك،
چالدى لاچىننى تۇتۇپ داغ تېبىل بازنى كۆرۈك،
پادىچى، بوزچى، كۆنچى بۇ قىمارۋازنى كۆرۈك،
بۇ تاياقچى كاتىگال دەرد ـ ئاھ، سازنى كۆرۈك،
جاھان بۇ ئالامەتلەر بىرلە شۇنداغ بولدى.

ئەي خالايىق ئىشىنىڭلار ئۇشبۇ سۆزۈم يالغانمۇ،
قىلمىغان بۇ گۇناھلاردىن بىرى قالغانمۇ،
سېلىق چۈشسە ئېنى ئالتە سىلاپ ئالغانمۇ،
ئەسلى دۇنيا بەنا بوپ مۇنچە بەلا بولغانمۇ؟!
جاھان بۇ ئالامەتلەر بىرلە شۇنداغ بولدى.



## ھەمرا بارات (كاتىپى)

(1873 — 1947)

شائىر ھەمرا بارات (كاتىپى) ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان ۋەكىللىرىنىڭ بىرى. ئۇ، 1873 ـ يىلى يەركەنتنىڭ پەنجىم يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1918 ـ يىلى ئىلىغا ئۆتۈپ، ئانا يۇرتى ـ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ تۇرپانيۈزى يېزىسىغا ئورۇنلاشقان. 1947 ـ يىلى 74 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

كاتىپىنىڭ ئاتىسى بارات بىلىمسىزلىك، نادانلىقنىڭ ئازابىنى كۆپ تارتقان كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئوغلى ھەمرانىڭ كىچىكىدىنلا بىلىم ئىگىلىشىگە كۆڭۈل بۆلگەن. ھەمرا بارات ئۆز يېزىسىدا ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئاتىسى ئۇنى بۇخاراغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن. لېكىن، ئىقتىسادىي ئۆزۈكچىلىك كاساپىتىدىن ھەمرا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز يېزىسىدىكى ناداخۇن داموللامدىن تەلىم ئالغان. يەنە بىر تەرەپتىن كلاسسىك ئەدەبىياتنى ھەم ئۆز دەۋرى ئەدەبىياتىنى ئۆزلۈكىدىن بېرىلىپ ئۆگەنگەن.

ھەمرا بارات (كاتىپى) تۇرپانيۈزىگە كەلگەندىن كېيىن دەسلەپتە شۇ يېزىدىكى مەكتەپتە مۇئەللىم بولۇپ، ئەۋلادلارغا بىلىم بەرگەن، يېزا ياشلىرىنى بىلىم، ئەخلاق ئۆگىنىپ، خۇراپاتلىق ۋە نادانلىقنى تۈگىتىشكە يېتەكلىگەن. يېشى چوڭايغاندىن كېيىن تۇرپانيۈزىدە ئىمامەتچىلىك قىلغان.

شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى «ھەمرا ئىمام» دەپ ئاتىۋال-
غان. ھەمرا بارات ئوقۇتقان ۋە ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغانلار
ئۇنى ھازىرغا قەدەر «ھەمرا ئىمام» دەپ ئاتىشىدۇ.

شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى بېشارەتتىن قارىغاندا، ئۇ، سەل ياشانغاندا قولىغا قەلەم ئالغانلىقى مەلۇم. «كاتىپى» تەخەللۇسى بىلەن ناھايىتى كۆپ شېئىرلارنى ۋە داستانلارنى يازغان. شائىر يازغانلىرىنى ئۇدۇللۇق توپلەپ ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى يىللار ئىچىدە يوقىلىپ كەتكەن. ئۇ، ھايات ۋاقتىدا بىرمۇ شېئىرى گېزىت ياكى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنمىغان. بىز ئىزدەپ تېپىپ كۆرگەن ۋە نەشرگە تەييارلىغان بۇ ئاز قىسىم شېئىرلىرىدىن قارىغاندا، شائىرنىڭ ئەدەبىي تىلى راۋان، ئاممىباب، شۇڭا قوليازما سۈپىتىدە قولدىن-قولغا كۆچۈرۈلۈپ، خەلق ئىچىگە تارقىلىپ كەتكەن.

ھازىر شائىرنىڭ ناھايىتى كۆپ شېئىر ۋە داستانلىرى ئۇنى بىلگەن، چۈشەنگەن ئايرىم كىشىلەرنىڭ قولىدا ساقلىنىپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ كىشىلەر قولىدىكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىپ ئاممىغا تونۇشتۇرۇش، ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىگە مۇئەييەن باھا بېرىش بىزنىڭ ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشلىرىمىزنىڭ بىرى.

سۇلتان ئۇۋەيىس يېزىسىدىكى مەرھۇم ھېزىم ئاكا ھەمرا كاتىپنىڭ 94 پارچە شېئىرىنى كۆچۈرۈپ ساقلاپ كەلگەن. ئاشۇ شېئىرلارنى ھېزىم ئاكىنىڭ ئوغلى ئابدۇمىجىتتىن ئېلىپ، بىر قىسىم شېئىرلىرىنى نەشرگە تەييارلىدۇق. ئاڭلىشىمىزچە، غۇلجا ناھىيىسىدىكى يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەمرا كاتىپنىڭ شېئىر ۋە داستانلىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم. بۇ يولداشلارنىڭ قانچىلىك ساقلىغان بولسا، شۇنچىلىكىنى تەييارلاپ، نەشرگە سۇنۇپ، مەرھۇمنىڭ روھىنى خۇش قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.



## شېئىرلار

### 1

ئەي يارەنلەر تەزىم بىرلەن كىتاب يازدىم،
ھەزرەت سېنى يازدىدىلەر، يازمايمۇ!
يازغىل، دېدى، غەيرەت قىلىپ يازغىل، دېدى،
ئەي يارەنلەر بىلگەنىمچە يازمايمۇ!

پىرىم ھەزرەت ئەمرى بىلەن ئەبيات يازدىم،
ھىممەت ئىلە يىگنە بىلەن قۇدۇق قازدىم.
ئەقلىم ئېزىپ، بېشىم قاتىپ يولدا قالدىم،
چىدام بىلەن بۇ قۇدۇقنى قازمايمۇ!

ئۈمىد قىلىپ قازدىم قۇدۇق، چىققاي شاراب،
گۇناھكارنىڭ دەستىدە قالدىم ئۇسساپ،
تەشنالىقتا يۈرەك-باغرىم بولدى كاۋاپ،
بۇ شارابنى ئىچمەك ئۈچۈن قازمايمۇ!

ھەزرەت ئېيتتى: ئەبيات يازغىل بۇ ئۇلۇغ ئىش،
غەيرەت قىلىپ يازغىل، دېدى ياز ھەم قىش.
ئوقۇغانلار ساڭا دۇئا قىلار، ئەرمىش،
دۇئالاردىن ئۈمىد قىلىپ يازمايمۇ!

يەنە ئېيتتى: يازغىل ئەبيات مۇبارەكتۇر،
ئىشىتكەنلەر دۇئا قىلسا ئىجابەتتۇر.

زىيا بولماس ئىنشائاللا رىيازەتتۇر،
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئەمدى يازمايمۇ!

ھەزرەت ئېيتتى: بۇ سۆزۈمگە چوككىل، دېدى،
ھەرنە بارۇ باتىنىڭگە توككىل، دېدى.
نەپسى بەدكە يارى بەرمە سوككىل، دېدى،
سۆككەنىمچە نەپسى بەدنى سۆكمەيمۇ!

پىردىم ھەزرەت ئىلتىپاتلار تولا قىلدى،
نەپسى شەيتان تاقەت قىلماي غوغا قىلدى.
ئىنشائاللا ھەزرەت ماڭا دۇئا قىلدى،
ئامىن، دېدى، ئامىن دىبان يازمايمۇ!

پىردىم ھەزرەت دۇئاسىنى قىلاي ئىجابەت،
پەزلىڭ ئىلە كاتىبى قىل سەن ھىدايەت.
ھىدايەتنى لۇتپۇڭ بىلەن قىل ئىنايەت،
ئىنايەتتىن ئۈمىد قىلىپ يازمايمۇ!

2

بۇ ئەبيات ئىشقىدىن دوستلار ئەجەب ھەيرانۇ بولدۇم،
خالايىققا بولۇپ كۈلكە ئەجەب ئەپسانە بولدۇم.

ئەگەر كۆرسە مېنى ھەركىم قىلۇر تەنە بۇرادەرلەر،
تۇراغە تەقىتىم يوقتۇر ئۆزۈم سەرسانە بولدۇم.

ھەممە يارەن سىرداشلار مېنى كۆرسە قىلۇر نامۇس،
بۇلارنىڭ بارىدىن كەچتىم نېچۇك بىگانە بولدۇم.



پىردىم ھەم ئىلتىپات ئەيلەپ، دېدى يازغىل يەنە ئەبيات،
ئۇشۇل كۈندىن بېرى يازدىم تولا خۇمارە بولدۇم.

يازالماي تەزدىم ـ ئەبياتلار كېچە ـ كۈندۈز بولۇپ ھەيران،
بۇ ئەلنىڭ ئېغىزىدا دوستلار ئەجەب ئەپسانە بولدۇم.

تەپەككۇر بەھرىگە چۆمدۇم بولۇپ گوياكى چۈن غەۋۋاس،
چېكىپ جەبرۇ ـ جاپالارنى ئۆزۈم دۇردانە بولدۇم.

تەپەككۇر بەھرىدىن ئالدىم ئاجايىپ دۇرى ـ گۆھەرلەرنى،
تەستىق ئەيلىدىم بارىم، ئۆزۈم ۋەيرانە بولدۇم.

تەستىق ئەيلىدىم دەرلەر دۇئادە ئەيلەگەي دەپ ياد،
بۇ كۆڭلۈمنى قىلىبان شاد دۇئاغە ئاغىيانە بولدۇم.

كى ئەبيات تەزدىم قىلدىم دەپ تەمەننا قىلما ئى كاتىپ،
خالايىققە بولۇپ كۈلكە، ئەل ئاغزىدا يامانە بولدۇم.

3

ئايا دوستلار نېچۈك ئەيلەي ماكانىمدىن جۇدا كەتتىم،
ئەجەب بەختى قارادۇرمەن قېلىپ يۇرتۇم خاپا كەتتىم.

بۇ يۇرتۇم ئاراسىدا ئەجەب رەسۋاسى مەن بولدۇم،
قىلالماي بىر پەزىلەت ئىش قىلىپ يۇرتقە جاپا كەتتىم.

نېچۈك ئەيلەي بۇرادەرلەر خۇدا تەقدىرى قىلغاندۇر،
خۇدانىڭ تەقدىرىدۇر دەپ يۈرەك ـ باغرىم قىلىپ كەتتىم.

ھەممە، يارۇ ـ بۇرادەرلەر بولۇپ ئەھۋالىمە ھەيران،
ئالىپ رۇخسەتنى ھەزرەتتىن، چىراي شەكلىم توپا كەتتىم.

ئۆزۈم تارتىپ قىلىپ ئۇقەت ھامانە كېچە ـ كۈندۈز،
خىجالەتتىن چىقالماي ھېچ چېكىپ رەنجى ساپا كەتتىم.

قانداق قىلاي، ئىلاجىم يوق خۇدا سالدى ئۆشبۇ كويغە،
ئۆزۈمنىڭ شۇملىقىمدىندۇر يۈرەك ـ باغرىم يارا كەتتىم.

كېتەي دېسەم ماكانىمدىن بۇ نەپسىم رايى بەرمەيدۇ،
ئالىپ ساۋاق ئايا كاتىپ بۇ نەپسىمنى ساۋاپ كەتتىم.

4

ئەللىك بەشتە ئادەم بولۇپ يولغا كىردىم،
نېچۈك يولغا كىرگەنىمنى بىلىڭ دوستلار.
قولدىن چىققان بىر قۇش ئىدىم، قولغا كىردىم،
نېچۈك قولغا كىرگەنىمنى بىلىڭ دوستلار؟

ئاتىمىش ياشتا ئەبيات يازدىم، ئۆزۈم نادان،
ئەقلىم ھەيران، كۆڭلۈم ۋەيران، يۈرەكىم قان،
كۆزۈم گەريان، باشىم سەرسان، تېنىم لەرزان،
نېچۈك لەرزان بولغانىمنى بىلىڭلار دوستلار؟

نەزىم قىلماق كېچە ـ كۈندۈز بولدى ئىشىم،
بۇ ئىش بىلەن ئادا بولدى يازۇ ـ قىشىم،
قايغۇ ـ بىلەن غەمگە تولدى ئىچى ـ تېشىم،
نە سەۋەبتىن تولدى ئىچىم بىلىڭ دوستلار؟



ھەيراندۇرمەن ئۆشبۇ ئىشقا قىلدىم ھەۋەس،
ئەمدى بىلسەم ئۆتكەن كۈنىم ياخشى ئەمەس،
بولۇپ قالدىم بۈگۈن مانا ئەبيات پەرەس،
ئەبيات پەرەس بولغانىمنى بىلىڭ دوستلار.

ئەبيات يېزىپ ئەمەل قىلماي يولدا قالدىم،
يولدىن قالسام نە ياخشىدۇر كۆلدە قالدىم،
كۆلدە قالدىم خۇش سائادەت چۆلدە قالدىم،
نە سەۋەبتىن چۆلدە قالدىم بىلىڭ دوستلار؟

چۆللەر كېزىپ يالغۇز غازدەك نالە قىلدىم،
نالە ئەيلەپ كۆز ياشىمنى زايە قىلدىم،
گۇناھىمغا كۆز ياشىمنى دورا قىلدىم،
دورا سەۋەب بولارمىكىن بىلىڭ دوستلار؟

چۆلدە قالغان يېتىم ئوغلاق زارە قىلۇر،
ھەسرەت چېكىپ كېچە ـ كۈندۈز نالە قىلۇر،
يىرتقۇچلار كۆرسە ئانى پارە قىلۇر،
نېچۈك خالاس بولاردىمنى بىلىڭ دوستلار؟

نادانلىقتا ئۆتۈپ ئۆمرۈم يولدىن ئازدىم،
بىلدىم ئەمدى نادانلىقتىن ياندىم ـ تاندىم،
مۇراددىمغا يېتىپ بولماس كەچمەي جاندىن،
جاندىن كەچمەك نېچۈك بولۇر بىلىڭ دوستلار.

نادان كاتىپ جاندىن كەچمەك ئاسان ئەمەس،
جاندىن كەچمەك نادانلارغا نەسىپ ئەمەس،

ناداندلقتا ئۆتكەن ئۆمۈر پايدا بەرمەس،
ئۆمرۈم نېچۈك ئۆتكەننى بىلىك دوستلار؟

5

مەندىن سالام سالىڭلار، سالامىمنى ئېلىڭلار،
سالام ئېيقان غەرىبكە دائىم دۇئا قىلىڭلار.

ئەھلى ئىنسان بولغانلار — تەرىقەتكە كىرگەنلەر،
ھەريان باقىپ كۆرەر ئاي سالىڭلار - سالىڭلار.

تەرىقەتتۇر نازۇك يول بۇ يوللاردا چاپىك، بول،
نەپسى بەدقە غالىب بول، غالىبلىكنى ئالىڭلار.

تەرىقەتتە تىېردق بول، سامان يەڭلىغ سىېردق بول،
ئالتۇن كەبى ئىېردق بول، قىممەت باھا بولۇڭلار.

تەرىقەتتە ئەر بولغىل، يەرنى كۆرسەڭ ئەر بولغىل،
يەر ئاستىدا زەر بولغىل، زەرنى يەردىن ئېلىڭلار.

تەرىقەتتە ساپ بولغىل، بۇغداي تاپساڭ قاپ بولغىل،
دوستقا دائىم باب بولغىل، بابقا لايىق بولۇڭلار.

سوپى - سىپا بولدۇم دەپ، ساپلىق بويۇن ئالدىم دەپ،
تەرىقەتنى بىلدىم دەپ غۇرۇرلۇقتا قالماڭلار.

ئاسىي كاتىب ناچارمەن، دۇر - گۆھەرلەر چاچارمەن،
كانى گۆھەر ئاچارمەن، گۆھەر تالالاپ ئالىڭلار.



6

مەن ئەبيات نەزىم ئەتتىم بۇ جان بۇ تەندە بارىچە،
تىلىمنى جارى قىلغايمەن تېنىم يەرگە كۆمۈلگۈنچە.

بۇ ئەبيات ئىشقىدىن دوستلار كېچە - كۈندۈز يۈرەكىم قان،
ئادا بولماس بايان قىلسام ياشىم توقسەنگە يەتكۈنچە.

خۇدا سالدى بۇ ئەبيات ئىشقىنى كۆڭلۈمگە چارەم يوق،
نە كۈندۈزدە قارارىم يوق، كېچە بولسا تاڭ ئاتقۇنچە.

پىرىم ھەم ئىلتىپات ئەيلەپ دېدى يازغىل يەنە ئەبيات،
يازادۇرمەن ئايا دوستلار جېنىم ھەلقۇمدىن چىققۇنچە.

خۇداۋەندە ھىدايەت قىل تىلىمنى ئەيلىگىل گويا،
نەسىپ بولسا يازادۇرمەن بۇ كۈن مەغرىبتىن چىققۇنچە.

بۇ نەپسىم رايى بەرمەيدۇ يازاي دېسەم يەنە ئەبيات،
ئۈمىدىم بار يازادۇرمەن ماڭا تۇپراق قازىلغۇنچە.

غەنىيلەر دۇنياغا تويماس، كىتابقا تويمىغان ئالىم،
بۇ تەزىم نەزمىغە تويماس كۆزى تۇپراققا تولغۇنچە.

بولۇپ ئاشىق كى بۇلبۇلدەك سەھەرلاردا ناۋا قىلغىل،
پىغانۇ ئاھلار قىلغىل گۈلۈڭ غۇنچەسى سولغۇنچە.

ئايا كاتىب سەھەر تۇرغىل، باشىڭدا يۈز مىڭ غەمىڭ بار،
تولا يىغلاڭكى، ئاز كۈلگىل باشىڭ غەمدىن قۇتۇلغۇنچە.

7

ئۆتسە ئۆمرۈڭ بىل غەنىيمەت مېھنەتنى ـ زىندان بىلەن،
بىر نەپەس ئولتۇرماغىنىڭ ئاندىن يامان نادان بىلەن.

تۇغرا ئېيتساڭ، ئەگرى پەملەپ بىمەززە قىلغاي سېنى،
كارى يوقتۇر قان يىغلىساڭ، شەپقىتى، ئىمان بىلەن.

سۆھبىتى نا ئەھلى ئىلەن تۇرما زىنھار ئەي ئەزىز،
زەرداب بولۇپ تولغاي يۈرەكىڭ شۇ زامانى قان بىلەن.

زەھەر بەرسە مەرد، داناھ بىل ئانى قەندۇ ـ ھەسەل،
بەرسە دائىم شېرىن ـ شەربەت ئىچمىگىل نادان بىلەن.

ئۇرسا، سۆكسە مەرد، داناھ ئالما كۆڭلۈڭگە ئېغىر،
جاندىن ئۆتكەي ئۇرسا نادان زەپ ئاچىلغان رەيھان بىلەن.

ھېچ مۇشكۈلدەك بۇ جاھاندا بولماغاي بىر پەئىل بەد،
سۆھبىتى بولغاي خاتا تۇرماغىل نادان بىلەن.

بۇ نەسىھەتدۇر غەنىيمەت ئاڭلاڭىز ئەي يارى دوست،
دەم غەنىيمەتتۇر ئەزىزلەر ھەم دەمى داناھ بىلەن.

كاتىبى ئاڭلاپ نەسىھەت ئىزدەگىل دانانى سەن،
ئەھلى داناھ بىر بولۇرمۇ سەن كەبى نادان بىلەن.

8

ھاياتىڭنى غەنىيمەت بىل ئەجەل قويماس سېنى ھەرگىز،
ئەگەر نۆۋەت يېتىپ كەلسە قۇتۇلمايسەن قېچىپ ھەرگىز.



ئۆشبۇ دۇنيا ۋاپاسىزدۇر مەگەر قارۇنچە يىغساڭ پۇل،
ئارا بولماس ساڭا كەلسە ئەجەل قىسمەت يېتىپ ھەرگىز.

دېمىگىنى زىياھ ئۆتكۈزمە ئەگەرچە مەرد ئاقىل سەن،
ئۆلۈم يىراق دېمە ھەردەم، ئۆزۈڭنى ياش ئاتاپ ھەرگىز.

قاراپ كۆرگىل بۇ دۇنيادىن نە ئادەملەر ئۆتۈپ كەتتى،
يۈرمەگىل سەن بۇ دۇنيادا تىرىكمەن دەپ ئويلاپ ھەرگىز.

يىغىپ دۇنيا نىمەدۇرسەن، ئۆلەرسەن ئاقىبەت بىر كۈن،
سېنىڭ رىزقىڭ قىيىلغاندۇر مېڭىپ يۈرمە تېرىپ ھەرگىز.

بۇ جان جىسمىڭدە بارىنچە ھالالدىن كەسىپ قىل ھاسىل،
ئەگەر خاقان بولۇپ تۇرساڭ قىلما تەمە تارتىپ ھەرگىز.

كەل ئەي كاتىپ، ئۇيان ئەمدى، قېرىپ يېقىن بولدۇڭ،
ياشار، ھازىر ئېكرام ئىلە تەمەنى سەن قويۇپ ھەرگىز.

9

ياخشىلارنىڭ خىزمەتىن قىل بىل ھەمىشە ئار ئەمەس،
گۈل قىلىپ قىسسۇن باشىغە بىل يامان دەركار ئەمەس.

بىل غەنىمەت ئۆلگۈچە ئايرىلما زىنھار ياخشىدىن،
ياخشىدىن تا ئۆلگۈچە ھەرگىز دىلىڭ ئازار يېمەس.

ياخشى بولمايدۇ يامان قىلساڭ نەسىھەت ھەرقاچان،
ياخشىغا قىلماق نەسىھەت ھەرقاچان دەركار ئەمەس.

ھەممشەيىن نادان بىلەن ئىلپەتتە بولما بىل يامان،
دۇنيادا ھەر بىر يامان مۇنداق يامان دىشۋار ئەمەس.

قىيناما نائەھلى بىلەن ئەي خۇدا ھىچ بەندىنى،
سۆھبىتى قىلساڭ مۇيەسسەرمەن ئاڭا ئىختىيار ئەمەس.

ئەھلى نادان بولما زىنھار دەر ھەقىقەتتە كېسەل،
بۇل كېسەلنىڭ دورىسى ھىچبىر تېۋىپتە بار ئەمەس.

بولغۇچە نادانغە باش داناھ ئەھلىغە بولغىل غۇلام،
خىزمەتىڭ كىم ياخشى بولسا ھىچ زاماندا خار ئەمەس.

ئەي خۇدا نا ئەھلى قىلما بۇ جاھاندا بەندەنى،
كاتىبىنىڭ كۆپ گۇناھى ئەزىم تاغدىن پاكار ئەمەس.

10

بۇ غېرىب ئاجىز قۇلۇڭنى داد ئەتتۈردى پەلەك،
بۇ خالايىقلار ئارا رەسۋايى ئەتتۈردى پەلەك.

ھەر نېچۈك مەن كارى قىلسام ئاخىرى بولغاي زىيان،
ھەركىمە موھتاج قىلىپ يەرگە قاراتتۇردى پەلەك.

بۇ پەلەك كاژلىقىدىن ھېچ ئىشىم بولماي راۋان،
شاد كۆڭلۈمنى ئېلىپ، ناشاد قىلدۇردى پەلەك.

ئەرىز ـ ھالىم ئېيتقىلى دەردى يوقنى تاپمىدىم،
دەردى يوقلار ئالدىدا پەرياد قىلدۇردى پەلەك.



ئال مېنى مۇخلىس كۆرۈپ مەن خەستەگە لەنەت قىلۇر،
شۇل غەنىيلەر ئالدىدا بوينۇمنى قىستۇردى پەلەك.

بۇ پەلەكنىڭ شۇملۇقىدىن قىلمىدىم بىر كار سەئىد،
ياخشىلارنىڭ ئالدىدا ھەيرانە قىلدۇردى پەلەك.

دۇنيالىقتىن ھاسىلىم يوق، ئاخىرەتتىن نە ئۈمىد،
كاتىبى ھەمراھىنى سەرسانە قىلدۇردى پەلەك.

11

ئوقۇپ كۆرسە خېتىمدە كۆپ خاتانى،
مېنى سۆكۈك ۋەلى سۆكمەڭ ئاتانى.
كىچىكىمدىن چوڭ قىپ تارتىپ مۇشەققەت،
ئوقۇتۇپ بىلگۈزۈپ تارتقان جاپانى.

ئىلاھە بەندەنى ئارماندا قىلما،
ئۆزۈڭدىن ئۆزگىگە دەرماندە قىلما.
مەلۇم ياخشى قۇلۇڭنىڭ ئۈمىدى بىز،
ھەبىبىڭ ھۆرمىتى شەرمەندە قىلما.

1986 ـ يىل مارت، غۇلجا



## قۇتلۇق شەۋقى

( 1938 — 1876 )

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى 1876-يىلى قەشقەر شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنىياغا كەلگەن. ئۇ قەشقەر مەدرىسلىرىدە دەسلەپكى مەلۇماتنى ئالغاندىن كېيىن، 1908-يىلىدىن باشلاپ قاھىرەدىكى ئەزھەر دارىلفۇنۇنىدا، ئىستانبۇلدىكى ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىدا ۋە بۇخارا مەدرىس-لىرىدە ئوقۇپ، ئۇزاق مۇددەت ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن، ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى مۆتىۋەر ئالىملىرىدىن بىرى بولۇپ يېتىشكەن.

چەت ئەللەردىكى سەپەرلىرىدە كۆرگەن ھەر خىل ئەھۋاللار، ئوقۇش ھاياتىدىكى تەسىراتلار، ياش قۇتلۇق ھاجىنىڭ ئىدى-يىسىدە تەرەققىيپەرۋەرلىك روھىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەل-يۇرتىنىڭ خانىۋەيرانچىلىقى، نادانلىق ۋە خۇراپاتلىق كىشەنلىرىگە چىرمالغان خەلقنىڭ ئازاب-ئوقۇبىتى ئۇنىڭدا غەپلەت ئاستىدا قالغان خەلقنى ئويغىتىش ۋە ئاقارتىش ئارزۇسىنى كۈچەيتىپ، «شەۋقى» تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يېزىشقا باشلايدۇ.

ئىلىم-مەرىپەتنى خەلقنى ئويغىتىش ۋە قوزغىتىشنىڭ ياخشى قورالى دەپ ھېسابلىغان شائىر 1933-يىلىدىن باشلاپ «ئەركىن ھايات» ناملىق گېزىت نەشر قىلىپ، ئىلغار تەشۋىقاتچىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرىدۇ.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى يەنە ئاتاقلىق تارىخشۇناس ئالىم سۈپىتىدە مەكتەپلەردە تارىخ دەرسى ئۆتكەندىن تاشقىرى، ئۆزىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدىكى «يېڭى ھايات» گېزىتىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخىغا دائىر نۇرغۇن بىلىملەرنى تونۇشتۇرىدۇ ھەمدە «قەشقەر تارىخى» ناملىق يىرىك ئەسىرىنى يېزىپ قالدۇرىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ۋە شائىر قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىدىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، تەقىپ ئاستىغا ئالىدۇ، 1937-يىلى جاللات شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە تاشلىنىپ، 61 يېشىدا پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلىدۇ.

بۇ توپلامغا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ ئەينى يىللاردا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ۋە مەمتىمىن قۇربانى قاتارلىق پېشقەدەم ئەدىبلىرىمىزنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى.

## قەشقەر

كۆرمىگەن قەشقەرنى كەم، بۇ جايدا مەردانىلار ياتۇر،
ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغرايۇ خاقانلار ياتۇر.

خەلق ئۈچۈن قۇربان بولۇپ، دۈشمەن بىلەن قىلغان كۆرەش،
ئول شەھىدۇ قەھرىمان ئالىپ ئارسلانغانلار ياتۇر.

نۇر چېچىپ «قۇتاتغۇ بىلىك»، خەلقنى قىلغان بەختىيار،
خاس يۈسۈپ ھاجىپقا ئوخشاش ئەھلى ئېرپانلار ياتۇر.

يادىگار ئەيلەپ جاھانغا يازدى «دىۋانۇ لۇغەت»،
مەھمۇدىل كاشغەرى كەبى ئەھلى شەرەپشانلار ياتۇر.

ئەيلىگەن شەۋقىنى مەپتۇن ئەل ئۈچۈن نۇرلار چېچىپ،
بۇ شەھەردە كۆپلىگەن خەلق ئوغلى ئىنسانلار ياتۇر.

## ئويغاندى

قېرىنداشلار تۇر ئەمدى، پۈتۈن ئىنسان ئويغاندى،
جەمئىيەتتە ياشىغان ئەھلى ئىمان ئويغاندى.

بىزلەر ئۆتتۇق خارلىقتا، ھەسرەت بىلەن زارلىقتا،
قۇتۇلۇشچۈن قۇللۇقتىن مەردۇ مەيدان ئويغاندى.



زۇلۇم ئىچرە ياشىدۇق، ئەركىن بولماي قاقشىدۇق،
كۆزۈڭ ئاچقىن مىللىتىم، ئەھلى ۋىجدان ئويغاندى.

قاچانغىچە ياتىمىز، بىزمۇ ئىنسان ئىمىدىققۇ؟
ئويغان ئەمدى كۆز ئېچىپ، جانۇ جاھان ئويغاندى.

كۆرەش قىلساق ئەرك ئۈچۈن، ئەركىنلىكتە ياشايمىز،
ئەزىز خەلقىم كۆزۈڭ ئاچ، يەر ۋە ئاسمان ئويغاندى.

ئويغانغانلار ياشنىدى، ئۇخلىغانلار قاقشىدى،
قايغۇرمىساڭ ھالىڭغا، شۇم زىمىستان ئويغاندى.

ئويغىنايلى ئۇيقۇدىن، ئەمدى ئۇخلاش بىزگە يات،
ئىلمۇ-ئېرپان نۇرىدا بارچە جاھان ئويغاندى.

## پارچە

بىر قىلىچ بەرسە خۇدا، «كەس!» دەپ ئۇنىڭغا بۇيرىسام،
ئۈزسە خەلقنىڭ بويىنىدىن خارلىق كىشەن-زەنجىرىنى.

گەر خارابكەن ئەل-ۋەتەن، كاللامنى ئۈزسۇن ئۇ قىلىچ،
كۆرمىسۇن شەۋقى كۆزى قۇللۇقتا ئەل تەقدىرىنى.

## ئانا تىل

ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززىتىن قىلغۇم كېلۇر،
ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بېرىپ ئالغۇم كېلۇر.

بۇ ئانا تىل بولسا گەر ئامېرىكايۇ، ئافرىقىدا،
سەرپ ئېتىپ مىڭلارچە تىللا، ئاندا مەن بارغۇم كېلۇر.

ئەي ئانا تىل، بىزگە سەن ئۆتكەن ئۇلۇغلاردىن نىشان،
سەن بىلەن روھى زېمىندا ئىپتىخارلانغۇم كېلۇر.

## غەزەل

ئۈمىد ئەتمەك ۋاپا ھەر سەيلىلەردىن ئەينى نادانلىق،
دېسەم بولغاي تېپىلماس ئەھدى يالغانلاردا ئىنسانلىق.

ۋاپا ئەھدىگە ئەيلە قەۋل ىلە پەيلىڭدە سادىق بول،
مۇناپىقلىق نىشانىدۇر كىشىدە ئەھدى يالغانلىق.

ھەر ئىش ئەيلەردە ئەۋۋەل ئېھتىيات ئەيلەپ تەپەككۇر قىل،
قولۇڭدىن ئۆتسە ۋاقتى سوڭرە سۇد ئەتمەس پۇشايمانلىق.

بۇ پانىي دۇنيادىن غەمسىز كېتەرنىڭ يوقتۇر ئىمكانى،
بولۇر ھەر كىمسىنىڭ تەبئىگە ياقساڭ بىر پەرىشانلىق.

قەلەم يازغان قەدەردىن سەئيي ئىلە ئۆتمەك مەھال ئولغاي،
نىگىن① تۇتماق بىلەن ھەر كىمسە تاپقايمۇ سۇلايمانلىق؟

دىلىڭنى راست تۇتقىل، زاھىرۇ باتىنىڭدە بىردەك بول،
ئايا شەۋقى، بۇدۇر پەھمىلىسەڭ رەسمىي مۇسۇلمانلىق.

① نىگىن — ئۈزۈك.



## مەرھۇم ئابدۇقادىر دامولالامنىڭ ۋاپاتىغا

### مەرسىيە

ۋاھ ھەسرەتا، بۇ دەھرىدىنىڭ كارى ئېرۇر مېكرۇ زەرەر،
ئادىتىدۇر غەدرۇ-سىتەم، يوقتۇر مۇرۇۋۋەتتىن ئەسەر.

چەرخى پەلەك بەس بولئەجەپ، سەيرى ئۇنىڭ مەئكۇس-چەپ،
ھۇمقۇ-سەپىئەيلەر تەلەپ، دۇشمەن ئاڭا ئەقلۇ ھۇنەر.

دۇنيايى پانىي بىۋاپا، گۇمراھىدا يوق سىدقۇ ساپا،
پىكرى خىيالىدۇر جاپا، مەردانىلەرگە يوق سەمەر.

كۆپ ئىلمۇ ئېرپانلىق زەبۇن، قالمىش يۈرەكتە داغ-خۇن،
شادۇ خۇرامان نەچچە دون، پەرۋاز ئېتەر بى بالۇ-پەر.

ئول مۇرشىدى ئالىي ھىمەم، كانى ھىدا، بەھرى كەرەم،
خەلقىنىڭ غېمىدە دەمبەدەم، ھەسرەتلىنىپ شامۇ سەھەر.

قەستى ئۇنىڭ ئىسلاھ ئىدى، يۇرتى ئۈچۈن ھەق سۆزلىدى،
جاھىل ھەرىلەر تويمىدى تارتىپ ئاڭا تىغۇ تەبەر.

زۇلمى ئىلە قىلدى شەھىت، ئالەت بولۇپ بىر شۇم پەلىد،
چۇن شىمىر مەلئۇن يەزىد، مەقسەتلىرى نېشۇ زەھەر.

ئەھبابىقا كەلدى بۇ بالا، بارچە بۇ غەمگە مۇپتىلا،
گويا ئىككىنچى كەربالا، قالدى ئەبەت دىلدا كەدەر.

ئەي مۇسلىمى شەپقەت پاناھ، بىزدىن يوقالدىڭ ئاھ ـ ۋاھ،
قالدى بۇ يۇرت ھالى تاباھ، بى مۇرشىدى، بى راھبەر.

دەھشەتلى تەرك ئەتتىڭ بىزى، ئۆچتى قەمەر دۇنىنىڭ ئىزى،
ئەي بەھرى زۇلمەت يۇلتۇزى، چۇن ۋاقتسىز قىلدىڭ سەپەر.

تاھشىرى دىللە فۇرمالال، چۇن مۇدداكىم قەھتى رىجال،
ئەنقا بولۇپ ئەھلى كامال، ھەق نۇرىنى پۇركەپ خەتەر.

يارەب، ئۆزۈڭ قىل مەرھەمەت،خەلق قالمىسۇن ھايۋان سۈپەت،
ئىنسان كەبى بەرمەكرۇمەت، ئەيلەپ ئەتا ئەقلۇ، بەسەر.

چۇن بىر مىڭ ئۈچيۈز قىرىق يەنە ئۈچ ئەردى دەھشەتلى سىنە،
سالى شاھادەت نەشرىنە تارىخى روشەن مۇختەسەر.

چۇن ھاجى قۇتلۇق ماتەمى، ئايرىلدى ئالىمى ھەمدەمى،
كەتتى كۆرۈڭكىم ئالىمى پىنھان بولۇپ مىسلى قەمەر.



## قارىي بائىز تۇردى

(1938 — 1885)

شائىر قارى بائىز تۇردى شېيىخ ئوغلى 1885 - يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ياقا يېزا لەنگەر كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 12 يېشىغىچە ئۆز مەھەللىسىدە ئوقۇپ، باشلانغۇچ ساۋاتىنى چىقار- غاندىن كېيىن، كۇچا شەھىرىگە كېلىپ، ئاتاقلىق ئۆلىما ناسىر قارىمنىڭ تەربىيىسىدە، كېيىنرەك كۇچا كۆك مەدە- رىسىدىكى دىنىي ئالىم ئىبراھىم قۇززاتنىڭ ھۇزۇرىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ بۇ جەرياندا دىنىي شەرىئەت ئىلمى، ئىلمىي مەنتىق، ئەدەبىيات، ئىلمىي نۇجۇم، قاتارلىق ئىلىملارنى ئىخلاس بىلەن ئۆگەنگەن، شەيخ سەئىدى، ئەلىشىر ناۋائى، فۇزۇلى، ھۇۋەيدا قاتارلىق شائىرلار- نىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ۋە يادلاش نەتىجىسىدە، ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ، 16 يېشىدىلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن.

شائىر 1917 - يىلى ئىلىم تەھسىل قىلىشنى تاماملىغان- دىن كېيىن، مەھكىمە شەرئىيىنىڭ كاتىپى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى يېزىپ بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1937 - يىلىغا كەلگەندە خەلقنىڭ تەلىپى بىلەن مەھكىمە شەرئىيىنىڭ قازىلىقىغا بەلگىلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەدەبىي، ئىلمىي پائالىيىتىنى توختاتماي، بىر تەرەپتىن «تارىخىي ئەزىزام»،

«تارىخى بۇلغار»، «شەجەرەئى تۈرك»، «تارىخى ھەممىدىيە»، «تارىخى رەشىدى» قاتارلىق تارىخى ناملارنى ئۆگىنىپ ئۆنىڭدىن خاتىرە قالدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز شېئىرلىرىنى رەتلەپ «دىۋان بائىزى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. شائىرنىڭ خەلق ئىچىدىكى يۇكسەك ئابرويى، ئادالەتپەرۋەرلىك روھى ۋە كەسكىن پوزىتسىيىسىدىن چۆچۈگەن شىڭ شىسەي دائىرلىرى 1938 - يىلى ئۇنى تۇتقۇن قىلىپ، تۈرمىگە ئېلىپ كېلىدۇ ۋە تۈرمىدە مەخپىي ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

«دىۋان بائىزى» غا شائىرنىڭ ھەرخىل تېمىلاردىكى 24 پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ غەزەل، مەسنەۋى، رۇبائىي، قىتئە، مۇئەمما شەكلىدە يېزىلغان شېئىرلارنى ۋە «يەكەن ساداسى» ناملىق داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇندىن باشقا ئۇنىڭ «زىنداندىن خەت» قاتارلىق يەنە بىرمۇنچە يىرىك ئەسەرلىرى بار. بۇ توپلامغا شائىرنىڭ پەرزەنتلىرى مەمتىمىن بائىزى ۋە ئەمەت بائىزىلار تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسى نەشر قىلغان «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىنغان «دىۋان بائىزى» دىن بىر قىسىم شېئىرلار تاللاپ كىرگۈزۈلدى.



## پۇل

يارەب خەزىنەڭ ئىچىدە باردۇر ئەجەب تولا پۇل،
ھەرقانچە بەرسەڭ ئاندىن كەم بولمىغاي ساڭا پۇل،
دۇنيانى سەن ياراتتىڭ، مەخلۇق ئۈچۈن ئېنىقكى —
سەن ھەممىدىن مۇنەززە، دەركار ئەمەس ساڭا پۇل.
قۇرئان ئىچىدە كۆردۇم: ناگاھ «كۇلۇ ۋە شرىبۇ»
«لاتۇسرەفۇ»نى كۆرمەي، ئىلكىمىزدە يوق، جۇدا پۇل.
مەسچىت - خانىقادا غوۋغا، بازار كوچىلاردا سەۋدا،
بۇ يەردە مۇددىئا پۇل، ئۇ يەردە «رەببەنا» پۇل.
بىر پۇل ئەگەر بولمىسا مەسچىت ئىچى قاراڭغۇ،
مەكرۇھ شام ۋە خۇپتەن دەركار ئىكەن راسا پۇل.
سەيىد شىرىپ ئەرەبنى ئايرىپ ئۇلۇغ ھەرەمدىن،
خار ئەيلىبان ئۇلار كۆپ قىلدى بىناۋا پۇل.
نەپسى پۇلۇ، گۆشنى دەر بەرزەن تاتلىق يېيىش دەر،
خوتۇن ئىگىمن كىيىش دەر. يېتىشمەيدۇ ئەسلا پۇل.
بەش - ئالتە يامبۇ بولسا ئۇنىڭ ئېتى «باي» بولار،
كىمدە بولسا دىيانەت ئۇنى قىلۇر گاداي پۇل.

## ئېشەك ھەققىدە

سىزلەر كېتىپ، ئېشەك يىتىپ، ئىزدەپ ئۇنى تاپالمىدۇق،
ئاۋلامچىلارغا ئاۋلۇنۇپ، ئەسلا خەۋەر تاپالمىدۇق.
شەھەر ئىچىدىن چىقىپ ئىكەن، قوغۇنلۇققا كىرىپ ئىكەن،

قوغۇنچىلار تۇتۇپ ئېلىپ، ئەسلا تىلەپ ئالالمىدۇق.
قوغۇنلۇقتىن قېچىپ كېتىپ، زەيكەش لايغا كىرىپ كېتىپ،
قارا لايغا پېتىپ قېلىپ، تارتىپ ئۇنى ئالالمىدۇق.
نەچچە كىشى ئېلىپ بېرىپ، ئېشەك بىلەن ھەپىلىشىپ،
كۆن كەچ بولۇپ دەرۋازا ئېتىلىپ، شەھەرگە يېتىپ كىرەلمىدۇق.
ئېشەك لايدا تۇرۇپ قېلىپ، بىزمۇ ئاندىن ھېرىپ قېلىپ،
شەھەر تېشىدا تۇرۇپ قېلىپ، پاشا چېقىپ ياتالمىدۇق.
ئېشەكنىمۇ ئېلىپ كېلىپ، ئېغىلغىمۇ سولاپ قويۇپ،
ھاگراپ تۈندە غەلىۋە سېلىپ، ئۆيدىمۇ بىز ياتالمىدۇق.
قويۇپ بەرسەم قېچىپ كەتتى، مىنىۋالسام ھاللىمزاتتى،
بۇ ئېشەكنىڭ دەردىدە بىز پادىغىمۇ قاتالمىدۇق.
بۇغۇ ئېشەك ئەمەس ئىكەن، سامان بەرسە يېمەس ئىكەن،
كۈندە - كۈندە ئېلىپ بېرە، بېدىگە پۇل تاپالمىدۇق.
ئېشەك ئۆزى كۆك ئىكەن، ئەيىبلىرى كۆپ ئىكەن،
بازار - بازار ئېلىپ يۈرۈپ، ئېشەكنى بىز ساتالمىدۇق.
سامان، شاخنى يېمەس ئىكەن، بوغۇزنىمۇ قويماس ئىكەن،
يول مېڭىشى بەك بوش ئىكەن، ئەيىبىنى بىز تاپالمىدۇق.

ھىجرىيە 1330 - يىلى يېزىلغان

## قارلىق

رەھمىتى ھەق بىرلە يىل باشىندا ياغدى قار - قار،
دەھرى ئابادىغا، ئىنسان خاسىيەت كەلمىش باھار.
خوبلار ئاداتى مەھبۇبىغا قارلىق تاشلىماق،
بۇ سەۋەب بىرلە مۇھەببەت دىلغا بولغاي بىقارار.
ئىلغىدىم مىڭدىن سېنى، ھاجى ئېلىپ قىلساڭ قوبۇل،
بەزىم ئەسبابىنى يارەنلەرگە قىلغىل ئىختىيار.



خانەئى پىردەۋسىدەك ئەيلەپ مۇھەييا ھەم يانا،
ئوت بىلەن پەيزى بىلەن بۇ ئۆي ئىچى بولغاي باھار.
لازىم ئۇنۋائى فەۋاكىدىن تىزىلماق جوزىغە،
شەمئىدانۇ، شەمئى ئانداقكىم تىزىلغايلار ئانار.
ھەم «ئۇشاقۇ» «راك» ئوقۇپ تۇرسا مۇغەننىيلەر كېلىپ،
مەجلىس ئەھلى كۆڭلىغە ئاندىن زىيادە پەيزى بار.
نەغمە ئەسبابىنى ئىمانىغىچە ھازىر ئەيلىبان،
داپ، غىجەك، قالۇنۇ تەمبۇرۇ دۇتارۇ ھەم سەتار.
يۈسۈفىلاردىن ئاتا بولسا ناۋا ساز ئولغىلى،
چۈن غىزايى روھىدۇر، گەر تاپسا لەززەت خۇشگۇۋار.
ھەم شېكەرلەب نازىنىندىن بولسا ئاندا نەچچىسى،
تولغىنىپ رەقىس ئەيلىبان، غەمزە بىلەن قىلسا نەزار.
ئاق كۆمۈشتەك تەنلىرى كۆز كۆرسە ئىستىغنانى كىم،
مەن كەبى يۈز نەچچە ئاشىق ئەيلىگەي جانىن نىسار.
يار بولسۇن - بولمىسۇن ئىختىيار مەجلىستە كىم،
شاد ئېتەرمىز دوستلارنى ئەيلىبان دۈشمەننى خار.
سۆھبەتى ياران غەنىيمەتتۇر بۇ پانىي دەھىر ئارا،
ئەھلى دانىش تەرك سۆھبەت ئەيلىمەس لەيلۇ ناھار.

ھىجرىيە 1336 - يىلى

## ھەزىل

سۇبھى دەم بولدى مۇئەززىن «ھەي» دېدى،
يار ئەيدى: «ساقى كەلتۈر مەي» دېدى.
شۇل زامان سۇندۇم قولۇم يار بويىنىغا،
يار تەبەسسۇم قىلىپ مېنى: «ھەي - ھەي» دېدى.

## رۇبائىيلار

1

شەھەر يولىدا كۆردۈم بىر پەردۋەشى، ماھى رۇخسارى،
ئۆزى ئات ئۈستىدە، كەينىدە بار ئەردى جۇلۇدارى.
ئىگىپ تالدەك بۇ قەددىمنى سالام قىلدىم دېدى: «ھارماڭ»،
دېدىم: «دۆلەت زىيادە بولسۇن سىزلەرگە خۇدا يارى ...»

2

يېتىپتىمەن شەمئى رۇخسارىڭگە ھەردەم يارنى كۆرگەيمەن،
ئۆزۈمنى يۈز قاتار پەرۋانىدەك، سەندىن ئۆيۈرگەيمەن.
يولدا خارخەس كۆرسەم، ئاڭا كۆز ياشلارىم ساچىپ،
قويۇپ يەرگە يۈزۈمنى كىرپىكىم بىرلە سۈپۈرگەيمەن.

3

كۆڭلى يېقىنلا بولسا، ئۆزى يىراقتا بولسا،
يىراق دېمەس ھېچكىم شامۇ ئىراقتا بولسا،
كۆڭلى يىراقكى بولسا، ئۆزى يېقىندا بولسا،
يېقىن دېمەس ھېچكىم قاشۇ قاپاقتا ـ بولسا.

4

ھاياتلا بولسا كىشى يېيىشكە نان تېپىلۇر،
بىھۇدە قىلسا ئەمەل، ئۆمۈرىنى خازان قىلۇر.



ئۆزۈڭگە پايدىنى كۆزلەپ كىشىگە سالما زىيان،
ئورىنى كىمكى قازسا ئاۋۋال ئۆزى يىقىلۇر.

5

ئايا ئادەم تەپەككۇر قىل! ئۆزۈڭگە مەن ئىچۇك جان سەن،
ئەگەر «جەمشىت» ئىرۇرسەن بۇ جاھانغا يا «سۇلايمان» سەن.
مىنىپ دۇلدۇلنى سەير ئەت، تۇغ كۆتۈر، باشىڭغا تاج كىيگىل
ئۆلۈمنىڭ دەستىدىن ئاخىر، قارا يەر بىرلە يەكسان سەن.

## مۇئەمما (تېپىشماق)لار

1

ئەژدەرى كۆردۈمكى باشىدا ئانا سۈر شاخى بار،
ھەر بىرى شاخىدا كىم ئۈچ قىز تۇرۇر، ئەپسۇن شوئار.
تېخى ھەربىر قىزغا ئوتتۇز، نەۋجىۋان ۋابەستەبۇر،
ھەر بىرى باشىغە بەشتىن گۈل قىسىپ بولمىش باھار.

— جاۋاب: (يىل، 4 پەسىل، ھەربىر پەسىل 3 ئاي،
بىر ئاي 30 كۈن)

2

ئول نەدۈركى: قۇدرىتى پەرۋەردىگار،
بىر قەدەھتە ئىككى تۈرلۈك سۈيى بار.
ئول سۈيىسىكى ئوتقا كىرسە سۇ بولۇر،
بارچە مۇزلار ئوتقا كىرسە سۇ بولۇر.
— جاۋاب: (تۇخۇم)

3

ئۇل نېمەدۇر؟ بىر ھاپىزى نەغمىگەر،
نەغمىسىدىن بولغۇسى خۇنى جىگەر.
باشى سەكسەندۇر، ئۇنىڭ يۈز بىر پۇتى،
نەغمە ئەيلەر چەشمىلەردە سەر بەسەر.
— جاۋاب: (پاقا)

4

نېمىدۇر ئۇل بىر ياغاشكى خەر ئانى سەھرادا يەر،
تۇشىدى شاھنىڭ ئىلكىگە مۈلكى ئىسكەندەرنى يەر.
يېمىگى قارا نېمە، ماگىمىقى ئاق يولدادۇر،
قالسا ماگماقتىن تۇرۇپ، باشىگە خەنجەرنى يەر.
— جاۋاب (قومۇش قەلەم)

5

تەگرىدىن ئەلچى كېلىپتۇر، سانى يوق،
ئەلچىنىڭ مېنگەن ئىتىنىڭ جانى يوق.
ئەلچىگە توشكۇن بېرىپتۇ ئىككى قوي.
گۆشتى بارۇ - پوستى بار، ئۇستقانى يوق.
— جاۋاب (بوۋاق)

6

بىر قۇش كۆردۈم يوق ئىنىڭ پەرۋە قاناتى ئايىغى،
تۇغمى - نەسلى يوق ئىكەن ياكى ئاتاسى - ئانىسى.



ئاسماندىمۇ ئۇچمايدۇ، زېمىندىمۇ يۈرمەيدۇ،
يېمىگى ئادەم گۆشى، ئاندىن بۆلەك يوق ئوزۇقى.
— جاۋاب (غەم)

7

ئادىمگە لازىم ئىرۇر يازۇ قىش،
بېشى بىردۇر، بېلى ئالتە، قۇيرۇقى تۆت يۈز ئىمىش.
— جاۋاب (ئوت - اوت)



## ئاسۇھا ئىمىن

(1955 — 1888)

مەرىپەتپەرۋەر شائىر ئاسۇھا ئىمىن 1888 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ ھازىرقى مويكا مەھەللىسىدە كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ھۈنەرۋەن بولۇپ، موزدوزلۇق قىلاتتى، تۇرمۇشى غورىگىل ئۆتەتتى. ئاسۇھا يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ يېتىم قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاكىلىرى ئىبىدىمىن، مەسۇماخۇنلارنىڭ تەربىيىسىدە بولدى. ئاسۇھا كىچىكىدىنلا زېرەك، ھوشيار، ئۆتكۈر بالا ئىدى. ئاكىلىرى ئاسۇھانىڭ بۇ ئىزگىچىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇ توققۇز ياشقا كىرگەندە مەھەللىدىكى دىنىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردى. ساۋاتسىزلىق بىلەن بىلىمسىزلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان ئاكىلىرى ئاسۇھانىڭ ياخشىراق ئوقۇشى ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن تولۇق شارائىت يارىتىپ بەردى. ئاسۇھا 17 ياشقىچە ھېزىزەم ئاخۇنۇمدا ئوقۇپ دىنىي بىلىم ئېلىپ، ساۋاتىنى چىقاردى. ئۇ ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلىدە شېئىرىيەتكە ئىشتىياق باغلاپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر كىتابلارنى تېپىپ ئوقۇپ، ئەدەبىي بىلىمىنى ئاشۇردى، ناۋايى، ھۇۋەيدا، مەشرەپ ۋە موللا بىلال قاتارلىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ يادقا ئالدى. شۇ قاتاردا ئۆزىمۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ شېئىر يېزىشنى باشلىدى.

مەرىپەتكە ئىشتىياق باغلىغان ئاسۇھا تېخىمۇ كۆپرەك

بىلىم ئېلىش ئارزۇسىدا بولۇپ، بۇ ئارزۇسىنى ئاكىلىرىغا ئېيت-
تى. ئاكىلىرى ئىنىسىنىڭ ئارزۇسىنى يۇرت چوڭلىرىغا مەلۇم
قىلىپ، قەيەردە ئوقۇتۇشنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلدى. ئۇلار
ئاخىر ناسۇھانى مىسىرنىڭ ئەزھەر داشۆسىگە ئەۋەتىپ ئوقۇتۇش-
قا بىرلىككە كەلدى. ئاكىلىرى يۇرت چوڭلىرىنىڭ يار-يۆلەك
بولۇشى بىلەن ناسۇھاغا يول راسخوتى، ئوقۇش خىراجىتى
ھازىرلاپ، 1905-يىلى 17 ياشلىق ناسۇھانى مىسىرغا بىلىم
ئېلىش ئۈچۈن يولغا سالدى. ناسۇھا شۇ يىلى مىسىرنىڭ
قاھىرە شەھىرىدىكى ئەزھەر داشۆسىگە بېرىپ ئوقۇشقا كىردى.
ئۇ بۇ داشۆدە 10 يىلغا يېقىن ئوقۇپ، دىنىي ھەم پەننىي
جەھەتتە بىلىم ئالدى، ئەرەب-پارس تىلىنى، ئەرەب، پارس،
تۈرك ئەدەبىياتىنى مۇكەممەل ئۆگەندى. يېزىقچىلىق جەھەتتىمۇ
پىشتى. شۇ مەزگىلدە ئەتراپتىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردىن بولۇپمۇ
مۇسۇلمان دۆلەت ۋە رايونلاردىن كۆپلىگەن ئالىملار، شائىر،
يازغۇچىلار، مۇدەررىسلەر ئەزھەر داشۆسىگە كېلىپ-كېتىپ
تۇراتتى. ناسۇھا ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە ھەم مۇھاكىمىلەردە
بولۇپ، ئۇلاردىن دۇنيا ئەھۋالى، دۇنيانىڭ ھەم شۇ دۆلەت،
شۇ رايونلارنىڭ تەرەققىيات، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، ئەدەبىيات-
سەنئەت ئەھۋالىنى سوراپ ئۆگەندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ
نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. ئىدىيىۋى ئېڭى ئۆستى،
ئىلىم-پەننىڭ ئىنسانىيەتكە بولغان زۆرۈرلۈكى ھەققىدىكى تو-
نۇشى چوڭقۇرلاشتى. ئۇ شۇ چاغلاردا ئۆز يۇرتىنىڭ نادانلىق
ئىلكىدە ئىڭراپ، خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پېتىپ، غەپلەت ئۇيقۇ-
سىدا ياتقانلىقىنى ئويلاپ، قاتتىق ئازابلاندى، ئۇلارنى غەپلەت
ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىشنىڭ ھەممىدىن زۆرۈرلۈكىنى كۆڭلىگە
پۈكتى. تىرىشىپ ئوقۇپ، كۆپلەپ بىلىم ئېلىپ، غۇلجىغا قايتىپ،
غۇلجا مۇھىتىدا مەرىپەت چىرىغىنى ياندۇرۇپ، قاراڭغۇلۇقنى

يورۇتۇش قارارىغا كەلدى. ئۇ 1915 - يىلى ئوقۇشنى ئەلا باھا
بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، غۇلجىغا قايتماقچى بولىدى. بۇ چاغدا
ناسۇھانىڭ ئۇستازلىرىنىڭ ھەم بىر قىسىم بۇخارالىقلارنىڭ ناسۇ-
ھانىڭ ئوقۇشتا كامالەتكە يەتكەنلىكىدىن خەۋىرى بار ئىدى.
ئۇلار ناسۇھانى ئەزھەر داشۆسىدە قېلىپ ياكى بۇخاراغا بېرىپ،
مۇدەررىس بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. لېكىن ۋەتەنپەرۋەر ناسۇھا
يۇرتىنى، ئۆز مىللىتىنى ئويلاپ، ئۇلارنىڭ دىلىنى يورۇتۇپ،
ئېلىنى ئۆستۈرۈشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلاپ،
ئۇلار ئاتا قىلماقچى بولغان ئالىي ئىنئامنى تاشلاپ، شۇ يىلى
غۇلجىغا قايتىپ كەلدى.

ناسۇھا، داموللا نامى بىلەن غۇلجىغا كەلگەن بولسىمۇ،
مەھكىمە شەرئى ئۇنىڭدىن قايتا ئىمتىھان ئېلىپ، سۇ دەرۋازى-
سىدىكى ئەلاباي مەسچىتىگە خاتىپلىققا بەلگىلىدى. بۇ ئۇنىڭ
ئىستىكى ئەمەس ئىدى. زورۇرى بىر يېڭى مەكتەپ ئېچىپ
ياش - ئۆسمۈرلەرنى دىنىي، پەننىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئىدى.
ناسۇھا خاتىپلىق قىلىپ يۈرۈپ، كۆپ ئۆتمەيلا ئەلاباي مەس-
چىتى يېنىدا بىر مەكتەپ ئېچىپ، 100 دىن ئارتۇق بالىنى
ئوقۇشقا جەلپ قىلدى. ئاندىن ئۇ ئاساسىي دىققەتنى مۇشۇ
بالىلارنى تەربىيىلەش ئۈستىگە قويىدى، مەكتەپتە دىنىي دەرس-
تىن باشقا، تىل - ئەدەبىيات، ھېساب، جۇغراپىيە، ئىلمىي نۇجۇم،
پەلسەپە ۋە تارىخ دەرسلىرىنى تەسىس قىلدى، ئۆزى يالغۇز
دەرس ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېزىلىش، قالاقلىق بىلەن ئىلغار-
لىق، خۇراپاتلىق بىلەن تەرەققىيپەرۋەرلىك گىرەلىشىپ كەتكەن
غۇلجا مۇھىتىدا مەرىپەت ئوتى تۇتاشتۇرۇپ، مائارىپ تەرەققىياتى
ئۈچۈن يېڭى يول ئاچتى. ئۇ خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن جاما-
ئەت سورۇنلىرىدا، چەت ئەلدە يۈرگەن چېغىدا كۆرگەن - ئاڭ-
لىغانلىرى، شۇ دەۋردىكى دۇنيا ۋە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر-



نىڭ پەن - تېخنىكىسى ئۈستىدە تەشۋىق - تەرغىباتنى ئىزچىل-
لاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى بولۇپمۇ، ياش - ئۆسمۈرلەرنى بىلىم ئېلىپ
ئۆز ئىستىقبالىغا ئېرىشىشكە دەۋەت قىلدى، ئۇلارنى زوراۋان-
لىققا، مۇتەئەسسىپلىككە، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇشقا چاقىردى.
ناسۇھانىڭ مەرىپەت يولىدىكى بۇ خىل تىرىشچانلىقلىرى خەلق
ئاممىسىنىڭ، بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا
ئېرىشتى، تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ئۇنى پائال قوللىدى. بىراق
فېئودال، مۇتەئەسسىپ، خۇراپىي كۈچلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا
ئۇچرىدى. ئەمما ناسۇھا داموللام ئۇلارنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي،
ئۆزى ئاچقان ھەققانىي يولدا قەتئىي مېڭىپ، ئىشىنى داۋام-
لاشتۇرۇۋەردى. كېيىنكى چاغلاردا ئىلى مائارىپىنىڭ يۈكسىلىشى
ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشقان مەرھۇم ئابدۇسالام ئەپەندى،
يار مۇھەممەت مەخسۇملار ئەينى يىللاردىكى ناسۇھا داموللام-
نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى.

كونىلىقنى ياقىلىغۇچى كۆپ ساندىكى مۇتەئەسسىپ كۈچ-
لەر بىلەن يېڭىلىق تەرەپدارى بولغان ناسۇھا قاتارلىق ئاز
سانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى كۈچەيدى.
مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ناسۇھاغا «دىنىمىزنى بۇزدى، خەلقنى
غەيرىي يولغا باشلىماقچى» دەپ بەدنام توقۇپ، مەھكىمە شەر-
ئىگە چاقتى. ناسۇھا داموللام مەھكىمە شەرئىگە چاقىرتىلىپ،
بىرنەچچە قېتىم سوراق قىلىنىدى، ناسۇھا داموللام ئۆز ئىشىنىڭ
توغرىلىقىنى نۇرغۇن ئەمەلىي دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىدى. بۇ-
نىڭ بىلەن ئۇ ئوقۇتۇشنى، تەرغىباتنى توختىتىپ قويمىدى.
خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن قولىغا قەلەم ئېلىپ نۇرغۇن شېئىر-
لارنى يازدى. تۆھمەت، ئادالەتسىزلىك، چىقىم قانچىلىك كۈچەي-
سە، ناسۇھا ئۆزى تاللىغان يولدا دادىل قەدەم تاشلاۋەردى.
ئوقۇتۇش، تەرغىباتچىلىق ۋە ئىجادىيەت ئىشىنى ھەرگىز توخ-

ئىپ قويمىدى. كېيىنكى كۈنلەردە تۈگمەس روھىي ئازاب ھەم قاتتىق ئىشلەش ئارقىسىدا ناسۇھانىڭ سالامەتلىكى بىردىنلا ناچارلاپ كەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ، غۇلجا ئەتراپىدىكى خاغىستاي، خونىخاي قاتارلىق يېزىلارغا چىقىپ ئۆزىنى سەگىتىپ كېلىپ، يەنە ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ يۈرۈۋەردى. لېكىن ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشكەنلەر كۆپەيدى، بەدنام ئۈستىگە بەدنام توقۇلدى، دوتەينىڭ تۇڭچىسى ئادىل بەگ قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تىنتىپ يۈردى. 1923 - يىلى مەرىپەتپەرۋەر شائىر، مۇتەپەككۇر ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىر خىل تەتۈر قۇيۇن پەيدا بولۇپ، كونىلىق تەرەپدارلىرى بولغان مۇتەئەسسىپ كۈچلەر تېخىمۇ غالجىرلىشىپ كەتتى. جۈملىدىن غۇلجىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى، غۇلجىدىكى ئوقۇمۇشلۇق زات ئابدۇراخمان ئەپەندى دوتەي تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، ئۈرۈمچىگە پالاندى. شۇنىڭ بىلەن يېڭىلىق تەرەپدارلىرى بىلەن كونىلىق تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىش يەنىمۇ كەسكىنلەشتى، يېڭىلىق تەرەپدالىرى، مەرىپەتپەرۋەرلەر ۋە ئىلغار پىكىر ئېقىمىدىكى دىنىي زاتلار قاتتىق بېسىم ئاستىدا قالدى. ناسۇھا داموللام قاتارلىق خەلقچىل، ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ھەر خىل پائالىيىتى پۈتۈنلەي چەكلەندى، ئۇلارنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالدى. ناسۇھانىڭ مەكتىپى تاقىلىپ، ئۆزى جامائەت ئىچىدىكى تەشۋىقىي - تەرغىباتتىن چەكلەندى. ۋەزىيەتتىكى بۇنداق جىددىيلىك ناسۇھانى ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا، يۇرتىنى تاشلاپ، جېنىنى قولىغا ئېلىپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى، ئۇ، 1926 - يىلى ئىلىنىڭ خونىخاي مازار يېزىسى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتتى.

ناسۇھا داموللام سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكەندىن كېيىن،



قاراقول (برژىۋالسكىي) شەھىرىنى ماكان تۇتتى. تۇغقانلىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ 1955 - يىلى شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭدىن سالىخە، سۈرەييەدىن ئىبارەت ئىككى قىز بالا قالغان، ناسۇھا داموللامنىڭ چەت ئەلدىكى پائالىيىتى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق.

ناسۇھا داموللام غۇلجىدىكى مەزگىلدە، ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، خەلق ئىچىگە تارقالغان. ئۇ يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىنى يىغىپ بىر دىۋانغا جەملەپ، بىر بۇرادىرىگە بېرىپ قويغان بولسىمۇ، بۇ دىۋان قولدىن قولغا ئۆتۈپ يوقىلىپ كەتكەن. بىز ۋەتەنپەرۋەر، خەلقچىل شائىرنى ياد ئېتىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم شېئىرلىرىنى كىتابخانلارغا سۇندۇق.

## شېئىرلار

1

خونخاي مازارىغا مەن زار ئىدىم،
كىم زىيارەت ئەيلىسە مەن يار ئىدىم.
ئەھلى ئىلىم، ئەھلى پەزىل، ئەھلى ئاشىق،
قىلسا مەۋلانە سۆزۈم مەن جار ئىدىم.
يۈسۈپ سەككاكى قىزىلگۈل بولسا،
مەن بۇلبۇل شەيدارى ئىدىم.
مىڭ ئۈچ يۈز قىرىق سەنە بولدى نېسىپ،
تالىبان بىرلە كېلىپ بىمار ئىدىم.
ھەقىقەت ئىزلىگەچكە بۇ ئالەمدە،
مەن ناسۇھا قۇللار ئىچىدە خار ئىدىم.

1920 - يىل

2

مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرلەر،
قىزىلگۈلدەك باغلار قالدى.
ئېگىز - ئېگىز خۇش چىرايلىق
ياقۇت تاشلىق تاغلار قالدى.

بۇغا - مارال پادا - پادا
ئوتلاپ يۈرگەن سايلار قالدى.
تاغ باغرىدا سەكرەپ ئويناپ،
بوتلاق، ئوغلاق، تايلار قالدى.



سۇ بويىدا شىلدىرلىشىپ،
تەزىم قىلىشىپ، باش ئېگىشىپ،
مەن ماڭغاندا ئۇزىتىشىپ
لەيلى مەجنۇن تاللار قالدى.

چۇرۇق - چۇرۇق ئويناۋاتقان،
پىلدىر - پىلدىر بويلاۋاتقان،
ئاق كۆمۈچتەك چاقناۋاتقان،
بالدىن تاتلىق سۇلار قالدى.

جىم - جىم كوچا، ئايدىڭ كېچە،
بۇلاق بويلاپ باغچە - باغچە.
يۇلتۇز ساناپ تاڭ ئاتقىچە،
ئويناپ كۈلگەن جايلار قالدى.

1928 - يىل

3

ئەي دېھقىنىم پۇچۇلدۇڭ،
ھوشۇر تۆلەپ، دەن تۆلەپ.
بىرسى راۋا شەرىئەت،
ئىككى تۆلەش ئۆزگىرەك.
نەپسى ئۈچۈن ئىماننى
ساتتى موللام ھەسسىلەپ.
ئاڭلاپ تۇرۇپ ھالىڭغا،
بولالمىدىم يار يۆلەك.
پالتا سېپى تەلۋىلەر

قارىغۇدا تەمتىرەپ،
بىرسى كەتسە، بىرسى كېلىپ،
بەرمەس ئارام شۇم پەلەك،
يوغان سەللە يۆگىگەن
بىرسى كەلدى «كەپسەن» دەپ،
ئاز بەرگەنگە رازى ئەمەس،
بەرگىن دەيدۇ كۆپرەك.
ئۇھ، دېيەلمەي دېھقانلار،
پىرقىرايدۇ چاقپەلەك.
باڭباڭزىسى قولىدا
لوزۇڭ كەپتۇ سەيسىلەپ،
كۆرە، قاداق كۆتۈرگەن
يايى-دوغىدىن بىلەك.
قانائەت يوق ئۆزىدە
ئەلنى قىل دەر قانائەت.
قازى، ئىشان، مۇپتىلا،
بۇنى ئاز دەپ پارە يەپ.
تويۇپ ئۆتمەس نائىنساپە
بىرنى يالاپ، بىرىنى يەپ.
ۋاڭ-گۇڭلارنىڭ ئالدىدا،
خوجام بولدى پاي پېتەك.
موللا، ئىشان جار سالدى
«كالتە قۇيرۇق قايدا» دەپ،
ناسۇھانى باغلىدى،
ئىككى يەردىن جەندىلەپ.
قىرىق دەررە ئۇرغاندا
قېچىپ چىقتىم تەمتىرەپ.



ئەزىمىزگە كىم يەتكەي،
بىر خۇدايىمدىن بىلەك.

①4

ئاھ قەدەم ئاستىدا قالدى مەسلىكى ھەق توغرىسىلەر،
ھىيلە بىرلە تاپتى راۋاج ئەسلى مەككار ئوغرىسىلەر.

×

نەسىيە ساتما بۇرادەر نەسىنى بىگانەلەر قىلسۇن،
ئۆزى يۈزسىز، دىلى قاتتىق، سۆزى ئەپسانىلەر قىلسۇن.
ئاتا ئازار، ئانا بىزار، دىلى ۋەيرانەلەر قىلسۇن،
ھالال بىرلە ھارامدىن بىخەبەر ھەيرانەلەر قىلسۇن.
مۇسىبەت ئاستىدا قالدىم دېبان ئاھ ئۇرما ئاقىل،
مۇسىبەت ۋاسىتىسى ئىلە قىلغانىڭ كۆپ تەجرىبە ھاسىل.
نىچە كۈن دەرد-ئەلەملەر تارتىبان ھۇشيار بولغان سوك،
كىرەملىك پادىشاھىم ئەيلە يۈر مەقسەدىگە ۋاسىل.

×

نەسىھەت تىڭلىماس ئادەمگە قۇرئان قىلمىغاي تەسىر.
نەسىھەت تىڭلىغانغا قىلغۇسى شاپ ناخشىسى تەسىر.

① ناسۇھانىڭ بۇ شېئىرىدىكى ئەسلىدە ھوشۇر (دىۋانە) يادقا ئېلىۋالغانىكەن. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن غۇلجا ناھىيە توقاي مەھەللىسىدىكى ھەسەن موللام يېزىۋالغان. ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن سەيدەخمەت ئاكا كۆچۈرۈۋېلىپ، 1985 - يىلى 4- ئاينىڭ 16- كۈنى تۇرسۇن زېرىدىنغا ئەكىلىپ بەرگەن.

×

قېرىنداش دۇ مۇھەببەت يەكدىل ئىچرە جەمئى گەلمەيدۇ،
دىيانەت راستلىق بىرلەكى، دۇنيا جەمئى كەلمەيدۇ.
ئەقلىنىڭ ساھىبى خار، ھاماقەتلەر ھالاۋەتتە،
ھالاۋەت بىرلە كۆر پەزلو كامالەت جەمئى كەلمەيدۇ.
بۇ دەھرى بىباقادە ھېچ كىشى مەقسۇدىغە يەتمەس،
ئۆتەر، دائىم پىراق ئىلە ۋىسالى جەمئى كەلمەيدۇ.
بوينىنى ئەگمەس كىشىگە ياخشى ئىنسان نەپسى ئۈچۈن،
ئۆزىنى خار ئەيلىمەس چىن ئەھلى ئىمان نەپسى ئۈچۈن.
ھەپتىدە نان ئۈچتە قىلسا، قىلمىغاي ئەلدىن تەمە،
چېھرىنى سارغايتمىغاي ياخشى كىشى نەپسى ئۈچۈن.

×

كىمكى گەلدى بۇ پانىگە ئاھ بىغەم ئۆلمىدى،
دائىما دەردۇ ئەلەملەر باشىدىن كەم ئۆلمىدى.
غاپىلا بىلسەڭ بۇ دۇنيا ئەسلىدە غەمخانىدۇر،
تاكى ئۆلمەي ھېچ كىشىنىڭ جىسمى بىغەم ئولمىدى.

×

قەدىر دانىڭ ئولمىسا، قەدرىڭ بىلمەس ھېچ كىشى،
ئىچ كۆيەرىڭ ئولمىسا، خەلقى جاھانىڭ نە ئىشى.
خالىقا ھېچ بەندىنى ئۆز يۇرتىدىن ئايىرمىغىل.
ئايرىلىپ قالغان ناسۇھنىڭ توختىماي ئاققان يېشى.

---

① يۇقىرىقى پارچىلارنى غۇلجا شەھەر تاشكۆۋرۈك يېزىسىدىكى مەھەممەتجان ھاپىزى ساقلاپ كەلگەن. شۇ بويىچە تەييارلاندى.



×

سەن مېنى دوستۇم دېسەڭ،
ئولتۇر قېشىمدا بىر زامان.
بىر زامان ئولتۇرمىساڭ،
ئارمان قىلۇرسەن ھەر زامان.

توي بولغاندا داپ، سۇنەي چېلىپ،
يۆلەن ئېيتماق ئادەت ئەمەسمۇ؟
توي بېشىدا مەسلىھەت چايدا
سامسا، كاۋاپ بىد ئەت ئەمەسمۇ؟
بايلار كەلسە چىنە ـ لىگەندە
ئاش ھەم قىيزا نەسىپ ئەمەسمۇ؟
كەمبەغەلگە ساپال قاچىدا
ئۇماچ تارتىش ئەيىب ئەمەسمۇ؟
توي بولغاندا سويۇپ ئات ـ كالا
ئاشلار تارتماق ئىسراپ ئەمەسمۇ؟
كەمبەغەلگە تويدا چامغۇر سېپ
سۇيۇقئاش ئەتمەك ئازاب ئەمەسمۇ؟
بايلار كەلگەندە مەرھابا، دەپ،
تۆرگە باشلاش ئىزا ئەمەسمۇ؟
كەمبەغەل كەلسە چىق ـ چىق دىبان،
قوغلاش تەركىي ھايا ئەمەسمۇ؟
بايلار كىرىلىپ تۆردە ئولتۇرسا،
بەزمە قۇرۇش ئىللەت ئەمەسمۇ؟
كەمبەغەللەر تامغا يۆلىنىپ
تۇرۇپ قالسا ھەسرەت ئەمەسمۇ؟

1916 ـ يىل، جاغىستاي

## موللا داۋۇت

(1963—1890)

موللا داۋۇت 1890-يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئالا- سايغان يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق دىنىي مۆتىۋەر ساۋۇر ئاخۇن خەلىپىتىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىنى ئۆز مەھەللىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە ۋە نامانگاندىن قاغىلىققا كېلىپ مۇدەررىسلىك بىلەن شۇغۇللانغان قەمەردىن- خان ھەزرىتىمنىڭ سوپىزم تەلىماتى سىڭدۈرۈلگەن دىنىي تەربىيىسى ئاستىدا ئۆتكۈزگەن. موللا داۋۇت بۇ جەرياندا ناۋايى، خوجا ھاپىز، نۆبىتى، مەشرەپ، سوپى ئاللايار قاتارلىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ- دىن ھاسىل قىلغان ئېستېتىك زوق بىلەن شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. خەلق ئارىسىدا شائىرنىڭ غەزەل، مۇرەببە، مۇخەممەس شەكلىدىكى 90 پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن بىر شېئىرلار دىۋانى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئەسەر- لەر بەدىئىي ئۇسلۇبىنىڭ يېڭى ۋە ئۆزگىچىلىكى، تىلىنىڭ راۋان، ئېنىقلىقى بىلەن كىشىگە بەدىئىي زوق بەخش ئېتىدۇ. لېكىن شائىرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە ھېسسىياتى سوپىزم تەلىماتى بىلەن سۇغۇرۇلغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەسەرلە-



رىدە تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ تەركىي دۇنيالىق، چۈشكۈنلۈك ئىدىيىسىنىڭ بەلگىلىك تەسىرى سىزىلىپ تۇرىدۇ.

موللا داۋۇت 1963-يىلى 73 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرى يولداش جاپپار رەھىم «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتكەن «دىۋانى داۋۇد» نىڭ قول يازمىسىدىن تاللىۋېلىندى.

## غەزەل ئاشىقانە

يىغلاپ سەھەرلەر قىلسام پىغانە،
باردۇ بېشىمدا تۈرلۈك پىسانە،
بولسا مۇيەسسەر ئۇل ئاستانە،
كەلگەيمۇ يارىم قاشىمغا يەنە،
يارىم قېشىغا بولسام راۋانە.

كەتسەم يارىمنى ئەمدى سوراغلاپ،
ھىممەت كەمەرىن مەن بەلگە باغلاپ،
تاپسام ماكانىن مەن ئاندا يىغلاپ،
ياتسام ئىشىكىن ئەرزىمنى ئەيلەپ،
كەلگەيمۇ رەھمى بۇ ئاسىيانە.

يارىم يولىدا تارتسام مۇشەققەت،
بارسام قىلۇرمۇ يارىم مۇھەببەت،
قىلمە خالايىق ھەرگىز مالامەت،
يار ئىشقىدا بۇ جانىمغا راھەت،
ئۇچرارمۇ قولغا ئۇل ئاستانە.

تاپسام ۋىسالىن قويسام بېشىمنى،
ئەپغانە ئەيلەپ تۆكسەم يېشىمنى،
يارىم ئىشتىسە بۇ تاۋۇشۇمنى،



قىلغايمۇ رەھمى ئالسا قولۇمنى،
قىلسا ئىمزادە بۇ ئاسىيانە.

ئەرزىم ئىرورگە يەتسەم ۋىسالىڭ،
قىلساڭ خۇدايا نېسىپ جامالىڭ،
باردۇر خۇدايا قۇدرەت كامالىڭ،
ياندۇرمە يارەب مەندىن خىيالىڭ،
راھەت بۇ قولغە ئۇل ئاستانە.

ئىبرەت كۆزۈڭ ئاچ پەرۋانەنى كۆر،
ئاتەشكە ئۆزىن ئۇرغانىنى كۆر،
جانىن بۇ يولدا بەرگەنىنى كۆر،
ئاسىل ۋەتەنگە بارغانىنى كۆر،
جانىنى بەرگەي بۇ ئاشىقانە.

كىرسەڭ بۇ يولغا مۇھتىلى بولغىل،
غەپلەتتە ياتمە شىددەتلى بولغىل،
فىش ئەيلە تەقۋا قۇربەتلى بولغىل،
يارىڭ يولىدا مەقسەتلى بولغىل،
ئاھىڭ ئوقى چۇن يەتسۇن نىشانە.

باردۇ بۇ يولدا چەندان خەتەرلەر،
قىل ئېھتىياتى شامۇ سەھەرلەر،
ھوشىڭ بىلەن تۇر تارتما دەرەرلەر،
نەفسى ھەۋاچۇن يولدىن قويەرلەر،
ئىخلاس بىلەن بول يولغا راۋانە.

چىقار دىلىڭدىن سەن خارى خەسنى،
زايە چىقارما سەن ھەر نەپەسنى،
تۇتمە تەييار ئەيلە قەپەسنى،
قىلما دىلىڭدا چەندان ھەۋەسنى،
كۆرگەيمۇ تۇتى بۇ ئاشيەنە.

شەھتۇتى كىرسە ئۇشبۇ قەپەسكە،
كەتمەس خىيالىڭ تۈرلۈك ھەۋەسكە،
قىلغاي نەزەر چۈن ئاللا پەرەسكە،
توشقازما ئۆينى سەن خار خەسكە،
دىل ئۆيىگە بول سەن پاسبانە.

سەن ئاسىي داۋۇد كىرسەڭ بۇ يولغە،
تاغۇ باياۋان ھەم دەشتۇ چۆلگە،
قويساڭ قەدەمنى سەن راست يولغا،
ئاخىر ئالۇرسەن مەقسەتنى قولغا،
تەسدىق بىلەن بول باقىمە جاھانە.

## غەزەل دىكىر

يارىمنى ئىزدەپ قالدىم بالاغە،
قىلغايمۇ رەھىمى بۇ مۇپتىلاغە،
ئۇچرات قولۇڭنى بىر ئاشىناغە،
يەتكۈزسە ھالىم ئول دىلرەباغە،
يەتسەم جاھاندا مەنمۇ جانانغە.

تۇشتى دىلىمغە كۆپ ئىشتىياقى،
يىغلاپ كۆيىمدە سىزدى قاراقى،



كۆيــدۇردى دوستلار يارىم پىراقى،
ئۆرتەپ دىلىمنى دەردۇ پىراقى،
رەھىم ئەيلىگەيمۇ مىسكىن گاداغە.

دەردىمدە ھەردەم تۆكسەم يېشىمنى،
ئاستانىسىغە قويسام بېشىمنى،
تۆھپە ئىبەرسەم ئاققان يېشىمنى،
يارىم ئىشتكەي بۇ نالىشىمنى،
يەتكەيمۇ ئاھىم قادىر خۇداغا.

كۆرسەت جامالىڭ كۆڭلۈمنى شاد ئەت،
ئاسىي قۇلۇڭنى رەت قىلمە يات ئەت،
بەرگىل خۇدايا ئىنساپ دىيانەت،
ئاخىردا بەرگىل مەئۋايى جەننەت،
يارەب نېسىپ ئەت ئاخىر لىقاغە.

جان ئاچچىقىمنى سەن ئەيلە ئاسان،
مۇندا ئىمان بەر ئاخىردا ئىمان،
سەكراتتە بەرگىل دەردىمگە دەرمان،
قىلغان گۇناھىم سەن ئەيلە پىنھان،
يەتكۈز قولۇڭنى سەن مۇددىئاغە.

بۇ ئاسىي داۋۇد ئىمان تىلەيدۇ،
قاراڭغۇ گۆردىن ئامان تىلەيدۇ،
شەيتان قولىدىن ئامان تىلەيدۇ،
رازىلىقىڭنى سەندىن تىلەيدۇ،
رەھىم ئەيلە يارەب مىسكىن گاداغە.

## ھىجرىڭدە كۆيدۇم

ھىجرىڭدە كۆيدۇم ئى يارى جانىم،
كۆرسەت يۈزۈڭنى ئى مېھرىبانىم.

شامۇ سەھەرلەر زىكرىڭنى ئېيتاي،
زىكرىڭدە لەززەت ئالسۇن بۇ جانىم.

غەپلەتتىن ئويغات بىچارە قۇلنى،
زىكرىڭغە گويا بولسۇن زەبانىم.

بىچارە داۋۇد ئاسىي قۇلۇڭدۇر،
ئازدۇرمە يولدىن قادىر خۇدايىم.

## مۇخەممەس

دوستلىرىم ئەيىب ئەيلىمەڭ مەن بىر بالاغە ئۇچرىدىم،
داغى ھەسرەت ئىچىدە بىر مۇپتىلاغە ئۇچرىدىم،
چۇن رەقىبلەر ئىچىدە بىر ماجراغە ئۇچرىدىم،
ئەھلى دىللار ئىچىدە قىممەت باھاغە ئۇچرىدىم،
ئەرزى ھالىم ئەيغالى بىر پادىشاھقا ئۇچرىدىم.

يار ۋەسلىن ئىزدىسەڭ بار كىمرانىڭنى ئۇنۇت،
ئەسلى ۋەسلىن ئىزدىسەڭ كويىدە جانىڭنى ئۇنۇت،
يار مېھمان چىللىساڭ پەرزەندە، مالىڭنى ئۇنۇت،
يارنىڭ ئىشقىدا سەن سودا زىيانىڭنى ئۇنۇت،
بۇ دىلىمنى ئۆرتىگەن بىر مەھلىقاغە ئۇچرىدىم.



جىلۋە بىرلە ناز ئېتىپ چىللار مېنى ئۆز ئالدىغە،
ئىشتىياق بىرلە قەدەم ئۇرغۇپ كېلۇر يار ئالدىغە،
چۇن قەدەم قويسا كىشى بارغايمۇ دىللار ئالدىغە،
يار ئۆزى كەلگەيمۇ كېيىن ئەۋۋەلدە بەرگەن ۋەئدىغە،
يارىغە ۋەئدە بېرىپ كەتكەن سەنەمگە ئۇچرىدىم.

ئۇشبۇ داۋۇد ئاسىي قۇل ئۆزگىل دىلىڭنى نەھىمدىن،
يار ۋەسلىنى تىلەپ يىغلا سەھەرلەر دەردىدىن،
ئەفۇ قىلغىل ھەر گۇناھ ئۆتتى مەنۇ شەرمەندىدىن،
رازىمۇ بولغايمۇ خۇدايىم مەن كەبى بىر گەندەدىن،
ئەرزى ھالىم سورغىلى بىر دادخۇغە ئۇچرىدىم.

## مۇرەببە

ۋەئدە بەرگەن ئېرىدى ئاۋۋەل ئۇل نىگارىم،
قاراپ تۇردۇم ۋەئدە بەرگەن قارارىغە،
قاچان كېلۇر مېنىڭ ئۇشبۇل گۈلئۇزارىم،
يىغلاپ بارسام يەتكەيمەنمۇ ۋىسالىغە.

ئالغىل دېدى باغىڭدىكى تىكەنلەرنى،
ئاندا ئۈندۈر گۈل ياسىمەن-رەيھانلارنى،
يار يولىغە ساچقىل ئۈنچە مارجانلارنى،
سىر ئەتكىلى يارنىڭ كېلۇر گۈلزارىغە.

دىل ئۆيىنى پاكىز قىل دېدى ئىرسە،
ھېچ كىشىگە بىلدۈرمىگىل سىرىڭ ئىرسە،
يامان بولۇر خەلقى ئالەم سىرىڭ بىلسە،
ئۆزۈڭ داناھ بەندىلەرنىڭ ئاخبارىغە.

مېنى دۇنچە يىغلاتمىغىل شاھىم سەن ـ سەن،
دىل ئۆيىمنى رەۋشەن قىلغىل ماھىم سەن ـ سەن،
قوبۇل قىلغىل ئىشتكۆچى ئاھىم سەن ـ سەن،
مۇنتىزمەن مىشاق تىكى قارارىغە.

هادى دۇرسەن ئۆزۈڭ ئەيلە يولۇم ئاسان،
ئالەم ئىچرە سىرلىرىمنى قىلغىل پىنھان،
زاتىڭ ئۇلۇغ خوجامدۇرسەن ئادىل سۇلتان،
مېنى قوشقىل ياخشىلارنىڭ قاتارىغە.

داۋۇد ئاسىي ۋىسالىغە يېتەلمىدىم،
ھەق ئەمرىنى ئۆز ۋاقتىدا قىلالمىدىم،
بەندىلىككە لايىق خىزمەت قىلالمىدىم،
يىغلاپ كەلدى ئۇشبۇ قۇلۇڭ ئەستانىغە.

## كەلدىمۇ

باغۇ بوستا ئىچىگە ئول گۈلزارىم كەلدىمۇ،
يار مەھبۇبىم سوراپ ئول شەھسۋارىم كەلدىمۇ؟

باغنى زىننەت بەرمەيمىن چىللاپ ئىكەنمەن يارىنى،
باغ تاماشا قىلغىلى ئول پادىشاھىم كەلدىمۇ؟

باغ ئىچى ياخشى ئەمەس باردۇر تىكەنلەر باغىدە،
بۇ تىكەن سۇندۇرغىلى ئول پەھلىۋانىم كەلدىمۇ.

يار يەنە مولزۇم قىلۇر كەلسە بۇ باغنى كۆرگىلى،
گۈلگە پەرۋىش قىلغىلى ئول باغبانىم كەلدىمۇ.



جاينى تەييار ئەيلىگىل مەن باردۇرمەن خىلۋەت ئارا،
جاي خىلۋەت ئىچىگە باقغىل نىگارىڭ كەلدىمۇ.

قىچقىرۇر بولساڭ مېنى سەن بارچىنى تەرك ئەيلىگىل،
«بىر مېنىڭدىن ئۆزگىنى تاشلا» دېگەن يار كەلدىمۇ؟

پات يېقىن يارىڭ كېلۇر بولغىل يولىغە مۇنتىزار،
يار ھەمدەم بولغىل ئول مېھرىبانىم كەلدىمۇ؟

ئۇشبۇ ۋەئدە راست ئېرۇر ھەرگىز ئۇنىڭ يالغانى يوق،
يارغا ۋەئدە ئەيلىبان كەتكەن نىگارىم كەلدىمۇ؟

## سېغىندىم

بارغۇم كېلۇر ئالدىغە مەن يارىمنى سېغىندىم،
رازى دىلىم ئېيتۇرغە دىلدارىمنى سېغىندىم،
سىيلىغۇچى باشىمنى سەردارىمنى سېغىندىم،
بېرىپ ئەرزىم ئېيتۇرغە مەن شاھىمنى سېغىندىم،
رەھىم ئەتكۈچى ھالىمغە سۇلتانىمنى سېغىندىم.

باراي دېسەم بىلمەيمەن ئول ماكاندىن مەۋزەدە،
يەككە يالغۇز خۇدادۇر بەندە ئېرۇربى بىشۇبھە،
يوقتۇر ئۇنىڭ شېرىكى دائىم ھاياتۇ زىندە،
رىزالىقىڭ ئىزدەيدۇ ئاجىز غېرىب بۇ بەندە،
جانىم بېرەي يولىدە جانانىمنى سېغىندىم.

ئاشىقلارنىڭ ئىشىدۇر دۇنيا ئىچرە مالامەت،
ھەر كۈنى كېلۇر باشىغا چەندان نەچە ئالامەت،

مالامەتكە جۈرئەتكەن قۇللار بولۇر سالامەت،
ئاشىقلارغا بولغۇسى خۇدا ئىشقى ھالاۋەت،
مالامەتكە ئىشىم يوق دىلدارىمنى سېغىندىم.

مالامەت بىر سابۇندۇر يۇغان ئاشىق كىردىنى،
تەئنە بىرلە ساپ ئېتۇر ماسىۋالدىن دىلىنى،
كۆرسەت ماڭا بارۇرمەن دىلدارىمنىڭ يولىنى،
يوقلىغايمۇ خۇدايىم ئاسىي جانى قۇلىنى،
ئىنشائاللا بارۇرمەن مەن يارىمنى سېغىندىم.

مۇرادىمغا يەتكۈزگىل مۇنچە مېنى زار ئەتمە،
بەرگىل جامى مۇھەببەت ئەھلى ئىچىدە خار ئەتمە،
گۇناھىمنى كەچۈرگىل بارۇرجايىن تار ئەتمە،
داۋۇد ئاسىي قۇلۇڭغە ئىشقىڭنى بەر ئار ئەتمە،
مەن تاماشا قىلغىلى گۈلنارىمنى سېغىندىم.

## كېلۇر

سەھەرلەر خىيالىمغا يارىم كېلۇر،
تاماشا ئۈچۈن گۈل ئۈزارىم كېلۇر،
دىلىم ئۆيىگە مېھمانىم كېلۇر،
نىقابىن ئېچىپ گۈل ئۈزارىم كېلۇر.

ماڭا قاي كۈنى تۈشتىلەر بۇ پىراق،
داۋام ئۆرتەدى بۇ دىلىم ئىشتىياق،
نەزەرىڭ سېلىپ يۈزىمە ئەمدى باق،
مېنى ئۆرتىگەن شەھسۋارىم كېلۇر.



تۇتۇپ ئىلكىدىن گۈلى رەيھاننى،
مۇئەتتەر قىلىپ بۇ كۆڭۈل باغىنى،
تەسەللى بېرىپ بۇ دىلىم داغىنى،
كى مەن ئىزلىگەن ئۈشبۇ يارىم كېلۇر.

بۇ داۋۇد ئۆزى ئاسىي بەرگۇناھ،
مۇنى ئەيلە مەھشەردە رەۋسىيا،
كى لۇتفى ئەيلىگەيسەن خۇدا،
بۇ ھالىم سوراپ پادىشاھىم كېلۇر،

## غەزەل


رەھىم ئەيلىگەيمۇ ئۇل گۈلئۈزارىم،
كۆرمەي يۈزىنى يوقتۇر قارارىم.

كۆيىدە يىغلاپ تۆكسەم يېشىمنى،
ئەرزىم سورارمۇ ئۇل دادخۋاھىم.

كۆز ئۈچى بىلە قىلسا نەزارە،
ئاجىز غېرىبقە ئۇل پادىشاھىم.

كۆرسەم يۈزىنى دەۋزەخ ئىچىندە،
ۋەسلىگە يەتسەم شۇلدۇر مۇرادىم.

بۇ ئاسىي داۋۇد ئەسيان ئىچىندە،
يىغلاپ يۈرەرلەر تىلەپ گۇناھىم.



# ئارۇپ قاسىمى

(1936 — 1893)

شائىر ئارۇپ قاسىمى 1893-يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ چولۇقاي يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، بالىلىق چاغلىرىنى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكۈزگەن، ئوقۇش يېشىغا تولغاندىن كېيىن ئائىلىسى بىلەن بىللە يەركەنتكە چىقىپ دەسلەپتە مەدرىستە، كېيىن پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ بىلىم ئالغان، ھۈنەر ئۆگەنگەن. شائىر يەركەنتتە ئوقۇپ يۈرگەن چېغىدىلا رۇس تىلى ئۆگىنىشكە بېرىلىپ، رۇس تىلى ئۆگەنگەن، كېيىن ئەرەب، پارس تىلىنىمۇ ئۆگەنگەن. شائىرنىڭ ئاتىسى كەمبەغەل ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇ، تۇرمۇشنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ئۆرلەپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن. ئاندىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، غۇلجا شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقان. بۇ يەردە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كىيىم تىكىش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان، بەزىدە جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، مەھەللىنىڭ ئاقارتىش ئىشىنى ئىشلىگەن. شائىر تۇرمۇشنىڭ قىستىشى بىلەن ئۆرلەپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئۆگىنىشنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويمىغان. ئۇ ئۆز قىزىقىشىنى ۋە تالانتىنى توغرا مۆلچەرلەپ، ئاساسىي دىققىتىنى ئەدەبىيات ۋە تىل ئۆگىنىشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، خەلق تىلى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى شۇنىڭدەك رۇس، ئەرەب، پارس كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى زوق بىلەن ئۆزمەي ئۆگىنىپ، ئەدەبىي بىلىمىنى

بېيىتقان، بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا دائىم مەشق قىلىپ يېزىق-
چىلىق ئىقتىدارىنى پەيدىنپەي ئۆستۈرگەن.

شائىرنىڭ ئىجادىيىتى ئاساسەن 1900 - يىللىرى باش-
لانغان. ئۇ، ئۆزى ۋاپات بولغان 1936 - يىلىغا قەدەر بول-
غان 36 يىل ئىچىدە نۇرغۇن شېئىر، رۇبائىي، مەسەل ۋە
داستانلارنى يازغان. لېكىن نۇرغۇن شېئىرلىرى ۋە داستانلىرى
ھەرقايسى دەۋرلەردە پەيدا بولغان ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى
سۈنئىي ئاپەتلەر كاساپىتىدىن يوقىلىپ كەتكەن. پەقەت
ناھايىتى ئاز بىر قىسىم شېئىر، غەزەل ۋە مۇخەممەسلىرى،
بىر كىچىك داستانى كىچىك ئوغلى ھۈسەيىن ئاكىنىڭ قول-
دا ساقلىنىپ قالغان.

شائىرنىڭ شېئىرلىرىنىڭ شەكلى ھەر خىل، مەزمۇنى
كەڭ، تىلى راۋان بولۇپ، ھەربىر شېئىرغا شائىرنىڭ ئىدى-
يىسى، غايىسى، كۆز قارىشى ۋە دەۋر روھى بەلگىلىك دە-
رىجىدە سىڭدۈرۈلگەن. شائىر ئىجادىيىتىدە ئۆز زاماندashلىرى-
دىن پەرقلىق يول تۇتۇپ، رېئال تۇرمۇش ئىچىگە ئىچكىرى-
لەپ كىرگەن. ئۆزى ياشىغان فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ياۋۇز
قىياپىتىنى مەلۇم دەرىجىدە پاش قىلغان. جەمئىيەتتىكى
زۇلۇم، تەڭسىزلىك، خۇراپاتلىق، نادانلىق، ئەخلاقسىزلىق، ھو-
رۇنلۇق ۋە تەييارتاپلىقنى قامچىلىغان، كىشىلەرنى بولۇپمۇ
ياش - ئۆسمۈرلەرنى خۇراپاتلىق قاملىسىنى بۆسۈپ چىقىپ،
مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇپ، بىلىم، مەدەنىيەت، ئەخلاقىي پەزى-
لەت، ھۈنەر - سەنئەت ئىگىلەشكە دالالەت قىلغان.

شائىرنىڭ شېئىرلىرى بىزنىڭ ئۇ ياشىغان فېئودالىزم
جەمئىيىتىنى، شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، ئىشلەپ-
چىقىرىش، دىن، مائارىپ ئەھۋالىنى چۈشىنىشىمىزدە مەلۇم تا-
رىخىي قىممەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز مۇشۇ نى-
يەتتە، مەرھۇمنىڭ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىن-
غان شېئىرلىرىدىن بىر قىسمىنى تاللاپ بۇ توپلامغا كىرگۈزدۇق.

## چۇلۇقاي

بۇ چۇلۇقاي غولىنىڭ ئاغزى ھەم شامالىلىق ياخشى جاي،
چوڭ مەھەللە، يەتتە مەسچىت، خەلقى ئوبدان، ياخشى باي.

ئۇستى بىنەم، ئاستى ئۆلكە①، مىۋىلىك باغ ئورتادا،
كۈن چىقىشتىن سۇ ئاقادۇر، قىردا تۈگمەن، ئاستى ساي.

قوي، كالاسى بار ئىككەنىنىڭ سۈت بىلەن قايماقى بار،
ھەم قىتىقۇ، ھەم قۇرۇتۇ، مەشكە بىرلە سارىماي.

تاغ ياقىندۇر تالى ئۆسكەن، ياپپىشىل يايلاقلىرى،
ئۆرۈك، ئالما، ئارچا، قارىغاي، غوللىرىدا ئۆستى چاي.

بۇغا، مارال، بۆرە، تۈلكە ھەم ئېيىق، يولۋاسلىرى،
قوي، كالالەر، ئۆچكە، تۆگە، ئاندا يۈرگەن ئىلقا - تاي.

چىقسا ئاندا كۆرسە ھەر كىم ئۇل خۇدا سۈننەتلەرىن،
كۆڭلى يۇمشار كىچە بولسا چىقسا نۇرلۇق كۆكتە ئاي.

سەپكىلەپ ياغسا ياغىن گۈللەرگە چۈشسە تامچىسى،
كۈن ئاچىلسە زەررە قالماس ئاندا يامغۇر بىرلە لاي.

① ئۆلكە — سۇلۇق تىبرىلغۇ يەر.



ئۇل كېپىكلەر سەكرىشىپ قارىغاي ئىچىدە ئوينىشۇر،
ئوۋچى ئالۇر ئاندا بارىپ، مىلتىق ئاتىپ ياكى ياي.

ئېھ خۇدايا سەن نەسىپ ئەت سۈننەتلەرىڭنى كۆرگىلى،
كۆيگۈزۈر ئىشق ئوتىغا شايەت كۆڭۈل پەرۋانەداي.①

ئارۇۋاخۇن پىكىر ئېيىتقىل بۇ جاھان ھايات ھەممە،
غاپىل ئەمدى بولمىغىل، سەن چەكمەگىل كۆپ ئاھۇ - ۋاي.

1930 - يىل، غۇلجا

## پەلەكنىڭ گەردىشى

دەرىغا، نەئەيلەيىن ئەجەب بىر زامان،
كېلەپتۇر باشىغە دىشۋارلىق يامان.

پەلەكنىڭ گەردىشى مېنى چۆرىدى،
قوييۇپ ھەر نە كۈندە يۈزىن ئۆرىدى.

ئاجرىتىپ ۋەتەنىدىن ۋەتەنسىز قويدى،
بۇ پەلەك پەيلىدىن ئىنسانلار تويدى.

خۇدانىڭ قۇدرىتى، ماڭا چارە يوق،
يولى بار سۆزلىسەم نوموس - ئارى يوق.

يۈرۈپمىز بۇ كۈندە ئايلىق ئۆيدە بىز،
ئىمەسمىز بۇ ئۆيدىن بىلەك كويدا بىز.

① پەرۋا نەداي — پەرۋانىدەك.

كېلىپتۇر قىش كۈنى تولا ھۆلچىلىك،
خەبەرسىز يۈرۈپمىز بۇما گولچىلىك.

كۆپ يېغىپ ئاسماندىن يامغۇر بىرلە قار،
كوچىلار مىچىلداپ، بازار يولى تار.

ئۆتتى بۇ ئايلىق ئۆيدىن تامچىلار تولا،
ئىگەسى پۇختاراق ياپسا نىم بولار.

چىكىلداپ تامچىلار باشىمغە ياغدى،
باساسۇن بۇ ئۆي، دەپ يۈرەكىم ئاغدى.

قۇرۇق يەر قالمىدى باشىم سىققۇدەك،
بۇ كۆرپە - تۆشەكنى قويۇپ تىققۇدەك.

باللار يىغلاشىپ ئۆرە تۇردىلەر،
ئازابى ئەلەمنى بۈگۈن كۆردىلەر.

نە قىلاي ئۆيدىكى بارى بولدى ھۆل،
ياخشىدۇر بۇ ئۆيدىن ئايدالا ۋە چۆل.

كۆل ئىزدەپ يۈردۈمغۇ كۆلۈكىمۇ كۆلۈك،
مۆشۈكتەك مارىشىپ بۇلۇڭىمۇ بۇلۇڭ.



قارانغۇ ئۆيدە بىز قالدۇق تەمتىلەپ،
ئاھ ئاتام، ئاھ ئانام دەپ ھەم ئەنسىرەپ.

يېغىندىن زېرىكىپ ئۆكۈم ئۆچتىمۇ،
دېدىم مەن ئاسماننىڭ تۈۋى چۈشتىمۇ؟

ئۆچۈردى چىراغنى تامچى پاژ ئېتىپ،
تۆمۈر مەش ئۈستىگە چۈشتى گاژ ئېتىپ.

ئىشلىمەسەك بولمايدۇ كىشىنىڭ ئۆيى،
زىيانىنى سالدىغۇ تامچىنىڭ سۈيى.

بىر جايىنى ئېلىشقا قۇدرەت يەتمىدى،
بۇ مېھنەت باشىمدىن يەنە كەتمىدى!

خۇدايا ئۆزۈڭگە بۇدۇر زارىمىز،
بۇنىڭغا يوق ئىرمىش بىزنىڭ چارىمىز.

ئىچەلمەي چايىنى بىز ئوچاغ ئوت قالاپ،
تىتىردى باللار سۇنى يۇتقالاپ؛

ئۇيقۇ ھەم بولمىدى مولۇندەك قاراپ،
زېرىكىپ، تىرىكىپ تولغىنىپ ئىڭراپ.

ئۇيقۇسىز ئۇگدىشىپ بالالەر تەقى،
ئۇيقۇ يوق پارقىراپ كۆزنىڭ ئاقى؛

ئېمە كۈن بىزگە بۇ خاپا بولغۇدەك،
ئىملاجىن تاپالماي سىقىپ سالغۇدەك.

بۇرقۇپ، تېرىكىپ ئۆزۈمدىن - ئۆزۈم،
ياشىرىپ نەم بولدى بۇ ئىككى كۆزۈم.

ئۇزاقتىن - ئۇزاققا بۇ تاڭ ئاتمىدى،
بۇ تامچە دەستىدىن ئارۇپ ياتمىدى.

1928 - يىل، غۇلجا

## ئاقچە

كەمبەغەلدە يوق ئاقچە، كۈن ئۆتكۈزۈر شۇنداقچە،
تۇرماس ئاندا بۇ ئاقچە زاردۇر گاداي ئى ئاقچە.
ئاي ئاقچە - ۋاي ئاقچە،
ئەنقا بولدۇڭ سەن ئاقچە.

پەقىر تۇرار قول باغلاپ، باينىڭ ۋاقتىنى چاغلاپ،
هايدار باي ئانى قوغلاپ، كېتەر يۈرەكىنى داغلاپ.
هاي ئاقچە - ۋاي ئاقچە،
بايغە تەييار سەن ئاقچە.

① ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى: بۇ يىلى بىر دېھقاننىڭ ئىككى ئېغىز كونا ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان ئىدىم. شۇ يىلى كۈزدە قاتتىق يامغۇر يېغىپ، ئۆيدىن تامچە ئۆتۈپ كەتتى. بالىلىرىم چاي قاينىتىپ ئىچەلمىدى، ئۇخلىيالمىدى، تامچە چىراقنى ئۆچۈرۈۋەتتى. مەن بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغاندا، يۇقىرىقىلار خىيالىمدىن ئۆتتى، قەغەزگە چۈشۈرۈپ قويدۇم.



باينىڭ كۆزى توزاندە، مىسكىن كۆزى قازاندە،
قىممەتچىلىك بازاردە، پەقىر دائىم خازاندە.
هاي ئاقچە - ۋاي ئاقچە،
بايغە بولدۇڭ قولاقچە.

تام بويلاپ مىسكىن تۇرار «ھەق» دەپ بىر يارماق سورار،
بەزىلەر «كەت» دەپ ئۇرار، تەلمۈرۈپ مىسكىن جورار.
هاي ئاقچە - ۋاي ئاقچە،
بايغە بولدۇڭ سولاقچە.

پەقىرنىڭ ئۆيى يارچۇق، قاراڭغۇ كىچىك تارچۇق،
خاندا خاتۇن ئاچ - توق، باش - كۆزى يالاڭ ئوچۇق.
هاي ئاقچە - ۋاي ئاقچە،
بىزگە قەدرىڭ ئارتۇقچە.

ئۆيلەردۇر زەيلىك ئورا، كىگىزدۇر قۇمۇش بورا،
بېغىرنى گۆش دەپ قورار، قازانى تۆشۈك كورا.
هاي ئاقچە - ۋاي ئاقچە،
تەڭشەلمىگەن سەن ئاقچە.

ھەركىم بولار بايغە قول، باي ئىزدەيدۇ دائىم پۇل،
سەن قىلۇرسەن ئوڭنى سول، ئوچۇق ساڭا ھەر بىر يول،
هاي ئاقچە - ۋاي ئاقچە،
بىزگە پۈتمەس ئۇشۇقچە.

پەقىرنىڭ يۈزى سېرىق، ئەمەندىن سۆزى قىرىق،
ئالتۇن ئاقسا بۇ ئېرىق، تەگمەيدۇ بىزگە تېرىق.

هاي ئاقچە ـ ۋاي ئاقچە،
بايغا باقتىڭ پىلەكچە.

مىسكىن يۈزى تورلاشقان، يوقسىزلىقتىن پۇرلاشقان،
«ئاش» دەپ خاتون مورلاشقان، غەملەر قەۋەت ئورناشقان.
هاي ئاقچە ـ ۋاي ئاقچە،
ئىشىڭ ئۆتەر ئارتۇقچە.

مىسكىنىنىڭ قولى قۇرۇق، ئاياغىدا يوقتۇر چورۇق،
ئۈستىدە قاتتىق ـ قۇرۇق، ئاچلىقتىن ئۆزى ئورۇق.
هاي ئاقچە ـ ۋاي ئاقچە،
بايغا باققان سەن ئاقچە.

ئارۇپىدۇر پەقىر ئۆزى، كۆرگەندۇر كۆپنى كۆزى،
راستىمىدۇر ئېيتقان سۆزى، قاراڭىز بۇندىن بۆزى.
هاي ئاقچە ـ ۋاي ئاقچە،
هاي ـ هاي ئاقچە ـ ۋاي ئاقچە.

## ئوقۇڭ

ئەي ئەزىزە خۇش لەتاپەت، ماهى تابانلەر ئوقۇڭ،
ئۇشبۇ مەكتەپ گۈلشەنىدە بويى رەيھانلەر ئوقۇڭ.

كىم ئوقۇسا بەهرى ئالغاي بۇ ئوقۇشتىن هەر كۆنى،
دىلى يورۇپ، نۇرى ئارتار غۇنچە شادانلەر ئوقۇڭ.



دىل چىراغى، يول باراگى بۇ ئوقۇشتۇر بىلسەڭىز،
پەن ئوقۇڭلار هەم بىلىڭلار قۇربى راۋانلەر ئوقۇڭ.

ئىلىم ئوقۇماق، خەت تونۇماق، بىزلەرگە بەك لازىم ئىرۇر،
ئەمدى بىلسەك ئۇشبۇنى قەدرىنى بىلگەنلەر ئوقۇڭ.

ئىلمى ئوقۇشقا تەرغىپ ئەتتى سۇل رەۋىشچە ئارۇپى،
غۇنچە بويلۇق، ماهى رويلۇق ئۇنچە دەندانلەر ئوقۇڭ.

## مەكتەپ①

كەل، ئەي تالىپ كىرىپ بۇ گۈلىستان ئىچرە گۈل قىسقىن،
ياراشۇر هۆسنىڭىزغە، بىر ئەجەب دىلدارىدۇر مەكتەپ.

بۇ گۈلنىڭ ئىشقىدىن تولدى پۇراقىغا جۇملەئى جاهان،
گۈل قەدرىنى بىلمەك ئۈچۈن دەركارىدۇر مەكتەپ.

خۇلقى ـ قەلبىڭىز ئىلە ئاشىق بولسىڭىز بۇ گۈلغە،
كىرىڭ گۈل باغچەسىغە گۈل هامان گۇفتارىدۇر مەكتەپ.

گۈلۈستان ئۆرگىنتۇر ئادەمگە هەر كۆنى دوست، ئىبرەتنى،
قۇيار دىلغە زۇمرەتتىن ئەجەب غەمخانىدۇر مەكتەپ.

زابان هالى بىلەن دەۋەت قىلۇر كىم سۇبهى، شاملاردا،
كىرىپ گۈل باغچىسىغا گۈل ئېلىڭ بىسيارىدۇر مەكتەپ.

① بۇ غەزەلنىڭ باش قىسمى يوقىلىپ كەتكەن.

كىشى بەختى ئاچىلماسمۇ بۇ گۈلدىن بىر نەسىب ئالسا،
دىماغىغا تېگىپ خۇش بۇي ئۇ گۈل ئاسارىدۇر مەكتەپ.

كېلىڭ ئەۋلادى ئۇيغۇرنىڭ گۈلىستان ئىچرە سىز باقىڭ،
كۆرۈپ ھۆسنى ـ جامالىنى كۆڭۈل ئەفكارىدۇر مەكتەپ.

ئوقۇيدۇر بۇ گۈلىستان مەكتەپىدە ھەر گۈلى ئىلىم،
ياشار ئىلىم بىلەن ئىنسان شۇنىڭ ئەزكارىدۇر مەكتەپ.

ئىلاھا بىز كەبى مىسكىننى دائىم شاد ـ خۇرامى قىل،
بۇ مەكتەپ ھىجرىدا كۆيگەن ئىلە ئاۋارىدۇر مەكتەپ.

## ئوغۇل بولساڭ ئاتاڭغا

ئاتاڭ بولسا ئىززەت قىل،
ئاناڭ بولسا ھۆرمەت قىل،
قېرىنداشقا شەپقەت قىل،
ئوغۇل بولساڭ ئاتاڭغا.

سەھەر تۇرۇپ سالام قىل،
يەنە ياخشى كالام قىل،
ھەر كۆرگەندە ئىكرام قىل،
ئوغۇل بولساڭ ئاتاڭغا.

كىچىك ئىدىڭ، چوڭ بولدۇڭ،
تەلبە ئىدىڭ ئوڭ بولدۇڭ،



بىر بىخ ئىدىڭ شۇڭ بولدۇڭ،
ئوغۇل بولساڭ ئاتاڭغا.

ئۇلارغا سەن «ئۇپ» دېمە،
ئاچچىق كەلسە «بۇپ» دېمە،
توپراق چېچىپ «سۇپ» دېمە،
ئوغۇل بولساڭ ئاتاڭغا.

قىشقارىسىلەر «خوش» دېگىل،
«ئىككى قولۇم بوش» دېگىل،
«چا جوشتا چاي جوش» دېگىل،
ئوغۇل بولساڭ ئاتاڭغا.

يۈگۈرۈپ قىلغىل خىزمەتىن،
زىنھار ساقلا ھۆرمەتىن،
قىل ئەدەبلەر ئىززەتىن،
ئوغۇل بولساڭ ئاتاڭغا.

ئاتاڭنى سەن خارلىما،
ئاناڭدىن ھېچ زارلىما،
ئىككىسىدىن ئايرىلما،
ئوغۇل بولساڭ ئاتاڭغا.

دوزاخ ئاتا قارغىشى،
بېھىش ئاتا ئالقىشى.
بېھىش ئانا ئالقىشى،
ئوغۇل بولساڭ ئاتاڭغا.

ئاتا باشقا سايىبان،
ئانا ئاندىن مېھرىبان،
قېرىنداشىڭ دىلرابان،
ئوغۇل بولساڭ ئاتاڭغا.

بەختى بارغا ئاتا بار،
بولسا تەلەي ئانا بار.
بۇ سۆزۈمدە مەنا بار،
ئوغۇل بولساڭ ئاتاڭغا.

ھەققى كۆپتۇر ئاتاڭنىڭ،
ھۆرمىتى كۆپ ئاناڭنىڭ.
خاتاسى كۆپ بالاڭنىڭ،
ئوغۇل بولساڭ ئاتاڭغا.

ئاتادىن سەن دۇئا ئال،
ئانادىن سەن دۇئا ئال.
ئارۇپ بۇندىن رىزا ئال،
ئوغۇل بولساڭ ئاتاڭغا.

## ياشلىقىم ئۆتكەندە

تېپىپ چارخىنى چۆرۈپ بۇ ماشىنا بىرلە تىكتىم چاك،
ئۆتتۈپتۇر ياشلىقىم ئەمدى ھۇنۇز غاپىللىقىم دەرد ناك.

قەرىلىك ۋاقتى كەلمىشتۇر ماڭا تەدبىر نەدىدۇر دوستلەر،
تېنىم كۆپ سۇسلىشىپ قالغاندىن قىلدىم ئانى ئىدراك.



بۈگۈن يىغنە كۆزىگە ئۆتكۈزەلمەي يىپنى مەن ناچار،
پۇشايمان ئەيلىدىم ئۆتكەن ئۆمۈرگە ئۆتكۈزۈپ بى باك.

بېقىنلەر سانجىشىپ، قول - پۇت پەيلەر تارتىشىپ كۈن - كۈن،
خۇداغا يالۋۇرۇپ تۇردۇم قېرىلىقتىن بولۇپ غەم ناك.

بۇ مەيدەم ئاغرىتىپ يەل بىرلە بولدى ھەر تائام ھەر دەم،
تائام سىڭمەسنى ئادەت ئەيلىدى چۈن ئەھلى پىل ئەپلاك.

مىجەزىم ئۆزگىرىپ قالدى تەبىئەت نۇختىلاپ ھەر ئان،
پاتىپ يانپاشلىرىم يەرگە كۆزۈممۇ بولدى ھەم خىرراك.

ئىلاھا لۇتفى قىلغىل سەن، بىلەك پەرۋەردىگارىم يوق،
كېرەملىك پادىشاھ سەن - سەن، ساڭا لايىقتىكى قىلساڭ پاك.

يېزىپ ئالدىمدىكى ئىشنى بۇرۇنراق گەدىنىم ئەگدىم،
خۇداغا يالۋۇرۇپ تۇراي قەرىلىقتىن بولۇپ غەم ناك.

بۈگۈن ئارۇپ بايان قىلدى، خۇدايىغا قىلىپ تەۋبە،
ئۈمىد دۇركى، قوبۇل ئەتسە گۇناھ زەھرىگە دۆزتىرناك.

## مۇخەممەس

(سەھرادىكى دوستۇمغا)

كەلدى نورۇز يىل بېشى، لازىم بولۇر دېھقانچىلىق،
قىش كېتىپ، ساۋۇق بىتىپ، بولدى ھاۋا ئوبدانچىلىق،

ئارپا، بۇغداي دەن تېرىش زىغىر، قىچا زاغۇنچىلىك،
باش قۇناق، چۆجگۈن قۇناق، كەندىر، تېرىق، قوغۇنچىلىق،
پاختا، بېدە، دادۇر - پۇرچاق هەم گۈرۈچ هارغۇنچىلىق.

كاۋا، تاۋۇز، تەرخەمەك، ياڭيۇ تېخى لىگانى هەم،
سەبزە، چامغۇر، ئاق پەلەك، كاپۇستىلار، پىيازى جەم،
ئاش كۆكى، لازا، پەمىدۇرلار بولسا بولغاي ئاشىدە تەم،
هەم قىزىلچا، لوبولار تېرىلسە يوقتۇر باشىدە غەم،
ئى قېرىنداشلار تېرىڭلار كۆچ سېتىپ تۇرغۇنچىلىك.

جاڭدۇ، ماش پۇرچاقنى، ساماق قالماسۇن تېرىلمايىن،
جۇسەي، چىڭسەي، چەيزىلەر قالماسۇن هەرگىز كېيىن،
هەر نىمە ئىزدەپ چىقىپ تاپىلماسە ئاندىن قىيىن،
قىلسە ئوقەت هەر كىشىگە ساتسالەر نەقدۇر تىيىن،
خار بولمايدۇ زىرائەت هەر نىمە نۇرغۇنچىلىق.

ئارپا، بۇغداي ئۈنى تېخى گۈرۈچ بىلەن نەرقى باها،
هەممەسى مەلۇم ئىرۇر بىز ئىستىماساقىما ئى ئاغا،
قىچا، پۇرچاق هەم زىغىر تۇرماس ئۇزۇن گىردە تاغا،
ئالغۇچىلار ساقلاشىپ ئىستىقاي تىگۇر قاچان ماڭا،
تېرىماساق بولغايمۇ دوستۇم دائىم بىكار يۈرگۈنچىلىق.

بىر يۈز ئەللىك سوپيو بىر باغ بېدە قىممەت بولۇپ،
پاخال ئالساق ئىزدىشىپ تاپماي تېخى هېرىپ قېلىپ،
سامان ئالساق بىر هاربە تۆت سېۋەت چىقماس تولۇپ،
ئىككى مىڭ بەش يۈز سەر بولدى نەر قىما باها بولۇپ،
نىگە قىلمايمىز تېرىلغۇ تاشلاشىپ هورۇنچىلىق.



جان ئۇزۇقدۇر تېرىلغۇ، جانى بارغە هەم غىزا،
بولماسە ئاشقە قالىپ كۆپ تارتقۇسى كۆلپەت ئىزا،
باي بولۇر ئەلبەتتە هەر كىم قىلسە تېرىلغۇ تازا،
راهەت ئولغاي هەر كىشىگە ئىشلە - تارتسا جازا،
كۆپ مۇشەققەتلەر سوڭىدا كەلگۇسى ئاسانچىلىق.

يەر پاراۋان، سۇيى ياخشى، خويمۇ ئوبدانندۇر ئىلا،
توقچىلىق دۇر ئىيتماسامىا چوڭ - كىچىك هەممە بىلە،
كىم غەنىدۇر كەمبەغەلگە قوش، ئۇرۇق بېرىپ يولە،
بىر تۇغقاندەك بىرلىشىپ يۈرسەك تېخى ئوبدان بولا،
بى، ئەدەبلىك بولماسۇن، سۆز ئىيتىش تۇغقانچىلىق.

بەش نەرسە

بىر ئۆيگە بەش نەرسە ئەيىۋهانناس،
كېرەكلىكتۇر، ئۇنىڭسىز زادى بولماس.

بىرى ناندۇر، بىرى ئىچمەككەدۇر چاي،
بىرى تۇزدۇر، بىرى ئوتۇن بىلەن ماي.

بۇ بەشىنىڭ دەردىدىن ساچىم ئاقاردى،
مەهەييا بولسا بەش ئوبدان باقاردى.

مەشرەپ

ئويىنسا مەشرەپنى هەر كىم سەبزەئى گۈلزار كېرەك،
تەمبۇرى ناخۇل بىلەن هەم مەرغۇلى دۇتتار كېرەك.

زەھىردىنى سالغان ئىلانـدەك تولغىنىپ قىلىسا ئۇسسۇل،
جان تەسەددۇق دەپ ئىبىتىپ تۇرماقىغە كۆپ دىلدار كېرەك.

تەلقى - كۆيلەر بولسا يانا شەكەر، تۇتى زۇۋان،
دىل غابارىن كەتكۈزۈشكە نەزىم سۆز گۆپتار كېرەك.

بولسا گەر ئەپسانە سۆزلەر بولىدۇ زايە ئۆمۈر،
دەم غەنىيمەت دەپ بىلىشكە مەرد ھەم ھۇشيار كېرەك.

نەشتىرى تىلىن ئۇرۇپ قىلىسا يارا ئۇلپەت دىلىدىن،
ئول كىشىنىڭ سۆھبەتىدىن ھەر زامان بىزار كېرەك.

ئەيلىسە لۇتفى كېرەم بىر - بىرىگە ھەم ئاشنا،
بۇ سۆپەتلىك ئادىمىگە جان پىدا نىسار كېرەك.

گاھى ئاتلىق، گاھى پىيادە بارىشىپ مەجلىس قۇرۇپ،
ئۇرتاغە مەزە ياسىپ، قەندۇ - نابات بىسار كېرەك.

چىنىدە چاينى ئىچىپ چىمن كۆڭلىدە بولسا مۇھەببىتى،
ۋەسلىيا، مەشۇقىدىن كىچىپ تىڭلارغا دىدار كېرەك.

ئۇلتۇرۇپ جىمجىت بارى سازىنى جۇش قىلىسىلەر،
قورداق ۋە پاخلان كاۋاپ بىرلە قىمىز تەييار كېرەك.

راسلىنىپ ھەر خىل تائام كەلسە تاۋاقتا پۇقىراپ،
خۇش پۇراق گۆپ - گۆپ قىلىۋر ئۇندا ئاتا باقار كېرەك.

ئۇقۇشۇپ نامازنى ھەم ئۇلتۇرۇپ بەزمە قىلىپ،
ناخشىنى ئەيتىشقا كۆپ خانجان بىلەن يار - يار كېرەك.



ئاھ دەرىغا، ھەر كىشى ھېچ بەزمىدىن ئايرىلمىسۇن،
مەشرىپى - مەجلىستە ھەم ھەر زامان دوست - يار كېرەك.

## تۆلكە بىلەن قاغا

(مەسەل)

چىقتى تۆلكە ئوزۇقتە سۇبھى تاڭى ئاتقاندە،
كۆزى چۈشتى قاغىغە ئوزۇق تاپماي قايتقاندە.

ئىگىز دەرەخ باشىدە يالغۇز قاغە ئولتۇرغان،
قايدىن تاپقان پارچە گۆش يېمەك بولۇپ ئولتۇرغان.

تۆلكە كەلدى ئالدىغە، قەستى گۆشنى ئالماقتۇر،
ئالداپ - سىلاپ قاغىنى گۆشسىز يولغا سالماقتۇر.

دېدى تۆلكە، ئى قاغا، زىبادۇر سېنىڭ بويۇڭ،
بۇلبۇل ئاۋازىن باسار سايرىساڭ سېنىڭ كويۇڭ.

سايراپ بەرسەڭ ئەي دوستۇم، بۇ چۆللەرنى ياڭرىتىپ،
تورغايلار ھەيران قالۇر، ئۇلارنى سەن ئىڭراتىپ.

قا - قا، — دېدى ئول قاغە سايرىدى ئاغزىنى ئاچتى،
ئاغزىدىن چۈشكەن گۆشنى تۆلكە ئىلىپ ئىلدام قاچتى.

تۆلكە دېدى، — ئى ئەخمەق، ئىسمىدۇر مېنىڭ تۆلكە،
ماختانغانغە ئالدانىپ، ئەمدى سەن بولدۇڭ كۆلكە.

1934 - يىل، غۇلجا

# نىياز باقى

(1972 — 1896)

خەلق ئىچىدە ئۆمۈر بويى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر پارچە ئەسىرىنى ئېلان قىلماي، ئالەمدىن ئۆتكەنلەر ئاز ئەمەس. شائىر نىياز باقى ئەنە شۇنداق ھۆرمەتلىك كىشىلىرىمىزنىڭ بىرى.

شائىر نىياز باقى 1896 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ھىدىلىيۈزى يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق چاغلىرىنى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكۈزگەن. كېيىن غۇلجا شەھىرىدىكى بەيتۇللا مەدرىسىگە كىرىپ ئوقۇپ، دىنىي ھەم ئەدەبىي تەلىم ئالغان. مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، ھىدىلىيۈزىگە قايتىپ چىقىپ، مۇئەللىم بولغان. مەكتەپتىن ئايرىلىپ، جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان. مەرھۇم، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە تۆھمەت بىلەن قارىلىنىپ، ئەڭ قاتتىق ئازاب چەككەن، ئۇزۇن يىللار داۋامىدا يېزىپ توپلىغان شېئىرلىرى، يىغقان قىممەتلىك تارىخىي، ئەدەبىي كىتاب ۋە قول يازمىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان. بۇلار كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ئۇ تاياق زەربىسى، قوشلاپ كەلگەن روھىي ئازاب تۈپەيلىدىن كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، 1972 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى 76 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەرھۇمنىڭ سەپداش، يۇرتداشلىرىنىڭ ئېيتىشى ۋە بالىلىرىنىڭ دەللەپ بېرىشىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىجادىي



پائالىيىتى 1930 - يىللىرى باشلانغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ ھاياتىدا قانچىلىك شېئىر ياكى باشقا ئەسەرلەرنى يازغانلىقى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. چۈنكى بۇنى ئىسپاتلىغۇچى ماتېرىياللار مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ئوتقا تاشلىۋېتىلگەن. ئۇ بۇنى قايتا تىكلەشكە ئۈلگۈرەلمىگەن.

نىياز باقى ئەسەرلىرى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ 30 - يىللاردىكى ئەدەبىياتىنى يورۇتۇشتا مەلۇم تارىخىي قىممەتكە ئىگە. بىز بۇ نوقتىنى ھەمدە شائىرنىڭ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئەمگىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، مەرھۇمنىڭ ئەسەرلىرىنى بىرنەچچە يىلدىن بېرى خەلق ئىچىدىن ئىزدىدۇق. ئۇ ھايات ۋاقتىدا كۆڭلى سۆيگەنلەرگە يېزىپ تەقدىم قىلغان بىر قىسىم شېئىرلىرى تېپىلدى. بۇ، نىياز باقى ئىجادىيىتىنىڭ پەقەت بىر قىسمىلا، ئەلۋەتتە. بىز مۇشۇ ئەسەرلەرنى ئەتىۋارلاپ ساقلىغان زايىت قارىمغا، مۇنۇر ئىمامغا، نىياز رەخمىدىنلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

## ئاھ بالام

ئاھ، بالام جانىم بالام، قانداق قىلاي خانىم بالام،
ئون ئىككى يىل دارىل پاناھ مېھمان بولۇپ كەتكەن بالام.

ھېساب قىلىپ مەن ئويلىسام، سەككىز ئاي ئارتۇق ئىكەن،
ئون ئىككى يىل ھەم سەككىز ئاي بۇ پانىدا تۇرغان بالام.

كېلىپ قازاسى بىر كۈنى بولدى بالام بىر كۆك يۆتەل،
تارتىپ ئانىسىڭ دەردىنى كۆزىن ئاچماي كەتكەن بالام.

ئاتا ـ ئانا ھەم بوۋىسى بەلكىم قاشىدا ھەم مومىسى،
ئۈزۈپ بۇلاردىن رىشتەسىنى بويۇن سۇنۇپ ياتقان بالام.

كېلىشىڭ بېلىق ئىدى، كېتىشىڭدۇر ھەمدە لەھەك،
مەۋسۇمى تۆتىنچى ئاي قەبرە ئىچى ياتقان بالام.

مىڭ ئۈچ يۈز ئەللىك توققۇز ھىجرىيە تارىخىنىڭ،
سەپەر ئەيلەپ شۇ يىلى ئەسلى ۋەتەن تۇتقان بالام.

مەۋلۇپ ئاي يىگىرمە بىر، كۈنگە بۆگۈن يەكشەنبىدۇر،
سۇبھى سادىق ۋاقتىدا دارۇل باقا كۆچكەن بالام.

تۆتىنچى ئاينىڭ ئاخىرى ـــ يىگىرمە سەككىز ئاپرېل،
ئاخىر پېشىنىنىڭ ۋاقتىدا خاكى ھەسرەت قۇچقان بالام.



ئەزالىرىدە دەردلىرى، دەپتەرلىرىدە خەتلىرى،
يار مەھەممەت ئاتلىرى، بۇ دۇنيادىن ئۆچكەن بالام.

جانىم بالامنىڭ ئەلىمى، يانچۇقلىرىدا قەلىمى،
بۇلبۇل كەبى سايراپ تۇرۇپ تەسلىمى جان قىلغان بالام.

تۆتىنچى ئاينىڭ نەچچىسى بوستاندا بۇلبۇل سايرىدى،
سەن ئۆلۈپ ھەم شول كۈنى بوستاننى چۆل قىلغان بالام.

ھەم كېلىپ كاككۇكلىمۇ چۆلدە غېرىبلىق سايرىدى،
بۇ غېرىبنى سەن ئۆلۈپ نەچچە غېرىب قىلغان بالام.

ئوقۇشقا دىل باغلىغان ھەم پەننى، دىننى ئوقۇغان،
يېزىپ قويغان خەتلىرى دەپتەر ئارا قالغان بالام.

بۇ جۇدالىق دەردىدە بولدى مېنىڭ باغرىم كاۋاپ،
ئەلۋىدانىڭ چۇغىنى دىلىم ئۆزرە ساچقان بالام.

ئاستا ـ ئاستا سۆز قىلىپ رەسمى بىلەن يول مېڭىپ،
ئۆرە يۈرۈپ كېسەل تارتىپ، خۇنۇ جىگەر يۇتقان بالام.

ئۆزى مىسكىن، دىلى تۈز، بىھۇدە سۆزنى قىلمىغان،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن ئەخلاق ـ خۇيى بىتكەن بالام.

ئەي ۋەلەد چىققىن دىلىمدىن، راجىئۇنغا مەن كېلەي،
نۆۋىتىڭگە باقمايلا مېنى تاشلاپ كەتكەن بالام.

ئەي نىيازى سەبرى قىل، سەن ھەم ئۆلەرسەن بىر كۈنى،
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن ئوقۇپ يۈرۈپ يۈتكەن بالام.

مىلادىيە 1940 - يىل ئاپرېل
ھىجرىيە 1359 - يىلى

## تەپەككۇر قىل

ئايا دوستلار، تەپەككۇر قىل بۇ دۇنيانىڭ بەناسىغا،
نەزەر سالغان ۋاكەكىبلەر①، يەنە شەمسى زىياسىغا.

قىلىپ بىر يىلدا تۆت پەسىل، ھەر پەسلى نىچە تۈرلۈك،
ئال ئىبرەت بۇ ئىشلاردىن ئوخشامدۇ ھاۋاسىغا.

قۇلاق سالغىل، يامان ئەيلەي ئەۋەلقى پەسىل دوستلار،
ئۈنۈپ تۈرلۈك ناباتاتلار②،سايراشقان ناۋاسىغا.

بىھىساب بۇ نىمەتلەر كېيىن پەسىلدە پىشقاندا،
يەپ ئىچىپ باھايىمدەك③ قاچان يەتتىڭ باھاسىغا.

ئەشجارۇ④ ناباتاتنى ئۈچىنچى پەسىلدە كۆرگىل سەن،
چۈشۈپ يەرگە پاناھ بولغاي، قۇلاق سالغىل ساداسىغا.

يىغىبان پارچە دېھقانلار تېرىغان ئاشلىرى ئالغاي،
سابا بادىسىغا تاشلاپ، كۆمگەيلەر ئوراسىغا.

---

...لەر — يۇلتۇزلار.
— ئۆسۈملۈكلەر
— ھايۋان.
④ ئەشجارۇ — ياغاچ.



كەتكەيلەر مۇبارەك ياز، ئانىڭ ئورنىغا دۇر ئاياز،
چىداپ بولماس زىمىستانغا ئەل قالار جاپاسىغا.

## ئۆلۈم

ئەي خالايىقلار بىلىڭلار، ئاخىرى قويماس ئۆلۈم،
بارچىنى قويماي ئېلىپ كەتسە يەنە تويماس ئۆلۈم.

بىل ھاياتىڭنى غەنىيمەت باغلىبان مەرىپەتكە بەل،
سائىتى كەلسە ئەجەل تەخىر مىنۇت قىلماس ئۆلۈم.

بىباھا ئۆمرۈڭنى سەن غەپلەت بىلەن ئۆتكۈزمىگىل،
قىل ئىبادەت تۈن - كۈنى ئاخىرىنى قويماس ئۆلۈم.

بۇ ھاياتلىق دەۋرىدە مەشغۇل بولغىل ھىكمەتكە سەن،
دەپنەتەن كەلسە ئەجەل، ھېچبىر رەھىم قىلماس ئۆلۈم.

بى باھا مال - دۇنياغا ھەرگىز كۆڭۈلنى بەرمىگىن،
مىڭ ئىلاج قىلغان بىلەن بىر رەزىچە بىلمەس ئۆلۈم.

ئەي بۇرادەر، ئانچە قىلماڭ بۇ ئۆلۈمنىڭ زىكرىنى،
قالدۇر پەقەت ئەلگە تۆھپە، بى ئەجەل كەلمەس ئۆلۈم.

## كاككۇك

غېرىبلىقنى ئېلىپ كەلگەن خۇش ئاۋاز غېرىب كاككۇك،
يېتىملەر كۆڭلىنى ئەزگەن خۇش ئاۋاز غېرىب كاككۇك.

ئۇلاپ كېچەنى كۈندۈزگە غېرىبلىق قىشقىرىپ دائىم،
خۇسۇسەن ۋاقتىنى سۇبھىدە مۇناجات ئەيلىگەن كاككۇك.

ياتارغا جاي ـ مۈلكى يوق غېرىبلىق باشىدىن ئۆتكەن،
شۇنىڭ ئۈچۈن غېرىبلەرگە سىرايەت ئەيلىگەن كاككۇك.

ئاتاسى بار ئاناسى يوق، ئاناسىنىڭ ۋاپاسى يوق،
تۇغۇپ تاشلاپ بالاسىنى يەنە قىلغان يېتىم كاككۇك.

ئانىڭ ئۈچۈن يېتىملەرگە تەئەددى قىلادۇر سەۋتى،
ھەزىنەلىك داۋىشىدىن ئەلنى غېرىب ـ يېتىم قىلغان كاككۇك.

يۈرۈپ بۇ تاغۇ چۆللەردە ھەممىشە زارى ـ سەرگەردان،
ھەممە ۋاق جۈپتىنى ئىزدەر يەنە «كاككۇك» دېبان كاككۇك.

سەھەرلەردە بولۇپ بىدار بۇ مەشۇق ئوتىدا يىغلار،
مۇھەببەت مەيىنى ئىچىپ، ئۆزىنى بىلمىگەن كاككۇك.

مەلامەت قىلما ئەي دوستلار، بىۋەزنى يېزىپ قويدۇم،
ئانىڭ ئۈچۈن غېرىب بولغان يېتىپ كەلگەن كۈنۈم كاككۇك.

ئەي دوستلار سەھەر قوپقىن كاككۇكتىن ئېلىپ ئىبرەت،
ساقى سۇنسا بۇ مەيدىن ئىچىپ مەست بولغىلى سەن كاككۇك.

ئەرراقەم نىياز باقى، مەن ئەتتاش ئىگەم ساقى،
مەن ناچار يېزىپ قويدۇم جۇدالىق دەردىدىن كاككۇك.



## نىتەي

«ۋادەرىخا دەردى بىلەن مەن ئادا بولدۇم نىتەي،
دۇرى گۆھەرنى يىتتۇردۇم، تاپمىدىم ئۆلدۇم نىتەي.»

چۈن ئېچىلغان گۈل كەبى ياشلىقىمنىڭ دەۋرىدە،
ئاي ئۆتۈپ، كۈنلەر ئۆتۈپ، ئاخىر بۇگۈن سولدۇم نىتەي.

ھەسرىتا، ئەي دوستلىرىم تۆپتۈز قومۇشتەك قامىتىم،
ئېگىلىپ ھەم پۈكۈلۈپ، ئەمدى بۇ كۈن سۇندۇم نىتەي.

كارۋان سارايى پانىدە بىرقانچە كۈن مېھمان بولۇپ،
زىننىتىگە ئالدىنىپ، خۇشۋاق بولۇپ قوندۇم نىتەي.

يەتمىشكە ھەم يەتمىش يېشىم بىر قەترە تامماس يېشىم،
كوھنا سارايدەك بۇ تىنىشىم، خارا بولۇپ قالدىم نىتەي.

قاتتى مېنىڭ قاتتىق باشىم، قانداق بولۇر مېنىڭ ئىشىم،
ئەجرىم بولۇر ھەم يولدىشىم غەم ـ قايغۇدا قالدىم نىتەي.

سۇسلىشىپتۇ پۇستىمىز، ئايرىلىپتۇ دوستىمىز،
ھەق يولىدا سۇستىمىز، ھەيران بولۇپ قالدىم نىتەي.

يوقتۇر قېشىمدا تەگدىشىم مۇڭ ئېيتقىلى بىر مۇگدىشىم،
كەتتى ئۆلۈپ قېرىندىشىم، يالغۇز بولۇپ قالدىم نىتەي.

تۇغرا ئەمەس قىلغان ئىشىم، بىلىم يۇقىرى، تۆۋەن بېشىم،
پۈتلىرىمدۇر ئەۋرىشىم، مەن پۈكلىنىپ قالدىم نىتەي.

ياستۇققا يەتكەندە بېشىم، قاتتىق بولۇر مېنىڭ ئىشىم،
دەردكە تولۇر ئىچى- تېشىم، ياشىم تۆكۈپ ياتتىم نىتەي.

ۋاقتى سەپەر كەلدى يېتىپ، ئۆتتى ئۆمرۈم ئۇخلاپ يېتىپ،
قولۇم قۇرۇق، ھەسرەت ئېتىپ، خەۋپى رىجا قالدىم نىتەي

جان ئالغۇچى كەلسە يېتىپ، ئەھلى ئايال پەرياد ئېتىپ،
ئىچىپ شارابنى تېتىپ، مىسكىن بولۇپ ياتتىم نىتەي.

قويسا مېنى گۆرگە مەگەر، قىلسا سوئال مۇنكىر- نەكىر،
ئۆزۈڭ ئىلاھە يارى يەر، سېغىنىپ ساڭا كەلدىم نىتەي.

قاراڭغۇدۇر گۆرنىڭ ئىچى، ھەسرەت ئىرۇر ئىچى- تېشى،
يوقتۇر شۇئان ياندا كىشى، مىسكىن بولۇپ قالدىم نىتەي.

ياتتىڭ كۆپۈپ سەن ئەي نىياز، كەتتى ئۆتۈپ قىش بىلەن ياز،
قىلسا ئازابلار ساڭا ئاز، ئارمان قىلىپ ئۆلدۈم نىتەي.

## ئەيلىسۇن

«مەن ئۆلۈپ تۇپراقتا ياتسام، كىم مېنى ياد ئەيلىسۇن،
دوستلىرىم غەمكىن بولۇپ، دۈشمەنلىرىم شاد ئەيلىسۇن».

بۇ يۈرەكنىڭ باغلىرى پەرزەنتلىرىم قالسا يېتىم،
ئەل ئارا ئازار يېسە كىملەرگە ئۇل داد ئەيلىسۇن.



مىسكىن يېتىم ئەۋلادلىرىم بىر شەيئىگە بولسا خىجىل،
كەلسە بولار بويىن قىسىپ بەرھەي ئانى رەد ئەيلىسۇن.

كىم ئۇنىڭ باشىن سىيلاپ، كۆڭلىنى خۇرسەن ئەيلىسە،
قول تۇرۇپ يۈزنى يۇيار دىلىن ئاباد ئەيلىسۇن.

كىم يېتىمنى رەنجىتۇر ھەم كۆڭلىگە ئازار بېرۇر،
بۇ تەرىقەت ئىشلىنى دۇنيادا بەرباد ئەيلىسۇن.

كىم يېتىمگە بەرسە نان بولغاي بالالەردىن ئامان،
بولىدۇ رىسقى پەراۋان، كۆڭلىنى خۇرسەن ئەيلىسۇن.

كىم يېتىمنى رەنجىتۇر ئەرشى كۇرسى تەۋرىنۇر،
ئەھلىلەر ماتەم تۇتۇپ، ئۇنى نامەرد ئەيلىسۇن.

قىلسا خۇررەم، خېلى خۇش، بولسا يېتىملار كۆڭلى خۇش،
لۇتفى دەريا قىلىپ جۇش خەير- ساخاۋەت ئەيلىسۇن.

گەرچە ئەقىل- دانا سەن يېتىم ھالىنى سورارسەن،
يېتىم ئازابتىن قۇتۇلۇپ سېنى ھەم ياد ئەيلىسۇن.

كىم يېتىمگە بەرسە ئاش، كۆڭلى يۇمشار بولسا تاش،
چۈنكى ئۇلار غېرىب باش- خۇررەم- شاد ئەيلىسۇن.

مىسكىن نىياز سەن يېتىم، ئۆلسەڭ ئۆزۈڭ قالسا خېتىڭ،
بىرقانچە كۈن تۇرسا ئېتىڭ ئوقۇپ بۇنى ياد ئەيلىسۇن.

## نېمىشقا

ياشىم يەتتى يەتمىشكە، يېقىن بولدۇم كەتمىشكە،
سەپەر ئۇزۇن، ئوزۇق ئاز توپلالمىدىم نېمىشكە.

توپلاي دېسەم ۋاقىت يوق، ۋاقىت تاپسام ياقۇت يوق،
سېتىپ ئالسام ۋاقىتنى ئالتۇن بىلەن كۆمۈشكە.

ئېتىم ئۇلۇغ، قول قۇرۇق قازانىمۇ ھەم شۇنداق،
بولسا ئىشىك قازاندا، چىقار ئىدى چۆمۈچكە.

ئۆلگەنلەرنى كۆردۈممەن، قولۇم ئىلە قويدۇممەن،
ئۆيگە كېلىپ ئۇنتۇيمەن ھەيران قالدىم بۇ ئىشكە.

كۆرۈپ ئىبرەت ئالمىدىم، يارا غىنى قىلمىدىم،
ئەلدىن ئېلىپ تويمىدىم رىغبىتىم يوق بېرىشكە.

غەپلەت بىرلە ئۇخلىدىم ئىت نەپسىمنى ئولادىم،
قالغاننى سەرپ ئەتتىم ئويۇن بىلەن كۈلۈشكە.

ھوشيار بولغىل سەن نىياز، گىنچىلدايدۇ خام پىياز،
ھەرنە قىلساڭ ئويلاپ قىل مېۋىسىنى كۆرۈشكە.


## يوق

ئايا دوستلار نە ھالەتتۇر، بۇ كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق،
نە ھالىڭ دەپ سورارغەمۇ دوستلارنىڭ قارارى يوق.



ئۆزۈم يالغۇز پىچىرلايمەنكى زىنداندىكى مەھبۇستەك،
ھەقىقەت تەكتىگە يەتسەم، مېنىڭ مۇنداق گۇناھىم يوق.
يېزىلغاچقا ھاقارەتلەپ ئۆيۈمنىڭ تېمىغا چوڭ خەت،
كىشى قورقۇپ كىرەلمەيدۇ، چىقارغا ھېچ ئىلاجىم يوق.
نىياز خاتىپ دېگەنلەرمۇ، تاپسام تەڭ يېگەنلەرمۇ،
بويۇن تولغاپ ئۆتەر بولدى، ئىلىك ئالغان سالامىم يوق.
بۇ ھالەت بىلەن كۈن-تۈن پەرىشان دىل ئارام تاپماس،
خازان بولدى گۈلىستانىم، زىمىستان قىش باھارىم يوق.
بۇ دەردلەر دەستىدىن بۇلبۇل پىغان ئەيلەپ قانات قاقتى،
قۇرۇپ كەتكۈر بۇ زۇلمەتكە نېمىشقا كارى بارىم يوق.
كى تارىخ ھۆكمىنى ئەسلەپ، تەسەۋۋۇر قىلىمەن ھەردەم،
ئۈمىدىم كېچەنى كۈندۈز قىلارغا چۈن قارارىم يوق.
جەھەننەم بولدى بۇ ئالەم قالىپ مىڭ خىل مالامەتكە،
ئۇرۇپ تىللاپ، ھاقارەتلەپ، تۇرارغا تىك ئىقتىدارىم يوق.
تۆكۈلسە جان دەرەخىدىن نىياز باقى ياپۇرماغىڭ،
يۇمۇلماس كىرپىكىم ھەرگىز، زۇلۇمغا ئىختىيارىم يوق.
ئىسىت، ئۆتكەنكى ئۆمرۈمگە ۋەتەن، ئەلگە قىلىپ خىزمەت،
ھاياتلىق شۇ پايئالىمدىن قالدۇرغان نىشانىم يوق.
نەزەر سالسا ساياھەتچى بۇ نەزمەمنىڭ ساداسىغا،
گۇۋاھ بولسۇنكى ئەۋلادلار، بۇنىڭدىن ئۆزگە چارىم يوق.
نىياز باقى ئۇشبۇ تەقدىرگە رىزا بولما بۇ دۇنيادا،
پەلەكنىڭ پەيلىدىن كۆرگىل، كى ئۆزگە دادىخارىم يوق.

1970 - يىل، ھىندىلىيۈزى



## ئۆمەر ھۆسەيىن قازى ھاجىم

(1985—1900)

مەشھۇر دىنىي ئۆلىما، ئاتاقلىق تارىخچى ئالىم، شائىر ئۆمەر ھۆسەيىن قازى ھاجىم 1900- يىل 4- ئاينىڭ 8- كۈنى قەشقەر شەھەر ئىچى قازانچى كوچا مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق مەرىپەتپەرۋەر ئالىم قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئائىلىسىدە ۋە ئۆز مەھەللىسىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە چىقارغاندىن كېيىن، ھېيتگاھ مەدرىسىدە ئوقۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ مۆتىۋەر ئالىملىرىدىن ئىلىمنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى بويىچە مەخسۇس تەربىيە ئالغان. 1922- يىلى ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە يېڭىشەھەر ئاراباغ مەھەللىسىگە كۆچۈپ چىقىپ، مەشھۇر مۇدەررىس ئەمەت ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ ھوزۇرىدا 14 يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1933- يىلى كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ مەھكىمە شەرئىيسىگە قازى بولۇپ تەيىنلەنگەن. بۇ دەل ئاپرېل ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەن دەۋر بولۇپ، ئۆمەر ھۆسەيىن قازى ھاجىم بىر تەرەپتىن قازىخانا ئىشلىرىنى شەرىئەت قانۇنى بويىچە بىر تەرەپ قىلغاچ، بىر تەرەپتىن ئاتىسى قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ گېزىتچىلىك پائالىيىتىگە ئاكتىپ ھەمكارلىشىدۇ. 1937- يىلى ئاتا- بالا شىڭ شىسەيدىن تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، بىرنەچچە ئايدىن كېيىن قۇتلۇق ھاجى شەۋقى تۈرمە-

دە ۋاپات بولدۇ. خەلقنىڭ غەزىپىدىن قورققان تۆرىمە دائىر-
لىرى ئۆمەر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنى تۈرمىدىن بوشىتىشقا
مەجبۇر بولدۇ. 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالىنىپ، بىرلەشمە
ھۆكۈمەت قۇرۇلغان مەزگىللەردە ئۇ، خەلق ئاممىسى بىلەن
بىر سەپتە تۇرۇپ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان-
لىقتىن، كېيىنچە قازىلىق مەنسىپىدىن قالدۇرۇلۇپ، يەنە تۈر-
مىگە ئېلىنىدۇ.

50- يىللاردىن كېيىن، ئۆمەر ھۈسەيىن قازى ھاجىم
ئاسەن ئائىلە شارائىتىدا ئىلمىي ئەدەبىي پائالىيەتلەر بىلەن
شۇغۇللىنىپ، ئاتىسىدىن مىراس قالغان تەۋەررۈك كىتاب «تارىخىي
ئەسەر، ۋاقىئاتى كاشغەر» نىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇش، رەت-
لەش، تولۇقلاش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. لېكىن بالايىئاپەتلىك
مەدەنىيەت ئىنقىلابى يىللىرىدا ئۇ تۈرمىگە تاشلىنىپ، 14
يىل ئۆمرى ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتىدۇ. پارتىيە مەركە-
زىي كومىتېتىنىڭ 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۆمەر ھۈ-
سەيىن قازى ھاجىمنىڭ نامى ۋە سىياسىي ھوقۇقى ئەسلىگە
كەلتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت
ئەزاسى بولۇپ سايلىنىدۇ. مۆتىۋەر ئالىم ۋە شائىر ئۆمرىنىڭ
ئاخىرقى يىللىرىدا ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قەبرىسىنى
ئېنىقلاپ بېكىتىش ۋە بۈيۈك پەيلاسوپ شائىر يۈسۈپ خاس
ھاجىپنىڭ ھايات پائالىيىتىنى يورۇتۇشقا دائىر ئىشلارغا زور
كۈچ بىلەن ياردەملىشىپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى يۈكسەلدۈ-
رۈشكە تېگىشلىك ھەسسە قوشتى. ئۇ، 1985- يىلى ھەج
سەپىرىدە ۋاپات بولدى.

ئۆمەر ھۈسەيىن قازى ھاجىم 1930- يىللىرىدىن تارتىپ
ئىجادىي پائالىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ، ئۆز ئۆمرىدە 200
پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل تېمىدىكى شېئىرلارنى يېزىپ قال-
دۇرغان. شائىرنىڭ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرىنى يول-
داش ئابدىرېھىم سابىت ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىنغان ئاغزاكى
نۇسخىدىن پايدىلىنىپ نەشرگە تەييارلىغان.

## غەزەللەر

چۈشۈپ باشىمغا ئى دوستلار بۇ يەگلىغ ئىشق سەۋداسى،
سابا بۇلبۇلنى سايراتقان مۇئەتتەر گۈلى رەناسى.
ئەزەلدىن ئىشق روھىمغا قەلەم سۈرەت ئەسەر قىلغان،
ئېقىپ قەلبىمدە جۇش ئۇرغان ئەدىبلىك ئىلمي دەرياسى.
قەدىم ئۆتكەن زامانلاردا ئەدىبلىك ئىلمى ئەربابلار،
يېزىپ قويغان رومانلاردا ماڭا قالغان بۇ مىراسى.
مېنىڭ روھىمدا مەتلۇبۇم، قىزىل قەلبىمدە مەھبۇبۇم،
كۆكۈل سۆيگەن بۇ مەخسۇدۇم قەلەم سۈرمەك تەقەززاسى.
قايۇ كۆكرەكتە ئىشق بولغان مۇھەببەت دىلدا ئوت بولغان،
جاھاندا خار - زار قىلغان كۆرۈك مەجنۇننى لەيلاسى،
تېشىپ ئىشق لەززىتىنى رەنجى مېھنەت بىللە دەردمەنلەر،
مۇھەببەت يولىدا دەرد تارتسا ئۇنىڭغا پەخىرى ئەئلاسى.
قىلىپ ھەر خىل مالامەتنى ئۇنىڭغا قانچە غاپىللەر،
رەزىللەر دىلغا ئورناشقان جاپاكارلىق تەمەنناسى.
ھاشارات ئىچىدە قوڭغۇزلار ئىپار - زەپەرگە قارشىدۇر،
ياشار راھەتتە بۇ ئىپلاس نىجاسەت تۇئىمە ھالۋاسى.
ئۇچار قۇش ئىچرە ھوف - ھوفلار گۈزەل بىر نەقىشدار
مەخلۇق،
ئانار، ئەنجۈرنى يېمەيدۇ خالاجاي باغى مەئۋاسى.
قايۇ دىلغە چۈشۈپتۇر ئىشق كۆكۈل يارى مۇھەببەتتە،
پۈسەن بولمايدۇ ئاشىقغە جاھانغا بولسا پاشاسى.



### 1

مېنىڭ ئىشقىم ئەزەل كۈندىن قەلەم سۈرمەك ئەدىبلىقغە.
قەلەم كۆڭلۈمدە بىر دىلبەر قارارمۇ چەشمە شەھلاسى.
بۇلاق قەلبىمدە قايناپدۇ يېزىش سەنئەت ناۋاسىغە،
شارابى شىرە كەيپىدىن ۋۇجۇدۇم ئىشق شەيداسى.
ئەزەلدىن تائەبەت تارتقان ۋۇجۇدۇم دەرد - ئەلەملەرنى،
قەلەم ئىشقىمغە تۆھمەتتىن رەقىبلەر پىتنە ئىغۋاسى.
دەرەختى مېۋەلىكلەردىن چىقار ئىنسانغا كۆپ بەھرە،
ئاتار كالتەكنى ئاچكۆزلەر رەزىلدۇر نەپسى ۋەسۋاسى.
ئىلىم مەشئەل چىراغ بولسا ئەدىبلىك نۇرى مەشئەلدۇر،
چىراغ نۇرىنى كۆرمەيدۇ كۆزىدە بولسا ئەئماسى.
شەپەرەڭ كۈنگە قارشىدۇر تىلەر دائىم قاراڭغۇنى،
قاچان كۈن چىقسا روشەنلىك كاما راھەتلى دۇنياسى.
كىتابى مىر ئەلىشىرنىڭ ئىلىم دۇنياغا مەشھۇردۇر.
نى بوھتانلارنى دۈشمەنلەر قاۋاپ ئۇنىڭغا غەۋغاسى.
ناۋايى مىر ئەلى شىرمۇ قەلەم ھۆسنىگە ئاشىقتۇر،
پىسەنت بولماي يېزىپ ئۆتتى ئاڭا تاغ بولسا تىللاسى.
مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئىنسانغە داۋاملىق بەھرى يەتكۈزمەك،
ھەسەت، تۆھمەت توقۇپ ماڭا يۇرتۇمنىڭ خەلىپە، موللاسى.
كىرىپ دەرس ئىشقىدا مەن ھەم ئوقۇپ چىقسام ئەدىبلىكنى،
ۋەتەندە يوق ئەمەستۇر ئۇ مۇئەللىم ئىشق مەئەللاسى.
زىيارەت ئەيلىسەم لايىق تاۋاپ مەن ئىلمي ئالىمنى،
چاچار دىللارغا ئىلىم نۇرى ئەدىبلىك ئىلىم دەناسى.
بولالماس ئىشق ئەھلىگە نىگارىدىن بۆلەك مەرغۇپ،
كېچە - كۈندۈز كۆڭۈل يادى نىگارى دىلغە ھەمراسى.
ھەققى چۈشسە ئىشق نۇرى توسالماس پەردە ھايىللار،
كۆرۈك ھۆرمەتكە، غۇربەتكە ئېنىڭ بولمايدۇ پەرۋاسى.
بۇ يوللاردا ئەلەم تارتماق تەلەپ ئىشقىدە قان يۇتماق،

ۋەزىپە ئۆشبۇدۇر ھەر كىمگە قىلسا ئىشق دەۋاسى.
تولا تارتىڭ ئەلەملەرنى ھەسەتخور پىتنە خورلاردىن،
يېزىپ ئىمىر ھۆسەيىن يول ھەقىقەت ئىلىم ھەمراسى.

2

يارنى مەن چۈشۈمدە كۆردۈم يار دىلى تارتقانىمىكىن،
تۈندىن مەن يارنى سورىسام ناز ئۇيقۇدا ياتقانىمىكىن.
يارنىڭ ھىجرىدە دىلدىن ياندى ئوتلۇق ئاھۇ ـ ۋاھ،
يارغا قىلغان نالىشىم ئۇيقۇدىن ئويغاتقانىمىكىن.
بۇ غېرىب خانەمگە كەلسە ئىلتىپات بىر مەرھەمەت،
ياندە ياتسام نى دەۋلەت بىرگە ئۇخلاتقايمىكىن.
ئەترە بوي ئول يار دىماغىغا پۇراق بەرسە سابا،
تاڭ شامىلى كاكىلىن مىشكىنى قوزغاتقانمىكىن.
نىسپىي شەپتە ئاي تۇغۇلدى يار جامالىن كۆرگىلى،
زۇلپ ئاراسىدىن يۈزىنى ئايغا كۆرسەتكەنمىكىن.
قىلسىلەر بۇلبۇل ناۋا ۋەقتى سەھەر گۈل ئىشقىدا،
گۈل ئاراسىدە يېتىپ ئاشىقنى ياد ئەتكەنمىكىن،
باغ ئارا رەيھان بويى يار ئىچسەلەر گۈلگۈن شاراب،
قاشى قارا خۇمار كۆزى چۆلپانغە ئوخشاتقانمىكىن.
سەير ئېتىپ دەريا بويى چىقسا مەگەر جەۋلان قىلىپ،
مۇنتەزىر مەستانە كاكۈكۈك زەينەپكە سايراتقانمىكىن.
ماڭسا يار فەرھاد قازغان سۇ بويى جەۋلان قىلىپ،
تۇتى سايراپ ھۆسنىگە شىرىنگە ئوخشاتقانمىكىن،
كىرسە يار گۈلشەن ئارا سۇمبۇل زەيەرۇ زارىگە،
قۇمرى سايراپ نالە مەجنۇن لەيلانى توختاتقانمىكىن.
چىقسا يار مەنزەر راۋاق ئۈستىگە زوھرادەك بولۇپ،



بار ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ تاھىرنى داغلاتقانمىكىن.
تۇرسا يار كاكىل يېيىپ تاۋۇسى رەنا كۆلكىدە،
ئاختۇرۇپ ئۇزرا كەبى ۋامۇقنى يوقلاتقانمىكىن.
كۆرسىتىپ زىبا سەنەم رەئنا يۈزىن دىلدارىگە،
زار يىغلاتىپ غېرىپنى باغداتقە قوغلاتقانمىكىن.
يار ئاق نازۇك قولىدا چالسا تىللا سازىنى،
ساز ساداسىدىن ئۈلۈك دىل روھى شادلانغانمىكىن.
يىغلاتىپ ئىشقى يۈسۈپىن ياقۇبى بىچارىنى،
غەم باياناتى ئارا بەيتىل ھەزەن ئەتكەنمىكىن.
ھەر بىر دىل ئىشقىدا ھەيران بۇ جاھان مەيدانىدە،
ۋەسلى يوق بولماي مۇيەسسەر دۇنيادا قاقشاتقانمىكىن.
ئىشقىنى مەن تەسۋىرلىدىم يارىم مېنىڭ تۇتسام قەلەم،
ئىشتىياقى شېئىرىدىن ئىلھامنى قايناتقانمىكىن.
مەن گۈلىستانى ئەدىب گۈلزارىدىن ئالغان پۇراق،
گۈل پۇراقى كەيپىدىن قەلەمنى تەۋرەتكەنمىكىن.
گۈلغە ئۈچ گۈل ھەرىسى چېچەك ئىمەر گۈلنى شوراپ،
گۈلغە دوست مەستانە بۇلبۇل ئىشقى سايراتقانمىكىن.
كۆكرىكىمنى ئىشق ئۆرتەر ھەر قاچان يازماق ئۈچۈن،
مىر ھۆسەيىننىڭ قەدرى بولماي يازغانغا يىغلاتقانمىكىن.

3

ياخشىلىق قىل ئى ئوغۇل سەن تەندە بولسا جان ھايات.
تاكى قالغاي بۇ جاھاندا سەن ئۈچۈن بىر ياخشى ئات.
گەر يامانلىق ئەيلىسەڭ ئىنسانغە دىل قەھرىڭ بىلەن،
ھەممە خەلق لەنەت بىلەن ئېيتقاي ساڭا بولساڭ ۋاپات.
ياخشىلىق ئىنسانغا سەندىن يەتسە دىللار بولسا شاد،

ئەل سىنىڭ ۋەسپىڭنى ئېيتىپ تىلىگەي ھەقتىن نىجاد.
سەن يامانلىق خەلققە قىلساڭ شەخسىي ئارزۇيۇڭ بىلەن،
ۋەقتى كەلسە خەلق ئۇرار يۈزۈڭگە قاتتىق مىڭ كاچات.
ياخشىلىق قىل قول بىلەن ھەم تىل بىلەن، قەلبىڭ بىلەن،
بۇ پەزىلەت سەندە بولسۇن بەلكى ۋىجدان ھېسسىيات.
سەن يامانلىق قىلما ھەرگىز ئى ئوغۇل مەردلىك بىلەن،
ياخشىلىقتىن مەرد بولساڭ ھېچقاچان بولمايسەن مات.
بولسا باغرىڭدا يامانلىق شەخسىي بىر مەقسەت بىلەن،
ئۇ يامانلىق ساڭا ھەمراھ ئاقىۋەت قىلغايسەن داد.
ياخشىلىق، ئەخلاق پەزىلەت سەندە بولسا ھەر قاچان،
ياخشىلىق يولداش ساڭا ئىنسانغە سەن بولمايسەن يات.
سەن يامانلىق قوللىنارسەن ئەلنى ناھەق ئاغرىتىپ،
ۋەقىت ئەگەر تۇتقاندا ئەل ئۇچساڭ مەگەر يوقتۇر قانات.
ياخشىلىق قىلماق ئۈچۈن سەن ياخشىلىق پۇرسەتنى تاپ،
ياخشىلارنىڭ ئاتى ئۆچمەس ھېچقاچان ئۇ نۇرى زات.
ياخشىلارنى ئاقتۇرۇپ سەن ياخشىلىقتىن تەلىم ئال،
تات ئۆزۈڭنى سەن ياماندىن قىل ئۇنىڭدىن ئېھتىيات.
سەن يامانلىقتىن تۈزەلمەي ئۆتسە ئۆمرۈڭ ئاقىبەت،
بىر كۈنى ئۆلگەيسەن ھەم جىسمىڭ ئەمەس تۆمۈر پولات.
ياخشىلاردىن يوق زىيان ئىنسانىنى ئاغرىتماس مەگەر،
ياخشىلار ئالىيجاناب، ئەلدىن دۇئا بولسا ۋاپات.
ئى يامانلىق قىلغۇچى يانچۇقچى، ئوغرى، بى ھايا،
سەندە ۋىجدان بارمۇ ھەرگىز بەلكى لەنەت قاتمۇ قات.
رەھىمسىز بولغان قاراقچى ئەقىلسىز ئەخلاقتا يوق،
ھاي قىمارۋاز، سەن هاراقكەش ئەمەسسەن خەلقتىن ئۇيات.
ئوغرى، يانچۇقچى، جېدەلكەش، نىشەۋەن مۇدھىش قالاق،
دەيدۇ قاقشاپ ھەممە خەلقلەر بۇ كاساپەت بىزگە يات.



ئىشلىمەس ھورۇن تىرىكتاپ بى نومۇسنىڭ ئەقلى پەس،
ياش تۇرۇپ ۋىجدان يوقاتقان ئەسكىلىكتىن قولنى تارت.
سەن يامانلىقتىن تۈزەلسەڭ سەن ئۈچۈن بىر ئاقىبەت،
كىم گۇناھغا تەۋبە رامى قىلدى خەلقتىن ئىلتىپات.
ياخشىلىق بىرلە يامانلىق بار جاھاندا ھەرقاچان،
ياخشىلىق قىل ئى ئوغۇل، قىلما يامانلىق پەندىيات.
ياخشىلىقنىڭ مېۋەسىدىن بەھرىمەندۇر ياخشىلار،
ياخشىلىقتىن ئى ئوغۇل قالدۇر جاھانغا تەسىرات.
ياخشىلىق بىلەن يامانىنىڭ ھالىنى تەسۋىرلىدىم،
ياخشىلىقتىن مىر ھۆسىيىن يازدىم نەسىھەت ئەبىيات.

4

دىيارى كاشغەردە بىر ئۇلۇغ پەيزىلىك مازارىم بار،
بۈيۈك «دىۋان لۇغەت» يازغان مۇئەللىپ ھەق يازارىم بار.
ئۆزى ئەۋلادى تۈرك نەسلى، ئىلىم ئەربابى سۇلتانى،
ئۇلۇغ ئالىم ئاتامىزدەك جاھاندا نامدارىم بار.
ئېتى مەھمۇد قەشقەرى، ۋۇجۇدى مەرىپەت كانى،
ئوپال سەۋسەردە ماكانى ۋەتەنگە ئىپتىخارىم بار.
قەدىم مىللەتنىڭ دەناسى، كىتاۋىي ھەقنىڭ دەۋاسى،
ئەدىب ـ ئىلىم مۇئەللاسى مۇسەننىپ تاجدارىم بار.
ئوقۇپ كۆرسەم كىتاۋىنى، بۈيۈك مەنە خىتابىنى،
ئېسىل زۇمرەت گۆھەر يەڭلىغ كۆزۈمگە تۇتىيارىم بار.
ئۇلۇغ پەزلىنى بىلگەنلەر، بېرىپ قەبرىنى سۆيگەنلەر،
كۆچەت ئورمانىنى تىككەنلەر بۇ تارىخ باھارىم بار.
تاۋاب ئەيلەپ مازارىنى، سۆيۈپ ئالىم ئاياغىنى،
تىلاۋەت ئەيلىمەك قۇرئان يۈرەكتىن چىن قارارىم بار.

شەرەپ مىللەتكە مەھمۇدۇم، يېزىش مەدھىيە مەقسۇدۇم،
كۆڭۈل سۆيگەن بۇ مەھبۇبۇم، قەلەم ئاتلىق نىگارىم بار.
يېزىپ تەسۋىرلىدىم مەھمۇدى قەشقەر ۋەسپىسىگە شېئىرى،
بۇ مىسكىن مىر ھۆسەيىنىنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇق باھارىم بار.

5

ياخشىنىڭ ئاياغىدا خىزمەتتە ئۆلسەڭ ئار ئەمەس،
ياخشىغا خىزمەت قىلىپ، نەزەرنى تاپقان خار ئەمەس.
سەن يىراق بولغىل ياماندىن كەلمە ھەرگىز قاشىغە،
قەلبى گۆردۇر ھېچقاچان ياخشى ئاڭا دەركار ئەمەس.
سەن جاھاندىن كەتكۈچى ياخشىغا بولغىل ھەمنىشىن،
ياخشىدىن ئى دوستلىرىم ھەرگىز كۆڭۈل ئازار ئەمەس.
ياخشى بولمايدۇ يامان ھەرچەن نەسىھەت ئەيلىسەڭ،
ياخشىلارغا شۇم دىلى ھەرگىز ئىرىپ ئىقرار ئەمەس.
كۆڭلى قاتتىقتۇر ياماننىڭ مەرىپەت قىلماس ئەسەر،
ياخشىغا قىلساڭ نەسىھەت كۆڭلىدە ئىنكار ئەمەس.
ياخشىلارنىڭ مەرىپەت ھەم تەربىيەت ئەخلاقى بار،
قىلسىلەر ھەر ئىشنى خالىس كۆڭلىدە مەككار ئەمەس.
ئەسلى بەدخۇلقلۇق ياماننىڭ تەنگە ئورناشقان قېنى،
قانچە قىلساڭ ياخشىلىق سەن بەلكى مىننەتدار ئەمەس.
ھەر ياماننىڭ كۆڭلى قىشتۇر، ياز كۈنى بولماس ئىسسىق،
كۆكلىتەلمەس ھېچ گىياھنى، تەسىرى باھار ئەمەس.
ياخشىلارنىڭ كۆڭلى يازدۇر، قىشتىمۇ بولسا سوغۇق،
قۇرۇماس ھېچبىر گىياھ، ئاپەتكە كۆك دۇچار ئەمەس.
ياخشىلارنىڭ كۆڭلى ساپتۇر، ھېچقاچان كەلمەس زىيان،
زاھىرى سالقىن كۆرۈنسە قەلبىدە ئەييار ئەمەس.



قاي يامانلار زاھىرى ئىنسانغە دوست كۆرۈنسىمۇ،
ھەرقاچان كۆڭلى زەھەر، مەھبۇپقا ئۇ دىلدار ئەمەس.
ياخشىلارنى ئاختۇرۇپ سەن ياخشىنىڭ سۆھبىتىنى تاپ،
ياخشىنىڭ ئىلمى سۆزى ھەرگىز ساڭا بىكار ئەمەس.
پەرق قىلغىل ئى ئوغۇل ياخشى بىلەن ياماننى سەن،
ياخشىلاردىن يەتسە ئازار ھېچ كىشى بىزار ئەمەس.
بىل ياماننىڭ كۆڭلى تاشتۇر، تاشنى سۈت يۇمشاتمىدى،
شور زېمىندىن يانتاق ئۈندى، لايىقى گۈلزار ئەمەس.
ياخشىلارنىڭ مەنپەئەت بىرلە مۇرۇۋۋەت ئادىتى،
شەخسىيەت، نەپسانىيەتتە نەپسى ئۈچۈن ئاۋارە ئەمەس.
يامانچۇ؟ بىلسەڭ ئۇنىڭ قىلغان ئىشى نەپسانىيەت،
مەرىپەتتىن بەھرى ئالماس دىل كۆزى بىدار ئەمەس.
يوقمىدى نۇھنىڭ دۇئاسى ئۇ يامان ئوغلى ئۈچۈن،
قارا دىل گۇمران قاۋانلار ياخشىلارغا يار ئەمەس.
ئى خۇدايا، سەن يامانغا بىللە ھەمراھ قىلمىغىل،
سۆھبىتى نائەھلىلەردىن ھېچ يامان دىشۋار ئەمەس.

6

ھەر كىشىگە دوست بولارسەن، سەن ئۇنىڭ ھالىغا باق،
تىل بىلەن دىلى بارابەر بولسا بولغىل ئىتتىپاق.
ساڭا دوست دەپ دۈشمىنىڭگە بولسا مايىل ھەر كىشى،
دوست ئەمەس ئۇنداق كىشى ئايرىل ئۇنىڭدىن سەن يىراق.
ئىشتىنى باقساڭ ئىت سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭگە ئەل ئەمەس،
ئىتچىلىك ئىخلاسى يوق دوستتىن بۇرادەر كەت نېراق.
گەر بېشىڭغا كەلسە غۇربەت قايسى بىر دەۋراندا بىل،
دوستنى سادىق ئىستىگەي يىغلاپ ساڭا تەگسە تاياق.

ئاش، نېنىڭگە، ھۆرمىتىڭگە دوست بولۇر ئالدامچىلار،
بىر ئەلەم كەلسە ساڭا، سۇ ئىچكىلى بەرمەس تاۋاق.
دەرد ــ ئەلەم كەلگەندە قاچقان ساختىپەز يالغانچى دوست،
كەلسە قاشىڭغا ئىشەنمە، ئىت ئۇنىڭدىن ياخشىراق.
بولسا دوست راھەتتە بىللە، جاپاغىمۇ تەڭ شېرىك،
بۇ ۋاپادار دوستقا سەن جانىڭ بىلەن باغرىڭنى قاق.
ھەر كىشىنىڭ سۆزىگە باقىن، كۆرۈپ دوستۇم دېمە،
بولمىسا تەمكىن ئۇنىڭدا، دوست ئەمەس تەنتەنە، شاللاق.
بەزى گۈل بار زەپ چىرايلىق، ھۆسنى رەڭگارەڭ گۈزەل،
گۈلى چىرايلىق ئەفيۇنمۇ تارقىتار زەھەر پۇراق.
بەزى دوست بار بەك چىرايلىق سۆزلەپ ساڭا دام قويار،
ھىيلىگەر شەيتان بۇزۇقتۇر سۇرىتى ئادەم سىياق.
بەزىلەر دۈشمەن دېيۇر بارساڭ ئۇنىڭ ئۆزرەسىگە،
باشلار يامان يولغا سېنى، توسساڭ ئەبەت ساقلار نىپاق.
بەزىلەر دوستلۇق قىلۇر قىلساڭ ئۇنى ھۆرمەتتە سەن،
بىر ئېغىز سالقىن سۆزۈڭگە ئاغرىنىپ تۇرتەر قاپاق.
دوست دېگەن بولسا باراۋەر يەتسە دوستلار ھالىگە،
بەزى خۇشلۇق، بەزى غەملىك سۆزىگە سېلىپ قۇلاق.
كىم باراۋەردۇر ۋاپادارلىقتا دوست جانىڭچە بىل،
ئايىما جانىنى سەن ئۇنىڭدىن ئۆتسە دوستلۇقتىن سىناق.
يارىماس دوستلۇققا ھەر دەم كىم ھاماقەت، پەھمىسىز،
دوستقا يار دەم كېرەك، پەرۋايى يوق، تويسا قورساق.
كىم ئېيىق ئاسراپ ئۆيىدە ساقلىسا گۆش، ياغ بىلەن،
ئۇ ئېيىق نەپسى ئۈچۈن ئاخىر ئۇنى قويمايدۇ ساق.
سەن بۇ خىل نامەردلەردىن دوستلۇقنى ھەرگىز كۆزلىمە،
بارمۇ ۋىجدان، يوق ئۇنىڭدا كۆڭلىدە مىڭ خىل چاتاق.



ياخشى دوست كىم، ساختا دوست كىم، مىر ھۆسەين تەس-
ۋىر ئېتىپ،
يازدىم مۇنى مەن ئەمەلىيەت دەرسىدىن ئېلىپ ساۋاق.

7

ئايا پەرزەنتلىرىم ئۆمرۈڭ بۇ دۇنيادا ھازار ئولسۇن،
سېنىڭ دۈشمەن ــ رەقىبلىرىڭ تەمەسى خارزار ئۆلسۇن.
پەلەكتىن بەختى ئىقبالىڭ بەلەند بولسۇن سېنىڭ ھالىڭ،
گۈزەل مەئۋادا ئەھۋالىڭ ھاياتىڭ بەختىيار ئولسۇن.
سېنىڭ يازغان خېتىڭ كۆرۈپ يۈرەك باغرىم سىراپ بولدى،
ئاۋۋەل بۇ خەيرخاھ مېھرىڭ ئۆزۈڭگە ئىپتىخار ئولسۇن.
قاچان كەلسەڭكى يادىمغا، سۇنۇق روھلۇق خىيالىمغا،
كېلۇر خۇش بۇي دىماغىمغا، گۈلىستانلىق باھار ئولسۇن.
ئىبەرتسەڭ ياد ئېتىپ مەكتۇپ كۆڭۈلدە ئويلىغان مەتلۇپ،
خېتىڭ قەلبىمگە بەك مەرغۇپ، يۈرەكىمگە تۇمار ئولسۇن.
سېنى ئويلاپ يېتىپ ئۇخلاپ، سېنىڭ يادىڭدا مەن يىغلاپ،
چۈشۈمدە قاش قارا كۆزۈڭ سەھەرلەردە خۇمار ئۇلسۇن.
ئايا پەرزەنت، يولۇڭ ئاقتۇر، يۈرەك ساغلام تېنىڭ ساقتۇر،
سۆزۈڭ باغرىمغا چاقماقتۇر، غېرىب باشىم نىسار ئولسۇن.
سېنىڭ يۈزۈڭنى بىر كۆرسەم، كۆرۈپ رەسىمىڭنى مەن كۆرسەم،
جۇدالىق دەردىدە مەن ئۆلسەم، غېرىب قەبرەم مازار ئولسۇن،
دىلىم مەئيۇس يىراقىڭدىن، كۆڭۈل قاقشار پىراقىڭدىن،
بولۇپ كەيپ ئۇششاقىڭدىن، ھاياتىم ئاشكارا ئولسۇن.
سېنىڭ جىسمىڭدە غەملىك ياش، ئاقار كۆزۈڭدە دەريا ياش،
بالام ئەھمەد ساڭا يولداش، خۇدايىم ئاڭا يار ئولسۇن.

بالام دىلنۇرۇ، خالىدەم، خالمۇرات، ئارسلان نەۋرەم،
پۈتۈن ئەۋلادقا بۇ ياردەم سىلەرگە يادىكار ئولسۇن.
توشۇپ ئۆمرۈم ئاخىرلاشقان، قاماقتا مەن غېرىبلاشقان،
تېنىم ئاجىز زەئىپلاشقان، نەمەندە بىر مادار ئولسۇن.
يېزىپ ھالىمنى سەن سورىساڭ، ئوقۇپ خېتىمنى سەن كۆرسەڭ،
مېنىڭ دەردىمنى سەن بىلسەڭ، غېرىبىڭ نالەزار ئولسۇن.
تۇرار جايىڭ ئۇزۇن مەنزىل، ساڭا يىغلايدۇ سۇنغان دىل،
بېرىپ سۆزلەشكە يوقتۇر تىل، نەمەندە ئىختىيار ئولسۇن.
پىراق دەردىگە يوق مەلھەم، دىلىمغا ئەسلا يوق مەھرەم،
ئىمىر ھۆسەين ساڭا ھەمدەم، قەلەم ئاتلىق نىگار ئولسۇن،

8

ئىككى يۈز بولما ئوغۇل، بىر يولغا سەن كۆزۈڭنى ئاچ،
ئىككى خىل بولغان كىشى ئىنسان ئەمەس، ھايۋان مىزاج.
تۆرۈلۈپ دۇنياغا كەلدىڭ ھەق ئۈچۈن قويغىل قەدەم،
ھەق دېگەن دۇنيادا ئۆتكۈر ھەق ئۆزى نۇرلۇق سىراج.
قولغا كەلمەس بۇ ھەقىقەت، ئىككى يۈزلۈك لالىمغا،
ئىككى يۈز بولغان مۇناپىق، ھېچقاچان تاپماس راۋاج.
بىر ئىرادە، بىر نىيەت ئىنسانغا خىسلەت، مەرتىۋە،
شۆھرىتى تارىخقا زىننەت، ئالىيجانابلىق كىيدى تاج.
كىمدە بولسا ئىككى يۈزلۈك، دەۋرنىڭ شەرمەندىسى،
قايسىبىر دەۋراندا بولسا دەربەدەر خارلىقتا ئاچ.
ئاقىل ئولساڭ ئەي ئوغۇل سەن بىر نىيەت، ۋىجدانلىق بول،
خەلق ساڭا قىلغاي ئەقىدە، سەن ئۈچۈن ئول ئالتۇن تاج.
ئىككى تىللىق، ئىككى يۈزلۈكلەردە يوق ۋىجدان پەقەت،



ھەق بىلەن ناھەقنى پەرقسىز ئايرىماس ئۇ قەلبى كاج.
ئىككى يۈزلۈك ئويلىغان مەقسەتكە ھەرگىز يەتمىگەي،
ھېچ كىشى قىلماس ئىشەنچى «ئول ئۇنىڭدىن، — دەيدۇ، — قاچ».
كىمكى قوغلار جۈپ كېيىكنى بىرمۇ قولغا كەلمىگەي،
ھاسىراپ قوغلاپ يېتەلمەي، يولدا يوق ئىچسە ئوماچ.
ئەي ئوغۇل ئېيتاي ساڭا ھەق يولنى سەن تاپاي دېسەڭ،
بىرنى تۆت ئىخلاس بىلەن قىل ھەممە دەردىگە ئىلاج.
ئىككى يۈزلۈك بولسا ھەر كىم، سۆلىتى زور تۆلكىدەك،
ئاقىۋەت قاپقانغا چۈشكەي سەكرىسە سەكسەن غۇلاچ.
ئىككى يۈزلۈك قوللىنىپسەن توپلىساڭ ھەر قانچە مال،
ئول ھەقىقەت ئالدىدا مالىڭ تۈگەپ ھەم قالدى باج.
بىر نىيەت، ئىرادە قىلسا قانائەت ھەر كىشى،
ئاق كۆڭۈل، مال يوق كىشىدىن پادىشاھ ئالماس خىراج.
ئىككى يۈزلۈك خاھىشى قەلبىدە بولغان راك كېسەل،
راك كېسەل بولساڭ تېنىڭگە يوق داۋا قىلساڭ ئىلاج.
ئىككى يۈزلۈكتۇر كىشى ئادەتتە ئۇ بىر جاساپال،
سىر بىلەن زىننەتلىگەن كېتەر رولى سۇنسا پۇراج.
ئىككى يۈز بولما ھەقىقەت يولىدا سەن ئىمىر ھۆسەين،
بىر نىيەتلىك مەئرىپەتتىن قالدۇرۇپ قەسرىنى ساچ.

9

ئەزەلدىن تائەبەت دوستلار قۇتۇلمام غەم بالاسىدىن،
يۈرەكتىن لەختە قان ئاققان ھايات كۆلپەت جاپاسىدىن.
جاھانغا كەلدىم مەن شۇ ئان گۆدەك تۇرۇپ يېتىم بولدۇم،
داۋام مەن قايغۇلۇق ھالدا، يېتىپ دەۋران جاپاسىدىن.
يېشىم تۆت ياشقا يەتمەيلا ئانامدىن مەن يېتىم قالدىم،

ئاتام قاشىغا مەن سىغماي كۆرەلمەي مېھىر ۋاپاسىدىن.
يېتىملىك بىللە مەن ئۆستۈم غېرىب مەزلۇم مومام قېشىدا،
ئوقۇپ مەكتەپتە توققۇز يىل ئىلىم دەرس ساۋادىدىن.
ئوقۇش مەكتەپ داۋامىدا مومام مەرھۇم ۋاپات بولدى،
يېتىملىكتە بېشىم قاتتى، ئۆگەي ئازار ساداسىدىن.
ئاتام بىلمەيدۇ ھالىمنى، يېتىملىكتىن سوئالىمنى،
تۇرۇشقا بولمىدى ئىمكان، تولا دەرد خىلاپىدىن.
كېتىشكە مەن پاناھ ئىزدەپ، تۇرۇشقا مەن ماكان كۆزلەپ،
غېرىبلىقتىن بايان سۆزلەپ، پاناھ ئالدىم شەيخ خانىقاسىدىن.
غېرىبلەرگە پاناھ بولغان، ئىلىم، ئەخلاق بىلەن تولغان،
پىرىم بولدى كېبىرىدىن قاچقان مۇئەللىم پېشىۋاسىدىن.
ئۆتۈپ ئەخلاق، دىن دەرسىنى، ساۋاق ئالدىم مۇدەررىستىن،
چىقىپ خىزمەتىنىڭ ئەھدىسىدىن، پىرىمنىڭ ئالدىم دۇئاسىدىن.
قىلىپ خىزمەتتە كەمتەرلىك، تۆۋەنلىك بىرلە دىلبەرلىك،
بولۇپ قالدىم شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەت مۇختىداسىدىن.
شۇ دەۋرانىنىڭ تەقەززاسى، قىلىپ قارىخانا ئەزاسى،
ماڭا ئاخۇنلار نارازى، تەكەببۇرلۇق ھاۋاسىدىن.
مېنىڭ ئۈستۈمدە ئۇن ئاخۇن، ئۇلارنىڭ ئىلكىدە قانۇن،
ئۇلار ئالدىدا مەن زەبۇن كىچىكلىك بىناۋاسىدىن.
بۇ ئاخۇن ھەربىرى بولغان ۋۇجۇدى نەپسى بىلەن تولغان.
بېرىپ تۇرسام ئامان تۇرغان مۇيۇت-كىمخاب كۆلاسىدىن.
يەنە يامۇلدا بەگ، تۇڭچى، پارا، رىشۋە، ئىشى ئوڭچى،
قىلىپ تەھدىت ماڭا شۇنچى، لىگەن داسقان تاماسىدىن.
بۇلارنىڭ كەينىدىن بوجاڭ، تېخى سۇڭجاڭ بىلەن كوجاڭ،
قاپاق تۇرتەر يوغان جوجاڭ ئىلىشىنىڭ مۇددىئاسىدىن.
بالاخور ئاقساقال شاڭزۇڭ، تاماخور مۇستەبىت لوزۇڭ،
قويۇپ مەن ئالدىغا تاڭزۇڭ، ساماۋەرنىڭ پولۇسىدىن.



يۇقارقى مۇستەبىتلەردىن ھەممىشەم دەككە-دەشنەملەر،
توقۇپ ھەر ياڭزا بەدناملار، مالامەت ئىختىراسىدىن.
شۇ دەۋرانلاردا زالىم شىڭ ھۆكۈم سۈرگەن ئىدى قانلىق،
زۇلۇم ھۆكمىدە بار جانلىق، بالا-ئاپەت قازاسىدىن.
قىلىپ تۆھمەت ماڭا كوجاڭ، يامان دەپ بولدى بوجاڭ،
سېلىپ زەنجىر، قاماپ سوجاڭ زۇلۇم، تۆھمەت سىياسىدىن.
شۇ مەزگىلدە ئاتام بىللە قامالدىم ھەم تاغام بىللە،
بۇ ئەۋلاد يەتتە جان بىللە يوقالدى زىندان بىناسىدىن.
جۇدا بولدۇم ئاتامدىن مەن يەنە ئەۋلاد قېرىنداشتىن،
يۈرەكتىن لەختە قان كەلدى، بېغىر بولغان ياراسىدىن.
يېتىپ ئۈچ يىل قاراڭغۇدا، زىندان ئىچرە مەن يالغۇز،
تولا يىغلاپ خۇدايىمغا، نىجات تاپتىم ئازاسىدىن.
قۇتۇلسام مەن بۇ زالىمدىن، يەنە بولدى مۇستەبىت پەيدا،
جاھانغا تولدى مىڭ ئاپەت، مۇنىڭ شۆھرەت ساداسىدىن.
بالاخور ئاقساقال بايلار، ھوقۇقلۇق بولدى يىل-ئايلار،
بولۇپ ئول مۇستەبىتلەرنىڭ يۆلەنچۈك پېشىۋاسىدىن.
گومىنداڭدىن سىقىلدىم مەن، بالاخوردىن قىسىلدىم مەن،
ھەقىقەتكە ئېسىلدىم مەن، يامانلار غەۋغاسىدىن.
يامانلارغا يېلىنمىدىم، خۇشامەتكە سېتىلمىدىم،
مۇستەبىتلەرگە قېتىلمىدىم، يۈرەك-ۋىجدان ساپاسىدىن.
بالاخورلارنى قىلدى باش، سەنىيخۇي دەپ بىر قالاق تەشكىل،
بالاخور ئەزدى پۇقرانى، تەشكىلنىڭ ئىداسىدىن.
بۇ تەشكىلگە رىياسەتلىك، قىلىشقا يوق پاراسەتلىك،
مۇستەبىتلەرگە پاراغەتلىك، ئالۇ، ئالتۇن پاراسىدىن.
قامالدىم ئالتە ئاي ناھەق، مۇنى سورىمايدۇ ھېچكىم ھەق،
«بوي ئەگمەيسەن، — دېدى، — ئەبلەخ» دېگەن زۇلمەت
جاپاسىدىن.

قاماپ ئالتە ئايمۇ زىنداندا، خەلق نارازى ۋىجداندا،
تىلەپ ئەل مېنى مەيداندا تەلەپلىك ئۆلتىجاسىدىن.
قاماقتا رەڭگىمروھىمدىن، ئاداشقان پاك روھىمدىن،
كىشلىك ئابروپىمدىن، كېتىپ ھايات ناماسىدىن.
ئېلىپ تاشلاپ ۋەزىپەمدىن، قىلىپ مەھرۇم نېسىۋەمدىن،
تېنىم كۆيدى ئەلەم، غەمدىن، گومىنداڭ دىل ئازاسىدىن.
ۋەتەن، خەلقىم تەلەپ قويدى، «مېنى ئازاد قىلىش» دېدى،
«بوي ئەگمىدى نېچۈن» دېدى، دىلى زۇلمەت قاراسىدىن.
تىكىلدى كۆپچىلىك ئاما، سۇنۇپ ئەل ئىلتىماسنامە،
قارا كۆڭلى بولۇپ سامە، نىجات تاپتىم ئەل ئىلتىماسىدىن.
يوغان سەللا مۇناپىقلار، مۇستەبىت يولىغا سادىقلار،
دىلى شەيتانغا لايىقلار، دىلىم مەيۇس نا سازاسىدىن.
مېنىڭ ھالىم بۇ خىل ئۆتتى، مۇناپىقلارنى يەر يۇتتى،
ئاخىر دەمدە قىساسى تۇتتى، يېگەن ناھەق پاراسىدىن.
بەگ، ئاخۇن ئاتالغانلار، ھەقىقەتنى ئۇنۇتقانلار،
ئىلىمنى پۇلغا ساتقانلار دېدى: «جاھالەت پەتىۋاسىدىن».
شۇ مەزگىللەردە «فايۋەن» دەپ، ئادالەتتە مۇئەييەن دەپ،
سوراش دائىۋانى جەزمەن دەپ، خىيانەتنىڭ ئاساسىدىن.
بۇ فايۋەن پۇل تېپىش يولىنى قىلىپ ئالغان زۇلۇك پۇلنى،
سۇنۇپ پارىغا شۇم قولىنى، ئېلىپ خاڭدەن تاۋاسىدىن.
ھەممە ئىش پۇل بىلەن بولغان، ئەمەلدارلىق پارا بىلەن
تولغان،
ھەقىقەت كۆمۈلۈپ قالغان، كۈمۈش، ئالتۇن تىللاسىدىن.
شۇ دەۋراندا ئېزىلدىم مەن، يامان نامدا سىزىلدىم مەن،
قاماشقا يېزىلدىمەن خەلپە، موللىنىڭ ئىغۋاسىدىن.
تولا تۆھمەت مالامەتتىن قۇتۇلالماي ئۆتتى بۇ ئۆمرۇم،



ئەلەم تىغى بىلەن سۇنغان، دىلىم تاپماي داۋاسىدىن.
ھەقىقەتسىز زامانلاردا، ھوقۇق پۇلدار يامانلاردا،
بولۇپ مەنسەپ چايانلاردا، ئۇ دەۋراننىڭ ھاۋاسىدىن.
پارا خورلۇق مۇقىملاشتى، خەلق ھالى قالاقلاشتى،
مۇستەبىتلىكمۇ ئاياغلاشتى گومىنداڭ ئاساسىدىن.
بۇ تارىخ ھىجرى مىڭ ئۈچ يۈز، يەنە يەتمىش تولۇپ توققۇز
سەپەر ئېيى توشۇپ ئوتتۇز گومىنداڭ گۇم جازاسىدىن.

10

ئى دوستۇم دىلبەر، ئىشقىڭدا كۆيۈپ، ئاھ ئۇرۇپ قانلار يۇتسام
مەيلىمۇ؟
يولۇڭدا ۋەيران، سەرگەردان بولۇپ، ھىجران پىراقىڭ تۇتسام
مەيلىمۇ؟
پەرھادتەك دائىم تىنماي ئاھ ئۇرۇپ، گۈلدەك چىرايىم سولسا
مەيلىمۇ؟
ئىشقىڭ ئوتى دەم يانار كۆكرەكتە، ئۆرتىنىپ جىسمىم كۆيسە
مەيلىمۇ؟
يادىڭ دىلىمدا، ئەقلىم بىقارار، مۇزتەر ھالىمغا كۈلسەڭ
مەيلىمۇ؟
ئى نازۇك دىلبەر سورىماي ھالىمنى، بىر رەھىمە قىلماي
يۈرسەڭ مەيلىمۇ؟
رەھىمسىزلىك ئىنساننىڭ ئىشى، رەھىمىڭنى كۆرمەي ئۆلسەم
مەيلىمۇ؟
بىر سائەت ۋەسلىڭ بولسا مۇيەسسەر، ئاندىن جاھاندىن كەتسەم
مەيلىمۇ؟

ئى باغرى قاتتىق ئەجەب يوق رەھىمىڭ، مۇنداق جاپالار
سالساڭ مەيلىمۇ؟
كۆرسەتمەي ۋەسلىڭ يىغلىتىپ مىنى، ئوتتىنىڭ ئىچىدە
قويساڭ مەيلىمۇ؟

## مۇبارەك

بىزدىن سالام جەڭچىلەر خۇش تەلئىتىڭ مۇبارەك،
قەلبىڭدە قەھرىمانلىق شىجائىتىڭ مۇبارەك.
سىزلەر ۋەتەنگە پەرزەنت تۇپراقىمىزدا گۈلدەك،
كۆڭلۈڭدە مېھرىبانلىق خۇش مېھنىتىڭ مۇبارەك.
سىزلەر ۋەتەن باتۇرى، خەلق جانغا كاپالەت،
دۈشمەنگە پالىۋانلىق جاسارىتىڭ مۇبارەك.
كومپارتىيە تەربىيەت قىلغان سىلەرگە ھەردەم،
سوتسىيالىستىك روھلۇق قىياپىتىڭ مۇبارەك.
ھەربىي لىباسىنى كىيگەن، ئالتۇن پاگونىنى تاقىغان،
دۈشمەنگە مىسلى تاغدەك زور ھەيۋىتىڭ مۇبارەك.
ھۆرلۈك يولدا سىزلەر جاپانى كۆزگە ئىلماي،
مېھنەتكە ھېچ يېڭىلمەس چوڭ غەيرىتىڭ مۇبارەك.
سالام بىلەن سىلەردىن ئۈمىد كۈتەر كۆپچىلىك،
ۋەتەنگە پاسىبانلىق بۇ جۈرئىتىڭ مۇبارەك.
بەش يۇلتۇزلۇق بايراقنى ئۇستۇن قىلىش ۋەزىپەڭ،
دۆلەتكە چىن ئىشەنگەن ئىتائىتىڭ مۇبارەك.
ۋەتەن ساتقۇچ گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ۋەھشىدەك،
خەلق ئەسكىرى مېھرىبان سالاپىتىڭ مۇبارەك.
مۇندىن كېيىن ھەر زامان ھەربىي ھۈنەر ئۆگىنىش،
خىزمەتلىرىڭ ئۇتۇقلۇق پەزىلىتىڭ مۇبارەك.



ئەخلاقىڭدىن بۇ يۇرتتا تەسىرلەنسۇن ئەر ـ ئايال،
ھەممە بىردەك ئىشەندى، ئىناۋىتىڭ مۇبارەك.
ۋەتەن ئۈچۈن كىم قۇربان ياكى مېيىپ كىم بولغان،
تارىخ سەھىپىسىدە بىل زىننەتىڭ ھەم مۇبارەك.
ياشلارنىڭ ئىختىيارى، ئەسكەر بولۇش خىيالى،
قىزغىن كۆڭۈلدە ھالى، پاراسىتىڭ مۇبارەك.
ھال سورىغىلى بىز كەلدۇق، سالام يولداش سىلەرگە،
خەلق ئەسكىرى باھادىر بۇ ھۆرمىتىڭ مۇبارەك.

1957 ـ يىل، فېۋرال

## پەرزەنتى ئەۋلادىمغا ۋەسىيەت

ئىشىت پەرزەنت ساڭا ئېيتاي مېنىڭ بۇ نالە ـ زارىمنى،
غېرىبلىق مەنزىلىمدە ھەم بىسقۇرۇلۇق يوقۇ بارىمنى،
پۈتۈن ئۆمرۈم ـ ھاياتىمدا، ئىلىم كەسپىي ساۋاتىمنى،
يېزىش ئىشق ھېسسىياتىمدا، بىلىم بىلگەن گۇناھىمنى.
قامالغان تۈرمە ۋادىدە، داۋام ئەمگەكتۇر يادىدا،
ئاقارغاچ ساچ ـ ساقالىمدا، يوقالغان ئېتىبارىمنى.
رەقىبلەر پىتنە ـ غوۋغاسى، جىنايەتچى قىلىپ ئاسىي،
كېسىپ ھېچ يوقتۇر ئاساسى، بوغۇپ ئەركىن ئىختىيارىمنى.
يامانلىق يازدى نامىمغا، خاتالىق تولدى شانىمغا،
ئېسىپ ئېلانى بويىنۇمغا، گۇناھكارلىق تۇمارىمنى.
بازار كۇنىدە باغلانغان، سازايى كوچا ئايلانغان،
جازا دەشتىگە پالانغان، بۇ يەڭلىغ خارۇ زارىمنى.
قىزىق قۇملۇق باياۋاندا، قىلىپ ئەمگەك زىمىستاندا،
يېتىپ ئوچۇق شىۋىرغاندا، كۆمۈلگەن دۆۋە قارىمنى.

قېرىلىق بىللە بىچارە، گۇناھكارلىقتا ئاۋارە،
غەمۇ ھەسرەتتە دىلپارە، تاپالماي ھېچبىر چارەمنى.
قەدەم باسسام مەئيوپلۇقتا، كېچە ـ كۈندۈز غېرىبلىقتا،
جىنايەتچى ئەيىبلىكتە، زەئىپلەشكەن مادارىمنى.
كېچە ـ كۈندۈزدە ياد ئەتمەك، سۆنۈق روھىمنى شاد ئەتمەك،
سەھەر ئاللاغا داد ئەتمەك، پىغانلىق ئىنتىزارىمنى.
ھەمىشە مەن دۇئا بىرلەن، تەلەپ ۋە ئىلتىجا بىرلەن،
رىزالىق، خەيرخاھ بىرلەن، سىلەردەك يادىكارىمنى.
يېشىم يەتمىش تولۇپ سالىم، قاماقتا بىقۇرۇ ھالىم،
ۋاپات بولمىشكى ئايالىم، رەپىقى روزىكارىمنى.
ھاياتىمغا ۋاپادارلىق، ۋاپاتىمغا خېرىدارلىق،
دىلىمغا مېھرى دىلدارلىق، كۆكۈلدە گۈل باھارىمنى.
تامام ئەۋلادى پەرزەنتىم، يۈرەك باغرىم، جىگەر بەندىم،
ئامان قىلسۇن خۇداۋەندىم، بالام سىز بەختىيارىمنى.
سىلەرنى ئويلىسام ھەر كۈن، كۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق بىر تۈن،
يۈرەك پارە ئەمەس، پۈتۈن سېغىنغان دىل خۇمارىمنى.
قاچان كەلسە زىيارەتكە، مېنى يوقلاش بېشارەتكە،
بېسىپ مەلھەم جاراھەتكە، تۈزەتتىڭ غەم غۇبارىمنى.
كېچە ـ كۈندۈز ئاقار ياشىم، غەمۇ ھەسرەت بىلە باشىم،
تولۇق سەكسەن يېگەن ئاشىم، بېرىپ كۆرسەم دىيارىمنى.
ۋەتەن كاشغەردە ئاستانىم، دىيارىم باغۇ بوستانىم،
يېزىپ دەرد بىللە داستانىم، ئەلەملىك ئەشئارىمنى.
قاماقتا يىللىنى ئۆتكۈزدۈم، قېرىپ مەن پەھمىدىن ئازدىم،
ئېلىش ئەپۋەگە خەت يازدىم، مېنىڭ مۇددەت قارارىمنى.
بالام قۇددۇس بىلەن قۇتلۇق، دىلىمدە مېھرى بەك ئۇتلۇق،
ئىنايەت، ئەسقەرىم مۇڭلۇق، بۇلاردەك ئىز باسارىمنى.
بالام قارىيە، مارىيە، كىچىك دىلبەر قىز رازىيە،



دۇئايىم دىلدە رازىيە، بۇ ئەۋلاد ئىپتىخارىمنى.
يەنە دىلنۇرمۇ خالىدەم، مۇساپىرلىقتا پاتىمەم،
بولۇر ئەۋلادقا بۇ ھەمدەم، سەپى قىپ پەرۋەردىگارىمنى.
ئۈمىدىم ھەر قاچان سىزدىن، تەلەپتە ياش ئاقار كۆزدىن،
ھاياتىم كەتسە تىلى سۆزدىن، ۋەسىيەت بۇ يازارىمنى.
ۋەسىيەتلەرنى پەھمە ئەتكىل، غېرىب ھالىمغا رەھمە ئەتكىل،
بابام يانىغا دەپنە ئەتكىل، غېرىب قەبرى مازارىمنى.
ۋاپات بولسام جاھاندىن، مەن مېنىڭ روھىم قىلىڭ خۇرسەن،
«غېرىبىم» دەپ يىغلىمىز پەرزەند مېنىڭ ماتەم ھازايىمنى.
ئەلەملىك قىبلگاھىم دەپ، دۇئاگويي خەيرخاھىم دەپ،
جاپاغا مۇپتىلاھىم دەپ، مېنىڭ كۆرگەن ئازارىمنى.
پاناھ بولسا ھايات دەۋرەم، تۈتۈك تاۋۇتنى تۆت نەۋرەم،
يېزىڭ لەۋھە غېرىب قەبرەم، دەردلىك بۇ شىئارىمنى.
ئاتالغان ئەھلى ئىمان دەپ، سانالدىم جىن ـ شەيتان دەپ،
قالدىم دىنىي ۋىجدان دەپ، ئەقىدە ئېتىقادىمنى.
دىلىمدە ئىشقى مەتلۇبۇم، يېزىشقا ئەسلى مەقسۇدۇم،
كۆڭۈل سۆيگەن بۇ مەھبۇبۇم، قەلەم ئاتلىق نىگارىمنى.
ۋەتەن ئەھلىمگە رەھمەت دەپ، بۇلار بولسۇن سالامەت دەپ،
خۇدايىمغا ئامانەت دەپ، تامامى، دوست ـ يارىمنى.
يېتىم ـ ئاجىز رىزا قارى، تىلاۋەتنى قىلىڭ يارى،
سىلەردىن بولۇپ مەن رازى، پاناھ قىلدىم ھەق بارىمنى.
ۋاپات بولسام مۇسىبەتتە، ئوقۇپ ئاڭلاڭ نەسىھەتتە،
يېزىپ قويدۇم ۋەسىيەتتە، جەمى شېرىن زابانىمنى.
ئەلەملىك مەن بۇ دۇنيادا، دىلىممۇ سەبرە ئەئلادا،
يېزىپ تەقدىر قەسامنادا، مېنىڭ بۇنداق بۇلارىمنى.
ئىمىر ھۆسەيىن ئۆلپەت، قەلەم يازدىم دىلىمدىن دەرد،
پەلەكتىن كەلگەن غەم ـ ھەسرەت، يۈرەكتىن ئاھۇ زارىمنى.

## پەرزەنتىمگە سالام

ئەزىز پەرزەنتلىرىم ئاڭلاڭ غېرىبلىق بۇ سالامىمنى،
كىچە ـ كۈندۈزدە ياد ئەتكەن يىغانلىق دەردى ھالىمنى.
گۇناھكارلىق سەۋەب بىرلە قىلمىپمەن ئۇشبۇ ئەھۋالدا،
ئۈمىدىم كۆپ مېنىڭ ئەسلەپ، سىلەرنى ئويلىغان ھالدا.
ئۆزۈمنىڭ دەردى بىر ھەسسە، سىلەرچۈن يەيمەن غەم ـ غۇسسە،
بايان قىلسام بۇ دەردىمنى، بولۇر مىڭ داستانۇ قىسسە.
يۈرەكىمنى ھەمىشەم سىز ئۈچۈن ھەسرەتتە داغلايمەن،
گۇناھكارلىق ئەسەر قىلغاچ كىچە، تۈنلەردە يىغلايمەن.
ئاناڭ مەرھۇم ھايات بولسا، مېنىڭ ھالىمغا يىغلايتتى،
نە ھالىڭ بار سېنىڭكى دەپ، غېرىب باشىمنى سىيلايتتى.
بىلىڭ پەرزەنتلىرىم سىزگە دۇئا بىرلە دىلىم يادىم،
تەلەپلىك ئىلتىجا بىرلە خۇداغا يەتسە پەريادىم.
سىلەرنى تاپشۇرۇپ قويدۇم، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمغا،
تامام دوست ئەقرىبايىمنى ياراتقان ھەق بارىمغا.
سالام يازدىم بالام سىزگە، جاۋابىنى سويۇتماڭلار،
ئوقۇغاندا سالامىمنى دۇئا بىرلە ئۇنۇتماڭلار.
سالامىمنى ۋەتەن ئەھلى بۇرادەرلەرگە سەن يەتكۈز،
جاۋابىغا تەقەززا بوپ، قاراپ يىغلايدۇ نۇرسىز كۆز.
بېشىمغا كەلدى بۇ ھالەت، غېرىبلىق ئۇشبۇ دەۋراندا،
جۇدالىقتا پەرىشان مەن، دىلىم غۇربەتتە ۋەيراندا.
ۋاپاتىم بولسا ئالدىڭدا، دېگەن مەقسەتتە مەن غەم يەپ،
كېلىپ ھالىمنى سورا پەرزەنت دۇئاگويىڭنى سەن ئىزدەپ.



ھايات ئىنسانغا دۇنيادا، جۇدالىقتىن يامان ئىش يوق،
جۇدالىق كەلسە ھەر كىمگە ئېنى يوقلارغا ھېچ كىم يوق.
جۇدالىقتا غېرىبلارنى كىمى يوقلار كېلىپ ئىستە،
غېرىب كۆڭلىنى شاد قىلغاي، بالام ھالىمنى سورىغان دەپ.
جۇدالىق دەردىنى ھەر چاغ، بىلۇر ۋەيرانە بولغانلار،
يېتەر كىم دەردى ـ ھالىغا، يېتىم ـ بىچارە بولغانلار.



## تەۋپىق

(1936 — 1901)

مەمتىلى ئەپەندى توختى ھاجى ئوغلى (تەۋپىق) 1901 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بويامەت يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ خەت - ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، 1914 - يىلى ئېكساق يېزىسىدىكى پەننىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان ۋە سازچىلىق، ناخشا ئوقۇش، شېئىر يېزىشقا ئىشتىياق باغلاپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. 1921 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ، مۇساپىر يۇرتداشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن موسكۋا شەرق دارىلفۇنۇنىغا كىرىپ ئوقۇغان. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە تۈركىيىگە بېرىپ، ئىستانبۇل شەھىرىدىكى ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش مەكتىپىدە ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر مەزگىل شەھەر ئەتراپىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىپ، زامانىۋى ئىلىم - پەن بىلەن ئۆز خەلقىنى قوراللاندۇرۇش، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئوت يۈرەك شائىر ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1932 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن خەلق ئارىسىدا قانات يايغان ئىنقىلابىي كۈرەش دول-

قۇنغا قوشۇلۇپ گەتكەن. ئۇ، 1933 - يىلىدىن باشلاپ ئاتۇش-تا يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنىپ، قىسقىغىنە بىر يىل ۋاقىت ئىچىدە، ئاتۇش ۋە قەشقەر مائارىپىنىڭ ئەھۋالىدا يېڭى ۋەزىيەت ياراتقان. ئۇ، 1936 - يىلى جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، قەشقەر تۈرمىسىدە قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسسىق يۈرەك قېنى بىلەن سۇغىرىلغان بىرمۇنچە يالقۇنلۇق شېئىرلارنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ شېئىرلار شائىرنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشىنىڭ، ئۇلۇغۋار غايىسىنىڭ ئاشۇ تارىخىي شارائىتتىكى مەھسۇلى بولۇپ، روشەن سىياسىي خا-ھىشقا ئىگە.

تەۋپىقنىڭ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرىنى تەييارلاشتا يولداش مىرەخمەت سېيىت تەرىپىدىن «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىنغان «تەۋپىق شېئىرلىرىدىن نەمۇ-نىلەر» ئاساس قىلىندى.

## ئوقۇدى، ئاشتى...

ئوقۇدى، ئاشتى باشقىلار بىزدىن، ئەي قەدىردانلار،
كۆرگەچكە ئۇلارنىڭ ئىجتىھاتىنى قايىنار ۋىجدانلار.
هاۋادا لاچىندەك جەۋلان قىلۇرلەر باشقا مىللەتلەر،
قالدۇق بىز ئۇلاردىن بەكمۇ ئارقىدا، ئويلا ئىممەتلەر.
ئۆگەتمەس بىزلەرگە ھەق كالامنى بىلگەن ئالىملار،
ئەخلاقنى پۇچەك پۇلغا ساتقاي بىزنىڭ زالىملار.
رىشۋە① بار يەرگە ئاچ قاشقىر كەبى دەممىز چاپارلەر،
بېشىدا سەللە، قولىدا تەسۋىي، ھەقتىن قاچارلەر.
ئويلاڭلار! زاكات ـ ئىسقات كىملەرنىڭ ھەققى، كىملەر ئالۇرلەر؟
نى ـ نى خىيانەتلەر ھەيۋەت تون ئىچرە پىنھان قالۇرلەر.
مۇيەسسەر بولدىلەر باشقا ئەللەرگە ئانچە ھېكمەتلەر،
ئەمىلىگە قارىتا بەردى ئاللا شانۇ شەۋكەتلەر.
ئوقۇيمىز ـ بىلمەيمىز، لىسانۇ ئەرەب مۇشكۇل تىلى بىزگە،
يادىكار قالغان يوق بىر نوكتە ھېكمەت ئۇلاردىن بىزگە.
قەشقەردە يېتىملەر ھامام ئاستىدا كۆلدە ياتۇرلەر،
تەربىيەسىز، ئوشۇق ئويناپ، نىشە تارتۇرلەر.
مەرھۇمى داموللا ئابدۇقادىرى ناھەق كەتتىلەر،
گۇناھى نىمە؟ پەقەت بىزگە ھەقنى ئۆگەتتىلەر.

## ۋەتەن ئۈچۈن

ۋەتەن ئۈچۈن تەرەققىيات ئىستەرمىز،

① رىشۋە ـ رىشۋەت ـ پارە



ئارزۇيىمىز راۋاجلانسا مائارىپ.
جاننى پىدا قىلدۇق ئەزىز ئۆلكىگە،
بىزنىڭ يۈرەك زامانلارغا مۇخالىپ.
بولسا دەيمىز بىزدە ھوقۇق، ئادالەت،
بولسا بەربات خۇراپاتلىق، جاھالەت.
شۇنىڭ ئۈچۈن ياشىسۇن بۇ ئىنقىلاب،
زاۋال تاپسۇن ناھەقچىلىق، ئىختىلاب!
پورەكلىسۇن گۈزەل باھار گۈللىرى،
شوخ سايرىسۇن يۇرتىمىز بۇلبۇللىرى.
ئىقبال ئۈچۈن بولايلى بىز ئىتتىپاق،
جىلۋىلەنسۇن مەرىپەتنىڭ نۇرلىرى!

## بىز — مۇئەللىم

بىز — مۇئەللىم! يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپيورۇق نۇرلار ساچىمىز.
تالاي يىللار زۇلمەتتە تىنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم ـ ئىرپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق.
خۇراپاتتا قالدۇرۇپ ئەزدى زالىملار،
كۆزلىرىمىز قارىغۇ كۆپ ناچار بولدۇق.
بىزنىڭ ماڭغان يېلىمىز سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان گۈلى.
ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن،
پۈختا بولسۇن مەكتەپنىڭ بېسىلغان ھۇلى.
يورۇق تاڭغا تەلپۈندى ۋىلايىتىمىز،
ئىلىم بىلەن تىكلەنگەي ئىناۋىتىمىز.
مەنبە بولدى ئىرپانغا يۇرتىمىز ئاتۇش،
ئىرپان بىلەن ئېچىلغاي سائادىتىمىز.

## قۇتۇلۇش يولىدا

سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز بولسۇن پىدا بۇ جانىمىز،
قۇتۇلۇش يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز.
قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ ئاخىر قۇتۇلدۇردۇق سېنى،
قۇتۇلۇشقا قەلبىمىزدە بار ئىدى ئىمانىمىز.
يۇرتىمىز بىز يۈز - كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق،
ئۆرلىگەن يالقۇن بىلەن پاكلاندى بەلكى نامىمىز.
يارۇ ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممەتىمىز سەن ئۈچۈن،
شانۇ شۆھرەتلىك ئىدى ھىممەت بىلەن ئەجدادىمىز.
ئاتىلارنىڭ جەڭلىرى ئۆچمەيدۇ تارىخ بېتىدىن،
نەسلى قالدى جەڭگىۋار، بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بىز.
مىللەتارىست بولدى گۇم، بولدى ياۋدىن ئەل ئامان،
ياشىسۇن، مىڭ ياشىسۇن گۈزەل ئىستىقبالىمىز!

## مۇبارەك ۋەتەن

ئەي مۇبارەك ئاتىلار يۇرتى ۋەتەن ياشارسەن،
پەرزەنتلىرىڭ باشىغا تېخى نۇرلار ساچارسەن.
تاغلىرىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، زىلال سۇلار بويلايدۇ،
دۈشمەنلىرىڭ بەك ئاچكۆز تالىماقنى ئويلايدۇ.
ئوتلاقلىرىڭ ياپپېشىل سانسىز ماللار يايلايدۇ،
قىمىز ئۈچۈن تاغ ئەھلى يىلقىلارنى بايلايدۇ...
ۋەتەن خەلقى ئويغانغىن، ئاچ كۆزۈڭنى ئولتۇرما،
بۇ جانجان يۇرتۇڭنى غەپلەت بىلەن تولدۇرما.
ئەل - يۇرتىغا تەر تۆكمەك پەرزەنت ئىشى، بۇرچۇڭدۇر،
يولغا چىققان كارۋانسەن، ئىلىم - ئىرپان يولچىڭدۇر.



## ئويغان خەلق

ئويغان خەلق، يۇرتۇڭنى سەن قۇتۇلدۇر،
مەكتەپ بىلەن چىراغ ياقىن، نۇر تولدۇر!
پۈتسۇن ئەمدى زۇلمەت، دەۋرى ئىستىبدات،
شۇم تەقدىردىن، قارا كۈندىن بول ئازاد!
سائادىتىڭ ئۈچۈن تىرىش، ھىممەت قىل،
پەرزەنتلەرنى ئاقارتىشتا خىزمەت قىل!
دەس تۇر ئەمدى، ئاتلان خىزمەت يولىغا،
ھوما قۇشى قونسۇن ئەۋلاد قولىغا!

## قۇتۇلدۇق

ئۆلكىمىزدە نەلەر كەچتى ئويلايلى،
كەچمىش تارىخ دەرياسىنى بويلايلى!
مەھكەم بولۇپ يىللار - ئايلار ئۆتتىلەر،
مۇستەبىتلەر بىزنى ۋەيران ئەتتىلەر.
يۇرتنى چەيلەپ خالىغانچە كەزدىلەر،
ئەلنى خارلاپ، زۇلۇم سېلىپ ئەزدىلەر.
قولىمىزغا مىلتىق ئېلىپ ئېتىلدۇق،
بىزلەر ئەمدى ئۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلدۇق.
مەرپەتنىڭ قۇياشىغا ئۇمتۇلدۇق،
قۇتۇلدۇق بىز، قۇتۇلدۇق بىز، قۇتۇلدۇق.
ئەل ئويغاندى، بىز غەپلەتتە ياتمايمىز،
يۇرتىمىزنى ئەمدى ئەرزان ساتمايمىز.

قۇربانلارنىڭ قانلىرىنى ئاقلايمىز،
يېڭىشلەردىن - يېڭىشلەرگە ئاتلايمىز.

## بىز — ۋەتەن ياشلىرى

بىز — ۋەتەن ياشلىرى بىز،
يۇرتقا قۇربان باشلىرىمىز.
ساغلام كۆڭۈل، ساپ ۋىجدان،
بىزنىڭ يولداشلىرىمىز.
چېكىندى بىزنىڭ يۇرتىمىزدىن،
جاھالەت بىرلەن زۇلمەت.
ئېچىلدى ئەمدى كۆزلىرىمىز،
خوراپاتتىن بولدۇق ئازاد.

بىز ۋەتەن ياشلىرى بىز.
كۈرەش بىلەن تاپتۇق ھايات.
ئەل قەلبىنى ئويغىتىمىز،
ئويغىنىشتىن كېلەر نىجات.

## ئەي ئانا يەر!

ئەي ئانا يەر، كۆزلىرىڭدە ئۈمىد پارلار ھەر زامان،
ئۈستىڭدىدۇر گاھى تۇتۇق، گاھى روشەن كۆك ئاسمان.
ئۆتتى تارىخ، ئۆتتى يىللار، ئىستىلالار بولدى كۆپ،
جەڭ - چېلىشلار يالقۇنىدا چىقتى سانسىز قەھرىمان.
ئەي ئانا يەر، پاك، مۇقەددەس، سەندە بىزنىڭ جانىمىز،
سۆيگۈ - مېھرىڭ ۋە سۈتۈڭدىن پۈتتى بىزنىڭ قانىمىز.



ئەل يوقالماي كەلدى سەندە جەڭدە كۆكلەپ، بەرق ئۇرۇپ،
قايىنىغان قان، چاقنىغان تىغ بولدى دائىم يارىمىز.

## ئىرپان كۈنلىرى

تۇغدى بۇ يۇرتقا ئىرپان كۈنلىرى،
پۈتتى نادانلىق، زۇلمەت تۈنلىرى.
سايرا ۋەتەننىڭ شوخ بۇلبۇللىرى،
ئېچىلدى ساڭا ئىلىم يوللىرى.

يېمىرىلمەكتە دەۋرى ئىستىبداد،
خۇراپاتلىقتىن بولغىن سەن ئازاد.
بىلگىن غەنىيمەت ئالتۇن چاغلارنى،
قىل ئىرپان بىلەن يۇرتۇڭنى ئاباد.

## بۇرادەرلەر

بۇرادەرلەر يول كۆرۈندى،
يەنە غېرىب باشىمە.
تاغدا تاشلار چىقتى كۆكلەپ،
كۆزدىن ئاققان ياشىمە.
پارلاق ئۈمىد يۇلتۇزلىرى،
نۇر ساچتى يولداشىمە.
قەدەم قويدى ئىقبالىمىز،
ئەۋج ئىززەت تاغىغە.
يول ئېچىلدى ئەمدى بىزگە،
سائادەتنىڭ باغىغە.

## ئالتۇن ئۆلكە

ئۆلكىمىز ئالتۇن ئۆلكە، ئالتۇن تاغۇ تاشلارى،
ئالتۇن رەڭدە چاقنايدۇ بۇغداي، قوناق ئاشلارى.
ئۆلكىمىز ئالتۇن ئۆلكە، بىز پىداكار ياشلارى،
قەدىرلەيمىز ئىرپاننى، بىز ئىلىم يولداشلارى.
بۇ ئۆلكىنىڭ پەرزەنتى ھەر بىرىدۇر ئارسلان،
جەڭگە تەييار ئەرك ئۈچۈن بۇندا سانسىز قەھرىمان.
ئۆلكىمىز ئالتۇن ئۆلكە، بىز ئۇنىڭ قۇربانى بىز،
بەخشەندە بولدى ئاڭا قەلبىمىز ـ ۋىجدانىمىز.

## قۇياش تۇغقاندا

تۇغدى قۇياش، ساچتى نۇر يۇرتىنىڭ تاغۇ تاشىگە،
ئۇنىڭ يىللىقى يەتتى مەزلۇم خەلق باشىگە.
قۇياش نۇرى يورۇتقان ئىنقىلابنىڭ گۈلى بىز،
يۇرتىمىزغا چېچىلغان ئىلىم ـ ئىرپان نۇرى بىز.
يوللىرىمىز ئېچىلدى باسىمىز غالىب قەدەم،
يورۇق كۆندىن نۇر ئېلىپ نۇر چاچىمىز دەمبۇدەم.

## ئىزچىلار

بىز ئىزچىلار بىز، قوللىرىمىز گاڭ،
كۆزىمىز نۇرلۇق، قەلبىمىز ساغلام.
خەلق يولىدا ئالغا باسىمىز،
دۈشمەنگە قارشى ساقلاپ ئىنتىقام.



ئۆگەن تىرىشىپ، ياش ئىزچى باللار،
ۋەتەن غېمىدا قاينار ۋىجدانلار.

ئۇزۇن ۋاقىت بىز زالىم قولىدا،
ئىشلىيەلمىدۇق خەلق يولىدا.
قۇللۇق ئورنىدىن ئەمدى دەس تۇردۇق،
ئالغا ئۆرلەيمىز ئىرپان نۇرىدا.
ئۆگەن تىرىشىپ، ياش ئىزچى باللار،
ۋەتەن غېمىدا قاينار ۋىجدانلار.
ئۆسكەن يۇرتىمىز تاغلىق، شېغىل تاش،
ۋەتەن يولىدا پىدادۇر بۇ باش.
ماڭغان يولىمىز نىجاتلىق يولى،
قايتما بۇ يولدىن ئىزچى قېرىنداش!
ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللار،
ۋەتەن غېمىدا قاينار ۋىجدانلار.

## مەكتەپ

مەبدەئى ھىلمۇ ھايا① مەكتەپ ئىرۇر،
مەخزەنى سىدقو ساپا② مەكتەپ ئىرۇر.
مۇزلىغان دىللارنى ھەم چۈن نەۋ باھار،
سەبزە خۇردام ئەيلىگەن مەكتەپ ئىرۇر.

توم تاراقى دۇنياۋى شەيئون ھەقىر③
قائىدى راھى ھۇدا④ مەكتەپ ئىرۇر.

---

① مەبدەئى ھىلمۇ ھايا ـ مۇلايىملىق ۋە ھايانىڭ باشلىنىشى.
② مەخزەنى سىدقو ساپا ـ راستلىق ۋە پاكلىق خەزىنىسى.
③ دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن خەۋەر بەرگۈچى.
④ قائىدى راھى ھۇدا ـ توغرا يولغا باشلاشنىڭ قائىدىلىرى.

گۈللەمەن يەر جۇكاما لەمغىل كاما،
مەسلىكۇ دارى شىپا مەكتەپ ئىرۇر⑤.

## كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ

(1935 - يىلى تەۋپىق ئاتۇشتا يولغا قويۇلغان يېڭى مائارىپنىڭ نەتىجىلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى باشقا جايلارغا كېڭەيتىش مەقسىتىدە، 40 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەشكىللەپ، ئۇلارنى پەيزىۋات، تۇققۇزاق، ئوپال، تاشمىلىق، يېڭىسار، قەشقەر شەھىرى قاتارلىق جايلارغا پىيادە ساياھەتكە ئېلىپ بارغانىدى، ئۇلار ساياھەتتىن قايتقىنىدا ئاتۇش كوچىلىرىدىن مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىپ ئۆتتى.)

سەپەر قىلدۇق، تاغلار ئاشتۇق،
يېڭىلىقتىن نۇرلار ساچتۇق،
خەلقىمىزگە قۇچاق ئاچتۇق،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ.

بىھۇدە يولنى ماڭمىدۇق،
بىز يولدا ھەرگىز ھارمىدۇق،
ئىشسىز بىكار ھەم قالمىدۇق،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ.

پىيادە چۆللەردىن ئۆتۈپ،
ھەر يەردە ئەلنى ئويغىتىپ،
كونىلىقنى قورقۇتۇپ،
كەلدۇق سالامەت ئايلىنىپ.

⑤ بۇ مىسرانىڭ مەنىسى— مەسلەكلەر شىپا تاپىدىغان دوختۇرخانا مەكتەپ بولىدۇ.



## تەنقىد

سىلەردە بار ئەجەب بىر خىل ئەيىبلەر،
نەشە، ھاراق، ئەپيۇندەك كەيپلەر.
ئويناپسىلەر قەغەز، قىمار دېگەننى،
ئىت يېمەيدۇ سىلەر نان دەپ يېگەننى.
تەنقىد قىلدۇق، ئەخلاقىڭىز تۈزۈلۈر،
تۈزۈلمىسە سىزدىن ئۈمىد ئۈزۈلۈر.
نەشە تارتىپ رەڭگىڭىزدە ھېچ قان يوق،
شۇڭا سىزدە ئادەمگە خاس ۋىجدان يوق.
توغرا مېڭىڭ، ئۆلگە ئېلىڭ بىزلەردىن،
ئەھلى ۋەتەن بىزار بولدى سىزلەردىن.

## تۇرمە خاتىرلىرى

(1)

تاقىتىم تاق بولدى مۇندىكى خەلقنىڭ نىدايىدىن،
قۇلاقلىرىم گاس بولدى كىشەنلەر سادايىدىن.
ئېخ، بىچارە مەزلۇملار! گۇناھى نېمە زادى؟
بىر ماگدامچە يەر تەگمىش بۇ ۋەتەن پانايىدىن.

(2)

نەچچە يىل كەزگەن ئىدىم بۇ دىياررۇ غۇربەتنى،
ھېچقەيەردە كۆرمىگەن ئىدىم بۇنداق قۇبەتنى.

ئېلىپ باردىم ئاقارتىش قايتىپ ئانا ۋەتەنگە،
مۇكاپەت ئۈچۈن ئالدىم بۇ ئازارۇ كۈلپەتنى.

(3)

بۇ قارا ئىغۇ يىللاردا تاپالمىدىم ئادالەت،
ئادالەتكە ئىنتىلدىم، قولغا ئالدى سىياسەت.
خەلقىم ئۈچۈن ئىلىم - پەن، تەرەققىيات ئىستىدىم،
نىيىتىم ساپ، دىلىم ئاق، ئۆتكۈزمىدىم جىنايەت!

(4)

روھىم ئەجەب قىسىلدى يالغۇزلۇقتا - تۇتقۇندا،
سائەتلىرىم ئۆتمەكتە كىشەنلىنىپ زۇلمەتتە.
يېشىم ئوتتۇز ئالتە ياش، تاشتىنمۇ قاتتى بۇ باش،
ئادا بولار ئوخشايمەن بۇ خىل قايغۇ - ھەسرەتتە.

(5)

خۇدا بىلۇر، باللىرىم قالدى داد ۋ - پەرياتتا،
دېرىكىمنى ئالالماي سەرسان بولۇپ ھەرياقتا.
ئەل خائىنى مەھتىمىن ئىچى قارا مۇناپىق،
ھۆكۈمەتكە ئۇستۇمدىن خەۋەر بېرىپسەن ساختا.

(6)


ئۇرغۇپ تۇرغان ئىسسىق قان جىسمىمدا ئىسيان ئېتەر،
كۈندە مۇشتۇمدەك كېسەك خەت يېزىپ تۈگەپ كېتەر.



## تېيىپزات تاھىرى

(1974 — 1901)

تېيىپزات تاھىرى مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن، يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەتلىك، ئىقتىدارلىق كىشىلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، شائىرى، تارىخچىسى، تېۋىپى ھەم ماھىر خەتتاتى ئىدى. ئۇ، 1901 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ چولۇقاي يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. تېيىپزات كىچىكىدىنلا كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارى چۈشكۈدەك زېرەك ئىدى، ئاتىسى تاھىرى بالىسىنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقىنى بايقاپ، ئۇنى تەربىيىلەشكە، بىلىم ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. تېيىپزات سەككىز ياشقا كىرگەندە، غۇلجا شەھىرىدىكى «تالىيە» مەكتىپىگە ئوقۇشقا بەردى. تېيىپزات بۇ مەكتەپتە سەككىز يىل ئوقۇپ، مەكتەپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتتۈردى. ئۇ ئوقۇش، ئۆگىنىش جەريانىدا بىلىم ئېلىش، ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتتىن مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دىققىتىگە ئېرىشىپ ئۆز مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى بولدى. تېيىپزات ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئەۋلادلارغا ئەتراپلىق بىلىم بېرىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىنىڭ بىلىمىدە كامالەتكە يەتكەن بولۇشىنى ھېس قىلدى. ئۇ، 1921 - يىلىغا كەلگەندە، ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئايرىلىپ، بىلىم ئېلىش تەشنا-



لىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قەشقەرگە باردى، قەشقەرخانلىق مەدرىسىگە كىرىپ شەمشىددىن دامولامدا مەخسۇس تەلىم ئالدى.

شەمشىددىن دامولام (1874 — 1933) قەشقەر ۋە بۇخارادىكى يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرىدا ھەم ئالىملاردا ئوقۇپ، ھىندىستان، ئەرەبىستاندىكى ئاتاقلىق ئالىملار بىلەن ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولغان، ئۇلارنىڭ چوڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، دىنىي، پەننىي ئىلىم تەھسىل قىلغان. بولۇپمۇ تىل ـ ئەدەبىيات، مەنتىق (لوگىكا)، ئاسترونومىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا قاتارلىقلاردا كامالەت تاپقانىدى. ئۇ مۇتەئەسسىپلىككە، خۇراپاتلىققا قارشى، ھەققانىيەتچى، مۇتەپەككۇر زات ئىدى. تېيىپزات شەمشىددىن دامولامنى ئۇستاز تۇتقاندىن كېيىن، ئۇ مۇتەپەككۇرنىڭ بارلىق پەزىلەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈش يولىدا كېچە ـ كۈندۈز تىرىشتى، ھەر كۈنى بېرىلگەن دەرسنى ئىزچىل تۈردە تەلەپكە لايىق ئۆزلەشتۈرۈپ باردى، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتىدىن پايدىلىنىپ، مەدرىس ئىچىدە بولىدىغان خىلمۇ خىل پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى، شائىر ۋە خەتتاتلار بىلەن پات ـ پات ئۇچرىشىپ، ئۇلاردىن يېزىقچىلىققا دائىر بىلىم ۋە خەتتاتلىقنى ئۆگەندى، ئۆگىنىش يولىدا ھاردىم ـ تالدىم دېمىدى، كۆڭۈل قاچىسىنى بىلىمگە تولدۇرۇشقا تىرىشتى. تېيىپزاتنىڭ بىلىم ئېلىش يولىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكى شەمشىددىن دامولامنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇ ئۆزى قانچىلىك بىلسە زېرەك شاگىرتى تېيىپزاتقا شۇنچىلىك ئۆگەتتى. گەرچە، تېيىپزات قەشقەردە ئىككى يىل تۇرۇپ ئوقۇغان بولسىمۇ، دىنىي، پەننىي ئىلىمنى خېلى مۇكەممەل ئۆگەندى، تىل ـ ئەدەبىيات، مەنتىق (لوگىكا)، ئاسترونومىيە، تارىخ،

جۇغراپىيە ۋە ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەردىمۇ يۇقىرى مەلۇماتلىق بولدى. تېيىپزات قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە پەننىي، دىنىي ئالىملارنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمىسىگە، شائىرلارنىڭ مۇشائىرىلىرىگە پائال تۇردە قاتنىشىپ تۇردى. بۇ خىل يىغىنلار تېيىپزاتنىڭ نەزەر دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى، ئەدەبىياتقا، بولۇپمۇ شېئىرىيەتكە بولغان ھەۋىسىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئەنە شۇ چاغدا يەنى 1922 - يىلى باشلاندى.

مەرىپەت ئىشقىدا يانغان تېيىپزات: «نادانلىق — قاراڭغۇلۇق، قاراڭغۇلۇقنى نۇر يورۇتىدۇ، نۇر — بىلىم» دەپ تونۇپ، مىللەتنىڭ مائارىپى ئۈچۈن ئۆزىنى بەخش ئەتكەچكە، قەشقەردىن ئىلىغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن، پۇل، مەنسەپ، ئاتاق، ئابروي ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇرمىدى. ئابدۇمۇتائالىيى خەلپەمنىڭ دەرسخانىسىغا كىرىپ داۋاملىق بىلىم ئاشۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن مۇئەللىم بولۇپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەشكە قايتا كىرىشتى. ئۇ، ئوقۇتۇش داۋامىدا «كۈن ئۇ ياققا، پۇل بۇياققا» دېمىدى. پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى ئوقۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا كۆپرەك بىلدۈرۈش يولىدا تەر تۆكتى. شۇڭا تېيىپزات جامائەت، مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ھەم ياشلار ئىچىدە كۆرۈنەرلىك ئىناۋەتكە ئىگە بولدى. 1928 - يىلىغا كەلگەندە «تالىيە» مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلدى.

دەل مۇشۇ مەزگىللەردە غۇلجىدا سەھىيە، تىبابەتچىلىك تەرەققىي قىلمىغان، تىببىي خادىملار تولىمۇ كەم ئىدى. ئۆزلۈكىدىن تىبابەتچىلىك كىتابلىرىنى ئوقۇپ مۇتائىلە قىلىپ، بۇ جەھەتتە ئانچە - مۇنچە بىر نەرسىنى پەملەپ قالغان تېيىپزات ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتىدىن پايدىلىنىپ، 1930 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە ئېچىلغان تىببىي كۇرستا،

1932 - يىلى يەنە غۇلجا شەھىرىدە ئېچىلغان فىلىشىرلىق كۇرسىدا تىببىي بىلىم ئالدى. ئاندىن ھەر خىل كېسەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «شىپائىل قۇلۇپ» ناملىق تىبابەتچىلىك كىتابىنى تۈزدى. شۇندىن كېيىن، تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچىلىك يەڭگىل كېسەللەرنى داۋالاپ كەلدى.

تېيىپزات تارىخ ئۆگىنىشنى، ئەڭ مۇھىمى ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشنى نەزەردىن ساقىت قىلمىدى. «تارىخىي ئەمنىيە» قاتارلىق نۇرغۇن تارىخىي كىتابلارنى، قول يازما تارىخىي كىتابلارنى يىغدى، خەلق ئىچىدىكى تارىخچىلاردىن نۇرغۇن تارىخىي مەلۇماتلارنى بىۋاسىتە ئاڭلاپ خاتىرىگە ئالدى. ئۇ بىر كۈنى «ھەرەمباغلىق يۈسۈپجاندا قول يازما ئۇيغۇر تارىخى بار» دېگەننى ئاڭلاپ، ئالايىتەن يۈسۈپجاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قول يازما ئۇيغۇر تارىخىنى ئېلىپ ئوقۇپ چىقتى. تېيىپزات يۇقىرىقىدەك ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ تارىخ بىلىمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ كەلدى.

تېيىپزات تاكى 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولدى. 1944 - يىلى ئىلىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىگە قارشى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابى قوزغالدى. 1945 - يىلى 2 - ئايدا غۇلجا شەھىرىدە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى دىنىيە نازارىتى قۇرۇلۇپ ئابدۇمۇتا ئالىي خەلپەم نازىر بولدى. تېيىپزات دىنىيە نازارىتىنىڭ مەسئۇل كاتىپى بولدى. تېيىپزات 1951 - يىلىغىچە كاتىپ بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ كاتىپ بولغان مەزگىلدە (1946 - يىل 9 - ئايدىن باشلاپ) ئايدا بىر قېتىم چىقىدىغان دىنىي، ئەدەبىي، ئەخلاقىي، ئىلمىي ژۇرنال — «ھايات مۇجەللىسى» نى چىقىرىشقا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۆزى ژۇرنالغا ئۈزمەي



شېئىر ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ تۇردى. خەلق ئىچىدىن تارىخىي، ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە نۇرغۇن كىتابلارنى توپلاپ ساقلىدى، مۇھىملىرىنى كۆچۈرۈپ ساقلىدى. موللا بىلال موللا يۈسۈپنىڭ «غەزەلىيات» ناملىق ئەسىرى كۆچۈرۈلۈپ نەشرگە تەييارلاندى. شائىر موللا ئەلىنىڭ «مەھزۇن - گۈلنىسا» داستانى چاغىستايدىن ئېلىپ كېلىنىپ كۆپەيتىپ كۆچۈرۈلدى. مانا بۇلار بىر - بىرلەپ تېيىپزاتنىڭ قولىدىن ئۆتكەنىدى، بەزى كىتابلارنى ئۆزى بىۋاستە كۆچۈرگەنىدى. تېيىپزات 1951 - يىلدىن كېيىن، بىر مەزگىل ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ئىلى ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشلىرىنىڭ ئەزاسى بولدى. ئۇ، 1974 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ چولۇقاي يېزىسىدا ۋاپات بولدى.

تېيىپزات ئوقۇتقۇچى بولغان مەزگىللەردە ئوقۇغۇچىلارغا ھازىرقىدەك تەييار دەرسلىك كىتابلار يوق ئىدى. ئۇ قايسى دەرسكە كىرسە، شۇ دەرسلىكنى ئۆزى تۈزۈپ دەرس ئۆتەتتى، بېسىپ ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بېرەتتى. ئۇ چاغدا تىل، ئىملا تولىمۇ قالايمىقان ئۆتۈلەتتى، شۇنىڭ بىلەن سۆزلەرنىڭ ئوقۇمى بىر ئىزغا چۈشۈرۈلمەي، تىل، ئىملا مەسىلىسىدە زور قالايمىقانچىلىق پەيدا بولغانىدى. تېيىپزات بۇ نۇقسانىنى بايقاپ، مەلۇم ئىلمىي ئاساسلارغا تايىنىپ، تىل دەرسلىكى تۈزۈپ، دەرس ئۆتۈپ، ئۆز زامانىسىدا ئۇيغۇر تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا تۆھپە قوشتى. تېيىپزات تىل جەھەتتىن مەلۇم بىلىمگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ «ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى» تۈزۈشكە كىرىشتى. بۇ بىر زور ئىلمىي ئىش ئىدى. شۇنداقلا، ۋاقىت جەھەتتىن 1930 - يىللىرىنىڭ باشلىرى بولۇپ، پەن - تېخنىكا، ئەدەبىيات - سەنئەت، مەدەنىيەت، سانائەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش

راۋاج تاپمىغانىدى. ئۇ قەشقەرگە كەلگەچكە بۇ مۇش-
كۈل ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتىن يالتىيىپ قالمىدى، ئىشنى
ئوتتۇرا يولدا توختىتىپ قويمىدى. قولىدا بار ماتېرىياللارنى
رەتلەشتىن سىرت، خەلق ئىچىگە كىرىپ، لۇغەتكە ئالاقىدار
ھەرخىل مەزمۇندىكى كىتابلارنى تېپىپ ئوقۇدى. خەلق
ئارىسىدىن تىل ئۆگەندى، خاتىرىگە ئالدى، بەزى دەلىل-
ئىسپاتلارنى مۇھاكىمە قىلىپ مۇقىملاشتۇردى، ئەرەب، پارس
ۋە تۈرك تىللىرىدىكى كىتاب - ژۇرناللارنى ئوقۇپ مۇناسىۋەتلىك
جايلىرىدىن پايدىلاندى. ئاندىن كېيىن لۇغەتنى تۈزۈشكە
كىرىشتى. دەسلەپكى قەدەمدە لۇغەت قانچىلىك تۈزۈلگەن
بولسا، شۇنچىلىكنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىپ تۇردى. بۇ
ئۇسۇلنىڭ لۇغەتنى تېخىمۇ تولۇقلاشقا پايدىسى تەگدى. بۇ
لۇغەت يېڭى تۈزۈلۈۋاتقاندا بەزىلەر تېيىپزاتتىن: «خەلپىتىم،
يازدىسىز، سىزدىسىز، تۈزەيسىز، تىنىم تاپمايسىز، بۇ زادى
نېمە؟» دەپ سورايتتى. تېيىپزات ئۇلارغا كۈلۈپ تۇرۇپ:
«بۇنىڭ نېمىلىكىنى، قىممىتىنى كېيىن بىلىسىلەر!» دەيتتى.
ئۇ، لۇغەتكە ئۇزۇن يىل ئەجىر قىلدى، ئۇچرىغان ھەر خىل
سۆزلەرنى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا توغرا ئىزاھلاشقا ئالاھىدە
كۈچ سەرپ قىلدى، سۆزلەرگە پەن - تېخنىكىدىن، تارىختىن،
ئەدەبىيات - سەنئەتتىن، سىياسىي، پەلسەپىدىن، ئىشلەپچىقى-
رىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىن، دەلىل
ئىسپات كەلتۈرۈشكە بار كۈچى بىلەن ئۇرۇنۇپ كۆردى، بىر
سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى، كۆچمە مەنىسى ۋە يوشۇرۇن مەنىسى-
نى بېرىشكە تىرىشتى. ئۇ، ئاخىر «ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق
لۇغىتى» نى 1950 - يىللارنىڭ بېشىدا ئېلىپبە تەرتىپى بو-
يىچە تۈزۈپ دەسلەپكى باسقۇچتا تاماملىدى. تېيىپزات لۇغەت-
كە توپتوغرا 30 يىلدەك ئۆمرىنى سەرپ قىلدى. ئاپتور



لۇغەتنى تۈزۈش جەريانىدا ئۆزىنىڭ تىل - ئەدەبىيات، تارىخ،
پەن - تېخنىكا، ئېتنوگرافىيە ۋە تېبابەتچىلىك بىلىمىنى
مۇستەھكەملەپ، يەنىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. ئىلمىي
ھەم تارىخىي قىممەتكە ئىگە ناھايىتى نۇرغۇن كىتاب، قول
يازما ماتېرىياللارنى توپلىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ لۇغەتكە كىرگۈز-
ۈش ئۈچۈن يېزىپ رەتلىگەن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى،
ماقال - تەمسىللىرى، قوشاقلىرى، تېپىشماق، لەتىپە، رىۋايەت-
لىرى ھەم كلاسسىك ئەدەبىياتتىن ئۈزۈندىلەر 3 - 4 مىڭ
پارچىدىن ئاشىدۇ. بۇ ئاپتورنىڭ يەنە بىر ئىلمىي خىزمىتى
ھېسابلاشقا بولىدۇ.

تېيىپزات ئوقۇۋاتقان، مەيلى جەمئىيەت ئىشىغا ئارىلاش-
قان مەزگىللىرىدە بولسۇن ئۆزىنى ئىدىيىۋى ئەخلاق، پەزى-
لەت ۋە ياخشى خۇلق جەھەتتىن تەربىيىلىنىشكە ئەستايىدىل
كۆڭۈل بۆلدى. باشقىلارغىمۇ مۇشۇ نۇقتىدىن قاتتىق تەلەپ
قويدى. ئۇ ئۆزى ياشىغان فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى چىرىك
ئىدىيىۋى ئەخلاقنى تۈزەشكە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلدى. زور
تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، ئۇ 1930 - يىلىدىن 1948 - يىلغىچە
«دىيانەت»، «ئىسلام ئەخلاقى»، «ئىسلام ۋە ئەخلاق»، «ئىچىم-
لىك ۋە قىمارنىڭ زەرەرلىرى»، «روزا ھەققىدە» (ھازىرقى
تېپىلغانلىرى) قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ، گېزىت-
ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ، كىشىلەرگە ئىدىيىۋى ئەخلاق
تەربىيىسى بېرىشكە تىرىشتى. بۇ ماقالىلەر ئەينى زاماندا
كىشىلەر ئارىسىدا زور تەسىر قوزغاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى،
ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىدە ئالاھىدە مۇھىم رول
ئوينىدى. ئۇ، يەنە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە «ئەخلاق باغچى-
سى» (1933 - يىلى) كىتابىنى تۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا دەرس-
لىك قىلىپ ئۆتتى. بۇ دەرسلىك كىتاب بىر نەچچە بۆلەك-

لەرگە بۆلۈنگەن، ئىددىيە، ئەخلاققا ئالاقىدار كۆپ مەزمۇن-
لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئەينى زاماندا ياش-
ئۆسمۈرلەرگە ئەخلاقىي پەزىلەت تەربىيىسى بېرىشتە يېگانە
دەرسلىك ماتېرىيال بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا بۇ كىتاب بىر
قىسىم كىشىلەرنىڭ قولىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

تېيىپزات 50 يىلدىن كۆپرەك شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن
شۇغۇللانغان. كىشىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىدىن قارىغاندا،
ئۇ مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە ھەر خىل مەزمۇنلاردا ناھايىتى نۇر-
غۇن شېئىرلارنى يازغانلىقى مەلۇم. ئۆز زامانىسىدا بۇ
شېئىرلارنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان
قىلىنغان بولسىمۇ كۆپ قىسمى ئۆزىنىڭ خاتىرە دەپتىرىدە
قالغان، كېيىنكى كۈنلۈكتە بۇلارنىڭ ھەممىسى يوقاپ كەت-
كەن، بىر نەچچە يىلدىن بېرى سۈرۈشتە قىلىش ئارقىسىدا مەرھۇم-
نىڭ بىر نەچچە پارچە شېئىرىنى تاپتۇق، بۇ شېئىرلارنىڭ سانى ئاز
بولسىمۇ، شائىرنىڭ ئىددىيىۋى ھېسسىياتى پىكرى ۋە دۇنيا قارىشىنى
بەلگىلىك دەرىجىدە ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شائىر بۇ شېئىرلىرىدا
مەرىپەت، نادانلىقنى تۈگىتىش، جاھالەتكە قارشى تۇرۇشنى
مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، كىشىلەرنى بىلىم ئېلىپ ھالاكەت
دەشتىدىن چىقىشقا، بىلىم ئېلىپ ئۆز بەختىنى تاپقانلار
ئالدىدا ئۇيىلىپ، بىلىم، ئەل-يۇرت ئۈچۈن جان پىدا قى-
لىشقا چاقىردى، خۇراپاتلىقنى، مەنسەپپەرەسلىكنى، پۇلخۇمار،
ئاتاق-ئابرويچى نومۇسسىزلارنى قامچىلىدى: ئەخلاقىي پەزى-
لەتنى تۆرلۈك يەل-يىمىشلەر پىشىپ تۇرغان بىر گۈزەل
باغچە قىلىپ كۆرسىتىپ كىشىلەرنى بۇ باغقا كىرىشكە، ئۇنىڭ
مېۋىلىرىدىن لەززەت ئېلىشقا، شۇنىڭ بىلەن دۇرۇس ئەخلا-
قىي پەزىلەت تىكلەپ، ساپ ئىنسانىي خىسلەتكە ئىگە بولۇش-
قا دەۋەت قىلدى.



جەمئىيەت، مەرىپەتپەرۋەرلەر بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈر-
لەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان بۇ تالانت ئىگىسى كېيىنكى
كۈنلەردە ھەر خىل پالاكەتلەرگە گىرىپتار بولدى، يالغان
قارىلىنىپ كۆپ ئازاب چەكتى. تېيىپزات ئەنە شۇ بەختسىزلىكلەر
داۋامىدا ئۇزۇن يىل قان-تەر بەدىلىگە توپلىغان، رەتلى-
گەن، يازغان ئەسەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى، قىسمەن ئەسەر-
لىرى ئۇنىڭ جىنايى دەلىلى قىلىنىپ كۆيدۈرۈلدى، كۆپ
قىسىم ئەسەرلىرى، «ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى» نىڭ «A»
قىسمىدىن باشقا قىسمى يوقىتىۋېتىلدى. بىراق ئەل ئىچىدە
ئۇنىڭ ئىش-ئىزى، نامى، ئەخلاقىي پەزىلىتى قالدى. بۇن-
داق كىشىلەر مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ.

## ئۆيال

باق ئۆزۈڭ مىللەتىڭگە غەپلەتتە ياتماقتىن ئۆيال،
ھەم جاھالەت چۆلىنىڭ ساۋغىدە قاتماقتىن ئۆيال.

باق بۆلەكلەر ئىززەتىڭگە، بەختىڭگە، خامۇسىڭگە،
قۇل بولۇپ زالىم، جاپا، كۆلپەتنى تارتماقتىن ئۆيال.

باق بۆلەكلەر جان بېرۇر نامۇسىنى ساقلاش ئۈچۈن،
پۇلنى دەپ، مەنسەپنى دەپ نامۇسنى ساتماقتىن ئۆيال.

باق بۆلەكلەر مەرىپەتنىڭ باغلىرىدا سەيلە ئېتەر،
سەن جاھالەت تامۇغى ئوتىدا ياتماقتىن ئۆيال.

باق بۆلەكلەر مەرىپەت كەۋسەرلىرىدىن بال ئىچەر،
سەن تەئەسسۇپ زەھرى بىلەن ئاغۇلانماقتىن ئۆيال.

باق بۆلەكلەرنىڭ ھەقىقەت تەختىگە مىنگەنىگە،
سەن خوراپات لايىغە باشىڭچە پاتماقتىن ئۆيال.

باشقىلار ئۈچقۇچ بىلە ئۇچسا ھاۋادا قۇش كەبى،
تا كۆزۈڭدىن يوتكۆچە ئاسمانغا باقماقتىن ئۆيال.

باشقىلار ئىلىم ئارقىلىق چىقتى ھالاكەت دەشتىدىن،
سەن ئۆلۈمنىڭ ھاڭىغە ئۆزۈڭنى ئاتماقتىن ئۆيال.



باشقىلار ئاجۇندە ئەركىن يۈرسەلەر ھۆرمەت بىلەن،
قۇلچىلىق زەنجىرىگە بويىنىڭنى چاتماقتىن ئۆيال.

ئارقاداشىم - يۇرتداشىم تىنماي ئوقى، بىل ھەم تىرىش،
ئىشلە، چامدا ئالغا - ئالغا ئارتتا قالماقتىن ئۆيال.

ئەل ئۈچۈن، يۇرتۇڭ ئۈچۈن، نامۇس ئۈچۈن دائىم تىرىش،
بىر ئۆزۈڭنىڭ پايدىسىگە ئۆپكە قاقماقتىن ئۆيال.

بەختلىك تۇرمۇشقە ئەلنى يەتكۈزۈشكە سەئي قىل،
راھىتىڭ ئىزدەپ ئۆزۈڭنى چەتكە تارتماقتىن ئۆيال.

ئەل ئۈچۈن قايغۇرمىغان ناكەسنى ۋىجدانسىز دېگىل،
نەپسى ئۈچۈن، مەنسەپ ئۈچۈن ۋىجداننى ساتماقتىن ئۆيال.

سەن ۋەتەننىڭ قەھرىمانى، سەن كۈرەش ئېلىڭ ئۈچۈن،
دائىما سەن ئالغا يۈرگىل ئارتقا قايتماقتىن ئۆيال.

## ئاڭلا مەندىن نەچچە سۆز

ئەزىزىم، ئاڭلىغىن مەندىن نەچچە سۆز،
دېگىم كەلدى بۇنى كۆرگەچ سېنى ئۆز؛
قىلاي دېسەڭ ئەگەر مەنانە تاماشا،
كىرىپ بۇ باغقا سال ئىبرەت بىلەن كۆز.

خازان بولماس بۇ باغ، ئەسلا قۇرۇماس،
پىشار يېمىشلىرى قىشى - ياز ھەم كۈز،

ئىچى تۆرلۈك كۆچەتلەر بىرلە تولغان،
كى ھەر شاخىدا يېمىشلىرى نەچچە يۈز.

ئېگىلگەن شاخىدا كى پىشقان يېمىشلىرى
دېيۈرلەر ھال تىلى بىرلە: «مېنى ئۈز».
ئۈزۈپ يېسەڭ بىلەرسەن شۇندا تاتلىقتىن،
ئۇنىڭ تەرىپىگە ھېچ يەتمىگەي سۆز.

بۇ باغنىڭ يېمىشىدىن تاتلىق ئالغان،
سالۇرمۇ ئۆزگە باغ يېمىشىگە كۆز.
بىرۇر يېمىشلىرى ئەخلاقا قۇۋۋەت،
قىلۇر كۆڭلۈڭنى ساپ خۇيلۇق، تۈز.

بولۇپ كامىل كىشى شۇندا تاپقۇلۇق،
ئەدەب بىرلە خالايىق ئالدىدا ياز.
كىملۇرمۇ قولغا مۇنداق مىسلى يوق باغ،
تىرىشمىساڭ ئوقۇشقا كېچە، كۈندۈز.

1933 - يىل، غۇلجا

## ئىنقىلابقا بېغىشلاپ

بىزنىڭ ئىنقىلاب شانلىق ئىنقىلاب،
بولغانمۇ مۇنداق جانلىق ئىنقىلاب.

چەككەچ زالىمدىن جەۋرى - جاپالار،
تەگرىگە يىغلاپ تۇرمىدۇق ئەسلا.
بولغاي راۋا دەپ كۆپ مۇددىئالا،
سېغىنىپ ئۆزگە قىلدۇق ئىنقىلاب.



يۇرتىمىزدا بارچە ئايماقلار،
ئۇيغۇر بىلەن ئۆزبېك، قازاقلار.
تاتار ھەم تۇڭگان، ئورۇس، موڭغۇللار،
بىرلىشىپ قىلدۇق ناملىق ئىنقىلاب.

كەلدى ئەتراپتىن بارچە ئايماقلار،
تۇتۇپ قولغا نەيزە، چوماقلار.
ئېسىپ بېلىگە نەيزە، پىچاقلار،
بولدى بىر ئەجەب تانسۇق ئىنقىلاب.

تەگبىر ئېيتىپ، ئۇرانلار سېلىپ،
قىساس بىلەن سۈرەنلەر سېلىپ.
دۈشمەن بېشىغا ئاپەتلەر سېلىپ،
قىلدۇق راسا داڭلىق ئىنقىلاب.

چىداپ بۇ قىشنىڭ زەھەر سوغىغە،
پەرۋا قىلماي قورال يوقىغە.
كۆكرەكنى كېرىپ دۈشمەن ئوقىغە،
دۇنياغا قويدۇق شانلىق ئىنقىلاب.

تۇردۇق بىلەكنى، كىردۇق بۇ جەڭگە،
دۈشمەننى قويدۇق ئەھۋالى تەڭگە.
ئىگە بولدۇق بىز ئاخىر ئەركىگە،
زالىمغا زوۋال بەردى ئىنقىلاب.

بىزگە مەدەتكار بولدى خەلقىم،
بىزگە مەدەتكار بولدى خەلقىم،
نۇسرەت تىلەيدۇ ئۇلار دائىم،
قىلغىن ئىجابەت تەڭرىم دۇئايىم،
بولسۇن مۇبارەك نۇرلۇق ئىنقىلاب.

1945 - يىل مارت. غۇلجا.

## ئەھمىدى

(1941 — 1907)

ئەھمىدى 1907 - يىلى مەكىت ناھىيىسىگە قاراشلىق غازكۆل يېزىسىنىڭ لايلىق پاختىلىق كەنتى چىگىلىك مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق خۇدابەردى ھاجىم ئوغلى ئىگەمبەردى ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ساۋاق ئېلىپ باشلانغۇچ ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، قەشقەردىكى ھېيتگاھ مەدرىسىدە ئوقۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق مۇدەررىسلىرىدىن تەلىم ئالغان، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەندىن تاشقىرى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە شەرق ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ ياش ئەدەبىي ھەۋەسكار بولۇش سۈپىتىدە قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان نېمشېھىت ئارمىيە داموللام بىلەن تونۇشۇپ، قويۇق باردى - كەلدى قىلىشقان. ئوقۇش مەزگىلىدە ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى ئىلغار دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقتىن، ياشلىقىدىن تارتىپلا، ئادالەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ھەم مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئەھمىدى 1927 - يىلى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، قازىلىق، مۇدەررىسلىك، كاتىپلىق ۋەزىپىلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلق ئارىسىدا ئىلغار مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىنى



تەرغىپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا فېئودال ھۆكۈمرانلار ۋە جاھىل مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقتىن، بىرنەچچە يىل ياقا يۇرتلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، سەرگەردانلىق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا كېسەل بولۇپ، 1941 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 36 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

ئەھمىدى 1920 - يىللىرىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ، ئۆز ئۆمرىدە 3800 مىسرادىن ئارتۇق غەزەل، مەسنەۋى، مۇخەممەس ۋە رۇبائىي شەكلىدىكى شېئىرلارنى يازغان؛ شەيخ سەئدىينىڭ «گۈلىستان»، «بوستان» ناملىق ئەسەرلىرى بىلەن لوقمان ھېكىمنىڭ «يۈز نەسىھەتى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا نەزمە شەكلىدە تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئەپسۇسكى شائىرنىڭ كۆپلىگەن قول يازمىلىرى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، پەقەت ئاز بىر قىسىم ئەسەرلىرىلا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغان.

ئەھمىدىنىڭ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلىرىنى شائىرنىڭ ئوغلى مەھمۇت قارىم يەتكۈزۈپ بەرگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن يولداش ئابدىرېھىم سابىت نەشرگە تەييارلىغان.

## غەزەللەر

كېلىڭلار ياخشى ئوغلانلار ئوقۇماق خۇش سائادەتدۇر،
خۇداۋەندىم نېسىپ ئەتسە ئىككى ئالەم شەرافەتدۇر.
كېچە ـ كۈندۈز ئەدەب بىرلە كېلىپ مەكتەپتە ئولتۇرماق،
ئەگەر بىلسەڭ بەخت ـ ئىقبال، سائادەتكە ئەلامەتدۇر.
گۆدەكلىك ۋەقتىدە ھەر كىم ئىلمي ئەدەب بىلسە،
قەرىغۇنچە كۆرەر ئۆمرى ھەمە ئەيشى فەراغەتدۇر.
ئەگەر ھەيۋان كەبى ئويناپ يۈرۈپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزسە،
ئوتتۇنچىدەك جەفا تارتىپ تۇرۇك قالماق فەلاكەتتۇر.
يېمەك ـ ئىچمەك، ياتىپ قوپماق بىلەن ئەسلا ئەدەب بىلمەس،
نېچۈك ئادەم بولۇر ئانداغ بالا خۇي مىڭ كەسافەتدۇر.
ئايا ئوغلۇم ئەگەر ئىلمي مەئارىف ئەسلىنى بىلسەڭ،
ھەمە ئىنسان بىلەن ھايۋان ئارا پەرقۇ تەفاۋەتدۇر.
كىشكىم ئىلىم يولىغا قەدەم بىسمىللاھ دەپ قويسا،
ھەرامدۇر ئاتەشى دەۋزاخ ئاڭا جەننەت بېشارەتدۇر.
ئوقۇشنى پەرز دەپ بىلگەن كىشى خالىس ئوقۇر بولسا،
بۆشۈكتىن تا تۆشۈككە بارغۇچە ئىش ۋەقتى سائەتدۇر.
ئوغۇل ـ قىز ئەھلى ئەۋلادىن كىشى مەكتەپكە تاپشۇرسا،
قىيامەت كۈن بۇ تۆرت ئادەمگە دەۋزاختىن بەرائەتدۇر.
ھەدىس مۇستەفادۇر بۇ جان ـ دىل بىرلەن قۇلاق سالغىن،
ئوقۇماق جۈملە مۇئمىنلەرگە فەرز ئولغان ئىبادەتدۇر.
ھاياتىڭ بارچەسىن ئەھمەد ئىلىم يولىغا سەرف ئەتسەڭ،
بىھەمدۇلىللاھ، بىھەمدۇلىللاھكى فەزلى بىنىھايەتدۇر.



× ×

غەرىبى خاكسارىنى نىگارىم سورغەلى كەلدى،
جاراھەتلىك دىلىنىڭ دەرد سۆزىنى كۆرگىلى كەلدى.
كۆيۈپمەن فۇرقەت ئىچرە سورمىغاي جۇز ۋەسلى تەرياقى،
زەھەرلىك ھەجرى نۇشىن قىلغانىن يۈرگەلى كەلدى.
كېتىپ ئېردى باشىمدىن سايە بانۇخىلئەتـۇ تەلئەت،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل دەپ يىغلاغانىدىن تۈزگەلى كەلدى.
سەھەر بادى نەسىمى چەرخىدىن كەلتۈردى بىر مۇژدە،
نىگارىڭ باشىڭ ئۈزرە سايەئى كەلتۈرگىلى كەلدى.
دىلۇ جانىم ۋە ئىمانىم ساڭا بولغايمۇ قۇربانىم،
ئەگەرچە تەندە مىڭ جانىمنى قۇربان ئەتكەلى كەلدى.
لەبىدىن جان بېغىشلار ئابىھەيۋاننى ساتاي دەيمەن،
بۇ ئەھمەدغە مەسىھىم جانىمە دەم ئۇرغەلى كەلدى.

× ×

ئايا مەھبۇبى دىلخاھىم ئۇنۇتقانلاردىن ياد ئەتكىل،
مەئارىف سۇرمەسىن تارتىپ كۆرەر كۆزنى كۇشاد ئەتكىل.
ئەجەل بادى مېنى ئىلتىپ ساۋۇرماستىن بۇرۇن يارەب،
ۋۇجۇدۇم خىرمەنىن ۋەسلىڭ سادىغە ئېئتىماد ئەتكىل.
قالۇرمەن چاھ بابىلدا قولۇمنى ئالماساڭ بول كۈن،
نەزەر ئەيلەپ دىلىمنى غەيرىلەردىن ئىنفراد ئەتكىل.
بەھار ئىشقىدا گۈلزارى مەيدانى مۇھەببەتدە،
فەقىرلىق تەختىدە رۇيى زەمىنغە كەيقۇ باد ئەتكىل.
باشىم ئۈزرە سېنىڭ دەردىڭ ئەدا بولماس رەقەم ئۇرسام،
تاپارغە دەردى ئىشقىڭ كۆزدە ياشىمنى مەداد ئەتكىل.

كۆڭۈل ئۈزمەك ئەجەب مۈشكۈل پەرىيۈبىۋە خالاردىن،
كۆڭۈل ھەرگىز ئۈزۈلگەيمۇ ۋەلىك ئۈزمەمەسدە شاد ئەتكىل.
ئۆلۈپ كەتسەم غەمۇ دەردىڭ لەھەددە بولغۇسى ھەمراھ،
نەماد بىرلە ئەھمەدىنىڭ فىغانىنى زىياد ئەتكىل.

× ×

شاھلار بەزمى ئارا مىسكىن گەدالار يىغلادى،
يىغلاماسدىن ئىلگەرى كۆپ بىنەۋالار يىغلادى.
دائىما مەجنۇن بايابانلاردا لەيلىنى سوراپ،
يىغلادى ئەمما ئاڭا لەيلى نەمالار يىغلادى.
مىسر ئارا كۆردى يۈسۈفنى ئول زىلەيخايى غەرىب،
كەتتى ئىدراك دەستىدىن پىرى مۇغانلار يىغلادى.
جىلۋەسىغە ئۆرتەنىپ كويىدا ھەيران ئولمىشىم،
بۇ مېنىڭ ھالىم كۆرۈبان زىكرىيالار يىغلادى.
گۈلئۇزارىمنىڭ فىراقىدا قارا قانلار يۇتۇپ،
تەلمۈرۈپ تۇردۇم غەمىدىن پۇرجەفالار يىغلادى.
ۋاھ ئەجەب قاتتىق كۆڭۈلدۇر دىلبەرى زالىم سۈفەت،
شىۋەسىنى بىر كۆرۈپ جان ئاشنالار يىغلادى.
ئالدى كۆڭلۈمنىڭ قەرەرىنى غەمدە ئول بەرى،
تەلبە ھالىمنىڭ فىغانىغە ھەۋالار يىغلادى.
گۈلشەنى ئىشرەت ئارا يارىمنى ئەغيار ئالدىدا،
قامەتى نەقىش ئولدى كۆڭلۈمغە يارالار يىغلادى.
ئەھمەدا، سەن يىغلاماسەن يەككە دىلدار ئالدىدا،
ھەسرەتىدە كۆپ گەدا يۇ شاھىنشالار يىغلادى.

× ×

نىگارا ئاي يۈزۈڭ ئاچقىل غەرىبى ئىنتىزارىڭمەن،
غەمىڭ سەيياد ئىلكىدە چۇئاھۇيى شىكارىڭمەن.



لى بائىستىن ساڭا يەتمەس كېچە-كۈندۈز مېنىڭ ئاھىم،
ئايا لەيلى ۋە دىلخاھىم كى مەجنۇن بىقارارىڭدىن.
سۇنۇقدۇر پەرۇ ھەم بالىم ۋە چىقتى جىسمىمدىن جانىم،
قاراپ ئۇچماققە گۈلزارىم كى چۇغزى خارۇزارىڭمەن.
جۇنۇن ھالىمنى گەر كۆرسە خەلايىقلار قىلۇر قەھقەھ،
جۇدالىقتىن بولۇپ مەجنۇن كەبى نائېئتىبارىڭمەن.
ھەقىقەت بارىگاھىدا ۋىسالىڭ ئارزۇ قىلماق،
زەلالەت ئاشيانىدا فەقىرى خاكسارىڭمەن.
ۋۇجۇد سەھراسىدىن ئۆتمەي، جامالىڭدىن نىشان تاپماي،
تەزەررۇئ سەجدەگاھىدا غۇلامى غەم دۇچارىڭمەن.
ئىجابەت قىل غەفۇرا، قادىرا، ياھەييۇ، قەييۇما،
تەزەللۇم چادىرى ئىچرە بۇ ئەھمەد خارۇزارىڭمەن.

× ×

ئەي شوخ سىتەمگەر ئالىمىڭ جۇش قىيامەت،
ھەم قەددى تۇبى جانىم ئارا ناز مەلامەت.
ھەيھات، نەزەر سالسە سەنەم ئائىنەسىغە،
يۈز ئۆرۈمەك ئاندىن ئەردى ئول ئەينى قەباھەت.
جان قەلئەسىغە غۇلغۇلەئى خالە خەتىڭ،
تۈشكەچ ھەمەدىن چىقتى سەدا ئاھۇ نەدامەت.
ھەر نەقىش چەمەندە ياسانىپ جىلۋەگەر ئولسە،
ئەلبەتتە قىلۇر رەمزەئى مەئىنىغە دەلالەت.
خۇرشىد جەھان قىلسە ئەگەر چېھرى كۇشادلىق،
زۇلمەت كۆڭۈل دەفئى بولۇر ياخشى نەزاكەت.
دەمدە ئىچرە سوراغلاپ نىبتەيىن تاپمادىم ئەمدى،
بىر ئەھلى ۋەفا بەلكى سەرەفراز ھىدايەت.

ھېچ ھال دىلىمدا بويى ئېرۇر سەبرى تەھەممۇل،
پەتىۋا سۇرۇبان تاپمادىم ئەشق ئىچرە رىۋايەت.
تەقدىرى ئەزەلدىن قەلەمىم بولسا يازىلغان،
ئاخىرى ماڭا كىم يەتكۈسىدۇر لۇتفى كەرامەت.
ئەلبەتتە ئۈمىد ئەلكىمنى ئەي ئەھمەدا مىسكىن،
ئاچقىل كى دۇئاغە قىلۇر ئۇل رەھىم ئىنايەت.

× ×

زەھى خۇرشىد نۇرىغە بۇ جانىم ئاشىنا بولغاچ،
فەرىشاندۇر جۇنۇن بازارى ئىچرە مۇبتەلا بولغاچ.
فەلەك چەرخى مېنىڭ بەختىم لىباسىنى قارا ئەيلەپ،
يۈزۈمگە كاج غەم ئۇردى نىگارىم بىۋەفا بولغاچ.
ھەممە ئەل تالئى مەسئۇدىدىن پۇرخەندە شاد ئولسا،
كۆزۈمدىن خۇن ئاقار، ۋىرىدىم زەلەننا، رەببەنا بولغاچ.
كۆڭۈل ئاھۇسىنى ئىزدەپ جۇدالىق چامىدىن تاپتىم،
قۇيۇندەك بىسەرۇ سامان يۈرۈپمەن بىنەۋا بولغاچ.
غېرىب ئاشۇفتەدۇر كۆڭلۈم تۈنچەدەك ئاچىلمايىن، غەمگە،
تولۇپدۇر ئەھمەدى ئىزدەر مۇرادىڭ بىر خۇدا بولغاچ.

× ×

نازاكەت باغىدە بىر گۈل نىگاھىمغە ئەيان بولدى،
يۈرەككە ئوت كېلىپ تۈشتى ئۇ شۇلدەم مىسلى قان بولدى.
قاراپ دائىم جەمالىغە كېچە - كۈندۈز نەۋا ئەيلەپ،
تۈشۈپمەن دائىم ھىجرىغە چىرايىم زەئفىران بولدى.
نېچۈك كۈندۈر سېنى سۆيدۈم ئەجەب سەۋداغە بۇ باشىم.



قالىبان ئارزۇ بىرلە تاماششايى جەھان بولدى.
نى قاتتىق ئىش ئىكەن دوستلار سەنەمگە ئاشىنا بولماق،
جەناسىغە، ئەنەسىغە يۈرەك - باغرىم نىشان بولدى.
ئەيا ئەھمەد نىگارىڭ جىلۋەگاھىدا نەۋا قىلغىل،
كۆڭۈل ئائىنەسىدىن چىھرە رۇخسارى نىھان بولدى.

× ×

كۆردۈم يۈزىنى باغرىمە ئوتلار ياقىپ ئۆتتۈم،
ھەۋايۇ ھەۋەس، كىبرۇ تەمەننا چاقىپ ئۆتتۈم.
مەئشۇق شۇ جامائەت قىلچى ناز ئىملە تارتسىيە،
ھەيھات، ئۇرۇپ بەرق يۈزىغە باقىپ ئۆتتۈم.
ئالدىمغە سالىپ قافىلەئى ئاھۇ نەدامەت،
غەم لەشكەرىدىن تىغ تەرانە تاقىپ ئۆتتۈم.
بۇ شەھرى ھۇد ئىچرە كېلىپ دەشتى ئەدەمدىن،
دەريايى غەمىڭ ئىچرە دەم ئالماي ئاقىپ ئۆتتۈم.
دىۋانە ئەھمەدا سەنەم نازنى كۆرگەچ،
نامۇسۇ ھەيا كۆزلەرىگە مىخ قاقىپ ئۆتتۈم.

× ×

بۈگۈن ئەرزۇ دىلىم ئېيتاي ئۇشۇل يارىمدىن ئايرىلدىم،
لەبى تاتلىق، كامان قاشلىق شېكەر يارىمدىن ئايرىلدىم.
خىيالىمغە سېنىڭ ماھى ئارەزىڭ جىلۋەگەر ئولغاچ،
جەمئى ئاتەش فۇرقەت بىلەن كارىمدىن ئايرىلدىم.
جۇدالىق ئاستانىدە قارا تۇپراق ئارا باشىم،
قالىپ چۈن بۇلبۇلى شەيدايۇ گۈلزارىمدىن ئايرىلدىم.

ئەجەب دەۋلەت ئىدى يارىم نىكاھىدە ۋەتەن قىلماق،
ئۇ شۇنداق دەۋلىتۇ زىباۋ غەمخانىدىن ئايرىلدىم.
قەمەر يۈزلۈك، شېكەر سۆزلۈك مەلاھەت بابىدا گويا،
غەرب كۆڭلۈم ئارا بىر بەرق رەفتارىمدىن ئايرىلدىم.
فىراقىڭدا گەدالىقلار قىلىبان «شەيئى لىللاھ» دەپ،
لەبىڭدىن قەترەئى جامى پۈر ئەنۋارىمدىن ئايرىلدىم.
خۇدا قوشقايمۇ ئەھمەدنى سىياھ دىل گۈل ئارازىغە،
ۋەفا قىلماي جەفا قىلغان چۇ ئەييارىمدىن ئايرىلدىم.

× ×

دىلا ئەمدى بۇ پۇرقەتتىن ئۆزۈڭگە ئاھۇ زار ئەتكىل،
ياقاڭ يىرتىپ ئەلەم بىرلە ياشىڭنى زار ـ زار ئەتكىل.
جۇدالىق شىكۋەسىن ئاھۇ نەدامەت دەفتەرى ئۆزرە،
پۈتۈن غەم ـ غۇسسەنىڭ تىغى بىلە كۆكسۈڭنى پار ئەتكىل.
كـۆزۈڭ ياشى بىلە خاكۇ ۋۇجۇدۇڭ بارىڭاھىدا،
قىزىلگۈل، لالە يەڭلىغ قەترە ـ قەترە مۇرغىزار ئەتكىل.
ئېلىپ غەيرەت بىلە شەمشەر شەۋقىڭ جۇستىجۇ بىرلە،
پىدايى يار ئەيلەپ جانۇ مېھمانىڭ نىسار ئەتكىل.
ئەدەب بىرلە سېنىڭ ھۆسنۇ جامالىڭغە نەزەر قىلسام،
تەلەتتۇقتىن مەنى بىچارە كۆڭلۈم ئېئتىبار ئەتكىل.
ھەقىقەتدە ھەقىقەتتىن ھەققىي يارنى ئىزدەپ،
ھەقىقەت ئاستانىغە ۋۇجۇدۇڭنى غۇبار ئەتكىل.
ۋۇجۇدۇڭ ئۇقبەسىدىن ئەھمەدا ئۆتمەك ئەجەب مۈشكۈل.
تەفەككۇر تاغىدىن تاشلاپ ئۆزۈڭنى خاكسار ئەتكىل.

× ×

ئايا دىلبەر جەمالىڭنى بەھارى،
ئاچىلدۇردى ھەمە گۈللەر ئۇزارى.



نىھالىڭ غۇنچەئى زىبالىقىدىن،
خىجىل بولغاي فەلەك ئۈزرە ساتارى.
قاشىڭ يايى بىلە مىژگانى نازىك،
گۈلىستاندىن چىقارغاي ئاھۇ زارى.
كۆزۈڭ نەرگەسى، لەبىڭ شەھدۇ شەكەردۇر،
دەھانىڭ ھۇققەئى مۈشكى تاتارى.
غەمىڭ ۋادەسىدە شەھباز نازىك،
قىلۇر روھى رەۋانىمنى شىكارى.
ئەجەب ياخشى نىگارىمنى جەفاسى،
ۋەفاسىدۇر نى ئەتكۈم بىقەرارى.
فەلەك دەشتىدە سورماسلار خىرەدمەن،
بىجۇزئى مەئشۇق ـ ئاشىق ھۇشيارى.
رەقىبلەردىن نىگارىم ئاستانىدە،
لەبالەب جام قىلمىش ئىختىيارى.
بىھەمدۇلىللاھ گەدايىڭنى گەدايى،
ئۈمىد قىلمىشكى ئەھمەد خاكسارى.

× ×

ۋەسلىنى ئىزدەپ جەھاندا ئاھ ئۇرغان بارمۇكىن،
تەلمۈرۈپ تاپماي يولدا نالە قىلغان بارمۇكىن.
ھەسرەتىدە كۆزدە ياشى مىسلى جەيھۇندەك ئاقىپ،
ئىنتىزارۇ مۇبتەلا، ئەۋۋارە بولغان بارمۇكىن.
مىسلى ئەدھەم مالى جاھ خانۇماندىن كېچىپ،
كويىدا يىغلاپ يۈرۈپ ۋەيرانە بولغان بارمۇكىن.
نەقشى ھەيئەتىن بۇزۇپ چۇن خار ـ خەسى ۋالە بولۇپ،
چۇن قەلەندەر دەربەدەر ياد قىلغان بارمۇكىن.

ھەم رىيازەت بۇ تەنىدە جىسمىنى ئەيلەپ گۇداز،
ھەق جەمالى كۆرگەلى مىرئاتى بولغان بارمۇكىن.
خەلق ئارا خارۇ ھەقىرۇ مۇبتەلاۋۇ زار ـ زار،
ئىشق گەنجىنى تاپىپ مەقسەدىن ئالغان بارمۇكىن.
غۇنچەدەك خامۇش بولۇپ كۆڭلى گۇلىن ئاچىلدۇرۇپ،
زاھىرىن رەسۋا قىلىپ باقىندە كۈلگەن بارمۇكىن.
مۇنسى ئۇلفەت كېرەكمەس بەزى ئاشىقلار ئۈچۈن،
لى مەئەللا سەمرەسىدىن مېۋە تەرگەن بارمۇكىن.
ئىززەتى دۇنيانى كۆرسەڭ بىباقادۇر ئەھمەدا،
ھېچ سىنىڭدەك سېھرى دۇنياغا تۇتۇلغان بارمۇكىن.

× ×

بۇ دۇنيا مۈلكى تاشلاپ قەلەندەر بولماسام بولماس،
كېچىپ دۇنيايى فانىدىن قەلەندەر بولماسام بولماس.
ئەجەب دۇنيا، ئەجەب دۇنيا ۋە خاسى يوق تۇرۇر بىلسەڭ،
بارى ئەلدىن جۇدا بولۇپ قەلەندەر بولماسام بولماس.
كىشى يوقكىم بۇ ئالەمدە جەھاندىن ئاغرىماي ئۆتكەن،
مەن ھەم ئاغرىپ تۇرادۇرمەن قەلەندەر بولماسام بولماس.
ھەممە ئۆتتى بۇ دۇنيادىن قىلىپ دەھرى شىكايەتىن،
شىكايەت قىلماغان بارمۇ قەلەندەر بولماسام بولماس.
جەھەندا ھېچ ۋەفا يوقدۇر نېچۈك قىلغاي مېنىڭ جانىم،
بولۇپ خىلۋەت نەشىن ھەردەم قەلەندەر بولماسام بولماس.
ئەجەب قاتتىق يامان كۈنلەر مېنىڭ باشىمغا كەلمىشدۇر،
دىلىم قاتتىق، تىلىم ئاچچىق قەلەندەر بولماسام بولماس.
مۇھەببەت ئەھلىدىن قاچتىم، گۇناھنىڭ لايىغە پاتتىم،
ئۆزۈمنى ئوتقا ھەم ئاتتىم قەلەندەر بولماسام بولماس.



قەلەندەر بولمايىن بولماس، جەفالار تارتمايىن بولماس،
تولا جەھلەتدە مەن قالدىم قەلەندەر بولماسام بولماس.
كېچە ـ كۈندۈز ھەۋا بىرلە ئەبەس ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزدۈم،
ئۆلۈم ۋەقتى يېقىن كەلدى قەلەندەر بولماسام بولماس.
دىيانەتنىڭ يولىن تۇتماي، مۇھەببەتدىن خەبەر تاپماي،
بەھايىمدەك يۈرۈپدۇرمەن قەلەندەر بولماسام بولماس.
كەل ئەي ئەھمەد كۆزۈڭ ئاچىغىل مۇھەببەت گەۋھەرىن ساچىغىل،
مۇھەببەتدىن سەمەر ئالىپ قەلەندەر بولماسام بولماس.

## مۇخەممەسلەر

نەدامەت قەلئەسى ئىچرە قالىپمەن تۈرفە ھەيرانىم،
خۇداۋەندە رەۋان قىلغىل ھەمىشە چەشمە گىريانىم.
رەقىبلەر بەزمەسىدە قالمادى تۇرماققە ئىمكانىم،
ۋۇجۇدۇم تەختەسىدىن تاپمادىم شاھى مۇسۇلمانىم،
ماڭا لايىق بۇدۇر قىلغايمەن مىڭ چاك گىرىبانىم.

بۈگۈن بولدى گۈلىستان ئىشرەتى ۋەقتى خەزان يەڭلىغ،
ۋەيا يانىدىمۇكىن يارىم كۆڭۈلدىن مېھمان يەڭلىغ،
چىرايىمدۇر بۇ غەم بىلە ھەمىشە زەئىفران يەڭلىغ،
يانا بىسمىل كەبى تاشلاپ كېتىپ روھى رەۋان يەڭلىغ،
ئىچۈرمەي بادى لەئلىدىن كۆڭۈلدە كۆپدۇر ئارمانىم.

ئايا ساقى ئەزەلنىڭ جامىدىن قىلساڭ ئىناياتى،
ئانىڭ كەيفىيەتىدىن مەست بىخۇدلۇق كەراماتى،
كېتەر بولغاي كۆڭۈلدىن ماسىۋاللانىڭ خىيالاتى،

قاشى مېھرابىغە يەتكۈزسەلەر سەجدىم سەئاداتى،
دەبان ئەرز ئەيلەدى دەرگاھىڭغە تۇتى سۇخەندانىم.

سېنىڭدىن ئۆزگە كىمدۇر مەرھەمى داغى نېھان ئولغاي،
كۆڭۈل سەھراسى ئىچرە ياكى خۇرشىدى جەھان ئولغاي،
يانا غەم ئىچرە قالسام مۇشۇ ئارامى جان ئولغاي،
غەرىبلىك ھالەتىدە تۇرفە يارى مېھرىبان ئولغاي
كۆڭۈل دەردىغە يوقدۇر سەندىن ئۆزگە ئەسلا دەرمانىم.

سەدايى ھەسرەتا، ۋاۋەيلا يارىم نەزەر قىلماس،
نېچۈن كۆڭلۈم قۇشى ھەريان ئۇچماقدىن ھەزەر قىلماس.
ئۇشۇل كۈنكىم سەنەم ۋەيرانە كۆڭلۈمدىن گۇزەر قىلماس،
مۇھەببەت شەبنەمى ياغماس، ئىگەر ياغسا ئەسەر قىلماس،
نېچۈك قىسمەت قالىپ غەملەرگە تاپشۇردىكى سۇلتانىم.

ئەزەلنىڭ كاتىبى يازغانىغا ئەسلا يازىپ بولماس.
تەھەممۇل پېشە قىل ئەلبەتتە ھەقدىن قايرىلىپ بولماس،
نېچۈك كۈنلەر ساڭا تەئيىن قىلىپدۇرلەر بىلىپ بولماس،
نە ئىش قىسمەتىدەدۇر سەبرۇ رىزادىن باش ئالىپ بولماس،
خۇدانىڭ تەقدىرىن بۇزغايمۇ مېنىڭ تەدبىرى قىلغانىم.

دىلا دائىم ھەۋەس بىرلە خىيالىڭ ئىنىۇئان ئولسا،
كۆڭۈل تەختىدە ھەر غەمدىن تەسەۋۋۇرۇ مېھمان ئولسا،
نىشانە ماسىۋاللاغە تەسەددۇق مۇشۇ جان ئولسا،
ۋىسالى ئارزۇسىنى نىشانغا لامەكان ئولسا،
ئەجەب سەۋدا بىلە ئىشقىنى كۆزلەرسەن رىشانىم.



نېڭەر بۇ خەستە ھالىم سورمىسا ئول يار دىلخاھىم،
شەبىستانى فىراقىغە تولۇر قىلماسدا ئول ماھىم،
قارارىمدۇر بۈگۈن بەيتۇدھەزەن ئىچرە ئەلەمگاھىم،
مەنۇ بىچارەغە قىلغىل ئەي شاھى جەھان غەمخانىم،
نى بائىمىس دوستلۇقىڭدىن ئايرىبان قىلدىڭكى پەيكانىم.

كەل ئەھمەد گەدالىق ئىشىكىنى ئىشكىغە ۋاھ قىلغىل،
ھەمىشە شەيئىللىلاھ دەپ سەدائى ئاھۇ ۋاھ قىلغىل،
جۇدالىق دەردىن ئېيتىپ سىينە ساندۇقىڭ يارا قىلغىل،
قىزىلگۈلدەك يۈزۈڭنى خاك نە ئىلى دىلرەبا قىلغىل،
نى خۇش دەۋلەت بۇ جان بولسە نىسارى يارۇ جانانىم.

× ×

فۇرقەت ئوتىغە ئۆرتەندى جانىم،
يارىمغە يەتمەس ئاھۇ فىغانىم،
تەگرىغە مەئلۇم سىررى نىھانىم،
كۆڭلۈمنى بۇزدى ئەشىك رەۋانىم،
قىلغىل تەرەھھۇم ئەي مېھرىبانىم.

ھەي - ھەي نىگارىم لەئلىڭ ئەسەلدۇر،
بوينۇمغە زۇلفۇڭ زەنجىر مەسەلدۇر،
ھىجرىڭ غەمىدە نەچچە مەھەلدۇر،
كۆز ئىنتىزارىڭ ئىچرە بۇلبۇلدۇر،
شەرھ ئەيلەيەلمەس تۇتى زەبانىم.

ئەرزىمنى ئەيتاي قادىر خۇداغە،
رەھىم ئەيلەسۇن مەن ھالى تەباغە،

ھىجرىدە قالدىم دەردۇ بەلاغە،
يارىم سېنى دەپ جەۋرۇ جەفاغە،
قالدى بۇ جانىم ۋاھ ئۇستىخانىم.

دىۋانە قىلدى ۋەسلىڭ ھەۋاسى،
ئەفسانە قىلدى كۆڭلۈم يەراسى.
ئاقتى كۆزۈمدىن ھەردەم قەراسى،
ۋەيرانەلەردەك ئاھۇ سەداسى،
ئالەمگە ئىلتىلەر جۇنۇ چاغانىم.

كۆرمەي يۈزۈڭنى ئۆلسەم نېتەرمەن،
مەھشەردە بارىپ ئەرزىم ئېتەرمەن،
مەجنۇن بولۇبان يىغلاپ ئۆتەرمەن
لەيلى غەمىدە ئاخىر يېتەرمەن،
گۈزارىڭ ئىچرە ئەي گۈلىستانىم.

ھەق شەيئىلىللاھ شاھى جانانىم،
بولسۇن پىدايىڭ بۇ ناتەۋانىم،
روھى دەۋانىم جىسمى نەزارىم،
جانۇ جەمالىم، نامۇ نىشانىم،
تاقۇ رەۋاقۇ گۈزەل بوستانىم.

ۋەسلىڭ بەھارى مۇشىك تاتارى،
يەتكەچ ئاچىلدى گۈللار ئۇزارى،
ھەريان چىقارۇر فەرياد زارى،
ئەھمەدغە ئوخشاش ھەر ئىنتىزارى،
شەھباز نازىڭ بىلە نىگارىم.



## مۇھەممەت پەيزى مەخسۇم

( 196 — 1909 )

مۇھەممەت پەيزى مەخسۇم 1909 - يىلى قەشقەرنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر مەرىپەتپەرۋەر ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 12 يېشىغىچە ئاتىسى موللاخۇن ھاجىنىڭ قولىدا ئوقۇپ، كېيىن قەشقەر شەھىرىدىكى «چاھار سۇ» مەدرىسىدە ئۆز زامانىسىنىڭ نوپۇزلۇق مۇدەررىسلىرىدىن دەرس ئېلىپ، ئۇزاق مۇددەت ئىلىم تەھسىل قىلغان. 20 ياشلارغا قەدەم قويغۇچە بولغان ئارىلىقتا دىنىي - شەرىئەت ئىلمى، تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە قاتارلىق ئىلىمنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە يۇقىرى ئىختىساسقا ئېرىشىپ، ئۆز ئۇستازلىرى تەرىپىدىن «ئىقتىدارلىق ياش ئالىم» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان.

مۇھەممەت پەيزى تۈركىي تىللاردا ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان ئەدەبىي، ئىلمىي ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئوقۇش بىلەن، ئۇلارنىڭ مەزمۇنىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاخىردا ئەرەب، پارس تىللىرى بويىچە كامالەتكە يەتكەن مۇتەخەسسىسلەردىن بولۇپ يېتىشكەن.

مۇھەممەت پەيزى مەدرىستە ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، «ساقىيە» مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىپ، تالىپلارنى ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان. 1937 - يىلىغا كەلگەندە، شىڭ شىسەينىڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، بىرقانچە يىل

مۇدھىش تۈرمە ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن. تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، مائارىپ ئىدارىسى، ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا كاتىباتلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن.

مۇھەممەت پەيزى 1950- يىللاردىن كېيىنكى ھاياتىنى ئاساسەن ئائىلە شارائىتىدا ئەدەبىي، ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكۈزگەن. ئاپەتلىك يىللارنىڭ قالايمىقانچىلىقىدا، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى كىتاب-ماتېرىياللىرى، قول يازمىلىرى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. ياشانغان چېغىدا بېشىغا چۈشكەن بۇ ئېغىر مۇسىبەت نەتىجىسىدە روھىي جەھەتتىكى نورماللىقنى يوقاتقان مەرىپەتپەرۋەر ئەدىب، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا كىشىلەرگە ئارىلىشىشنى خالىماي، مەدرىسە ھۇجرىسىدا ئىستىقامەت قىلىش بىلەن يەككە-يېگانە ھايات كەچۈرۈپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

مۇھەممەت پەيزى ئەدەبىي، ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان 50 نەچچە يىللىق ئۆمرىدە «ئەقىدىلەر گۆھىرى»، «شېرىن سۆزلەر» قاتارلىق ئىلمىي دىداكتىك ئەسەرلىرىنى ۋە ھەر خىل ژانىرلاردا كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ سەككاكىنىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان «مۇفتاھۇل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) ناملىق ئەسىرىنى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، خەلقىمىزگە ئۇنتۇلماس مىراس قالدۇرۇپ كەتتى.

مۇھەممەت پەيزى شېئىرلىرى ئاساسەن، ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، قەسىدە ھەم مەرسىيىلەر شائىر ئىجادىدا سالماقلىق ئورۇن تۇتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىلىم-مەرىپەتكە، ئەدەب-ئەخلاققا، تارىخىي ۋەقەلەرگە بېغىشلانغان شېئىرلىرىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

بۇ توپلامغا شائىرنىڭ ئىلمىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىگە قىستۇرۇلغان بىر قىسىم شېئىرى پارچىلىرىنى كىرگۈزدۇق.



## ئىلىم ھەققىدە

ئىلىم-مەرىپەت ھەممىنىڭ كانىدۇر،
ۋەتەن-خەلقىنىڭ جانى ۋە جانانىدۇر.

ئىلىم بىرلە ياشناپ تۇرار بۇ جاھان،
قىلىپ پاش سىرىنى دەريا ۋە كان.

ئايا، ئىلىم سەن بەخت قۇياشى سەن،
ۋەتەن-خەلقىنىڭ قەدىرلىك يولداشى سەن.

پۈتۈن ئۆمرۈڭ ئولسۇن ھەمىشە باھار،
سېنى ئىزدىگەنلەر بولۇپ نامدار.

ۋۇجۇدۇڭ گۈلى ياشنىسۇن ھەر زامان،
پۈتۈن ئەلگە نۇرۇڭ بولۇپ سايەبان.

سېنىڭ بىرلە ئابات بولسۇن ۋەتەن،
ئېچىلسۇن ئۇلۇغ ئەلدە سانسىز چىمەن.

خېرىدارلىقى ئولسۇن ئۇلۇغ، بەختىيار،
سېنىڭ دۈشمىنىڭ دەم-بەدەم تارمار...

## ئۆز ھالىمغا نەزەر

بۈگۈن يەتتى ئەللىككە سالىم مېنىڭ،
كىچىكلىك بىلە ئۆتتى ھالىم مېنىڭ.

ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن قويغۇدۇم بىر نىشان،
بۇ ئالەمدە بولدۇم ئەجەب مېھمان.

بۇ مۇددەتتە مەن قىلمىدىم ھېچ ئىش،
بىكار كەتتى ئۆمرۈم مېنىڭ يازۇ قىش.

تۈزۈك قىلمىدىم ھەققىمۇ قۇلچۇلۇق،
بىرەر ئىش يوقكى مەن قىلغان تولۇق.

مېنىڭدەك كىشى بارمۇ ئالەمدە؟ ھېچ!
پۈتۈن ئىشلىرى دەم-بەدەم پىچ-پىچ.

ھاياتىم گۈلىستانغا باشتىن-ئاياغ،
خازان پەسلى يەتسە ئۆچۈر چىراغ.

نېمە دەرمەن ھېساب ئالسا ئۇل شاھقا،
كېرەملىك ياراتقۇچى بىر ئاللاغا؟...

## ساقىنامە

كەلتۈر ساقىيا، ئابى ئاتەش لىباس،
ئىچىپ مەن بولاي ھەمە غەمدىن خالاس.



پۈتۈن قايغۇدىن پاك ۋە ئازاد بولاي،
ھەقىقەت شارابى ئىلە شاد بولاي.

تاپاي دەم-بەدەم غايىبتىن مەن نىشان،
سائادەت بولۇپ يار ئىككى جاھان.

## «زۆرۈر ئەقىدىلەر گۆھىرى» گە يېزىلغان مۇقەددىمە

بولسا دىلدار ئەگەر بېھىشت بارىن،①
يەنە ئۇزاق سەئىدىلەرگە قارىن.②

چىنڭ تۇتۇپ بۇ گۆھەرنى ياد ئەيلە،
ئەقىل ۋە جاننى ھەمىشە شاد ئەيلە.

ئەيلە تەئىلىم بىلمىگەنگە مادام،
ئۇشبۇدۇر ئىمان، ئۇشبۇدۇر ئىسلام.

1946-يىل

## «زۆرۈر ئەقىدىلەر گۆھىرى» گە يېزىلغان خاتىمىدىن

ئەيلىدىم بىلگەنىمنى سىزگە بايان،
شاھىدىدۇر ھەدىس ئىلە قۇرئان.

---

① بارىن — يۇقىرى، يۈكسەك، ئەلا.
② قارىن — يېقىن، تۇغقان.

تاكى دىنداشلىرىم قولىغە ئالىپ،
بۇ گۆھەرنى يانچۇقىغە سالىپ.
ھاسىل ئەتكەي ئانىڭ ئىلە ئىقبال،
ئىككى ئالەم ئۈچۈن روھ مىسال.
مۇنى يازغۇچە ئەيلىدىم تەھقىق،
شۇبھىلىك نۇقتەدە قىلىپ تەدقىق.
غەرىزىمدۇر ئىلىم ۋە ئىرپان بەس،
ماڭا يوق بۇندىن ئۆزگە ھېچ ھەۋەس.

..........................................

مەن تامام ئەيلىگەچ يازىپ بۇ گۆھەر،
ۋەقت ۋە يىلدىن بەردى ئەقىل خەۋەر.
يەتنى بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش،
قوشۇلۇپ ئالتىسى تامام ئەتمىش...

1946-يىل



## موللا ھوشۇر خەلپەت

(1975 — 1909)

خەلق شائىرى موللا ھوشۇر خەلپەت 1909-يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ توپلۇق يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە چىقارغاندىن كېيىن، يېڭىساردىكى خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان ۋە بۇ جەرياندا ئىسلام دىنىغا دائىر دەرسلىك كىتابلارنى تاماملىغاندىن سىرت، ناۋايى، سوفى ئاللا يار، مەشرەپ قاتارلىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن ھەمدە ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن.

موللا ھوشۇر مەدرىستىكى ئوقۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تۇغۇلغان يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز يېزىسىدىكى چوڭ مەسچىتكە خەلپە بولۇپ، 1975-يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

موللا ھوشۇر خەلپەت ئوقۇش ھاياتى ۋە خەلپىلىك قىلغان ۋاقىتلىرىدىكى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەتلەر ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەسىراتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇن شېئىر-قوشاقلارنى توقۇغان ۋە خەلق ئارىسىدا قوشاقچى — شائىر سۈپىتىدە تونۇلغان. ئەپسۇسكى بالايىئاپەتلىك مەدەنىيەت ئىنقىلابى يىللىرىدا ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرى تالان-تاراج قىلىنىپ، يوقىتىـ

ۋېتىلگەنلىكتىن، شائىرنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەرگە تەئەللۇق
ئەسەرلىرىنى ئامما بىلەن تولۇقراق يۈز كۆرۈشتۈرۈش ئىمكا-
نىيىتى بولمىدى.

موللا ھوشۇر خەلپىتىمنىڭ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن
تۆۋەندىكى بىرنەچچە شېئىرىنى مەرھۇمنىڭ ئوغلى غولام
قادىر ئاخۇننىڭ ۋاستىسى بىلەن يولداش ئابدىراخمان ساۋۇت
نەشرگە تەييارلىغان.



## قاملاشمىدى

ۋادەرىخا!... ئەرزىم ئىشىتكىل بايان قىلاي،
ياشىم تۆكۈپ، رەڭگىروھىم سامان قىلاي.
دەرگاھىڭغا بۇ كۆلپەتنى ئايان قىلاي،
بەندىلەرنىڭ بۇ ھالىمىز قاملاشمىدى.

تۇغۇلغانمۇ بىز مۇشۇنداق ئازاب ئۈچۈن،
قول بولۇشقا پەيلى يامان كاززاپ ئۈچۈن.
يەم بولۇشقا نەپسى بالا ئەژتاپ ئۈچۈن،
بەندىلەرنىڭ بۇ ھالىمىز قاملاشمىدى.

ئادالەتكۇي، ئاقىللاردىن ئامەت كەتتى،
پاسىق سۆڭەك، رودىپايغا راھەت يەتتى.
يۇرتىمىزغا ھېسابى يوق ئاپەت يەتتى،
بەندىلەرنىڭ بۇ ھالىمىز قاملاشمىدى!

بەگ، دورغىلار مېڭىمىزدە سوپۇن ئەتتى،
ئۇستىخاننى ئوتقا تاشلاپ ئوتۇن ئەتتى،
نارەسىدە قىزلىرىمىزنى خوتۇن ئەتتى،
بەندىلەرنىڭ بۇ ھالىمىز قاملاشمىدى!

ياغدى كۆپلەپ بېشىمىزغا سەرسانچىلىق،
نەگە بارسا تۈگەتكۈسىز ۋەيرانچىلىق،

ئەۋج ئالدى يولنى توسۇپ بۇلاڭچىلىق،
بەندىلەرنىڭ بۇ ھالىمىز قاملاشمىدى!

ئىت خوي بەگلەر گومىنداڭغا ياراپ كەتتى،
سەۋەبسىزلا ئۆي بىساتنى بۇلاپ كەتتى،
ئىغىز ئاچساق قېنىمىزنى شاراب ئەتتى،
بەندىلەرنىڭ بۇ ھالىمىز قاملاشمىدى!

يامراپ كەتتى بىشىمىزدا ھەر خىل سىلىق،
بىرى پۇتمەي، كەلدى يەنە ئوتتۇز-قىرىق،
تىنالمىدۇق بەخىرامان ۋاي، بىر تىنىق،
بەندىلەرنىڭ بۇ ھالىمىز قاملاشمىدى!

بىر زاغىرنى يۇتۇپ يىيىش سادىر ئەمەس،
دۆستەك چاپساق سۇ تۇتۇشقا قادىر ئەمەس،
زىمىستاندا چورۇق، چاپان ھازىر ئەمەس،
بەندىلەرنىڭ بۇ ھالىمىز قاملاشمىدى!

قازىلارنىڭ نەپسى ئاشتى، بالا بولدى،
سوراق ئاچسا مۇددىئايى تەمە بولدى،
يولى يوققا ناھەق تاياق سالا بولدى،
بەندىلەرنىڭ بۇ ھالىمىز قاملاشمىدى!

قانداق قىلاي مەزلۇملارنىڭ ئەھۋالىنى،
بىلىپ بولماس چەككەن ئازاب مىقدارىنى.
ياش تۆكۈشتىن ئۆزگە بىلمەس بىر چارىنى،
بەندىلەرنىڭ بۇ ھالىمىز قاملاشمىدى!



ئەرزىمىزگە پىسەنت قىلماي بىسىپ قويدى،
ئىغىز ئاچساق گېلىمىزدىن ئىسىپ قويدى،
گۇناھسىزلار مۇددىتى يوق كېسىپ قويدى،
بەندىلەرنىڭ بۇ ھالىمىز قاملاشمىدى!

ئاخۇنلارمۇ باشلىرىغا ئوراپ سەللە،
ھىچ ئۇياتماي، تىلماچلىغا بولدى دەللە،
بۇلاڭ-تالاڭ ئىشلىرىغا تاپتى پەللە،
بەندىلەرنىڭ بۇ ھالىمىز قاملاشمىدى!

بەش يىل بولدى شاھنىياز① بەك قۇرۇپ كەتتى،
يۇرت ئەھلىنىڭ جانلىرى بەك تويۇپ كەتتى،
تەشنالىقتا بوۋاقلار كۆپ ئۆلۈپ كەتتى،
بەندىلەرنىڭ بۇ ھالىمىز قاملاشمىدى!

بىلىپ تۇرۇپ باجنى ئۈستۈن قويۇۋەردى،
دوغا-يايى بىزنى تىللاپ تۇرۇۋەردى،
ئىشى يوقنىڭ باش-كۆزىگە ئۇرۇۋەردى،
بەندىلەرنىڭ بۇ ھالىمىز قاملاشمىدى!

گومىنداڭلار بىلەر ئىكەن ئىلىشنىلا،
بەگ، دورغىلار بىزگە تەھدىت سىلىشنىلا،
ئاش، ئوتۇن دەپ بىزنى خاراب قىلىشنىلا،
بەندىلەرنىڭ بۇ ھالىمىز قاملاشمىدى!

زالىملاشتى شاھنىيازنىڭ دوغا، بىگى،
ئەمدى بولۇپ چىقار قانداق ئىشنىڭ تىگى،

① يۇرت ئىسمى

ئەمدى ياخشى بۇ كۆنلەردىن يەرنىڭ تېگى،
بەندىلەرنىڭ بۇ ھالىمىز قاملاشمىدى!

ھايات يولى كۆز ئاچقۇسىز تۇمان بولدى،
مۆمىنلەرنىڭ كۆن ئالمىقى گۇمان بولدى،
گومىنداڭنىڭ خۇيى بىزگە ئايان بولدى،
بەندىلەرنىڭ بۇ ھالىمىز قاملاشمىدى!

يۈرىكىمنى تېشىپ چىقتى بۇ شىكايەت،
بايان قىلسام كۆپتۇر يەنە بۇ ھېكايەت.
قادىر ئاللا بەرگىن ئۆزۈڭ بىر ئىجاۋەت،
بەندىلەرنىڭ بۇ ھالىمىز قاملاشمىدى!

1946 - يىل

## بىر تالىپقا

ئۆزۈڭ تالىپ تۇرۇپ،
ئەقلىڭ كېتىپتۇر.
زالالەت دۆيىگە،
باشىڭ پېتىپتۇر.
زالالەت دۆيىدىن
تارتقىن بېشىڭنى.
خۇدا ئاسان قىلۇر
مۈشكۈل ئىشىڭنى.



## ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق

چىشى ئۇچقان رەندىدىن،
نېشە چەككەن بەڭگىدىن
گەپ خالتىسى بەندىدىن،
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

كەچكۈز پەسلى چىۋىندىن،
كەلكۈن بويى زېمىندىن،
گەپ ئۆتمىگەن قېلىندىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ئوتقا يېقىن قومۇشتىن،
رەقىبكە قول سۇنۇشتىن،
يۈزى قېلىن تونۇشتىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

زىغىرلىقنىڭ ئوتىدىن،
دوغا-يايى چوتىدىن،
ئۇماچ قورساق سوپىدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

يالىڭاياغ تاشلىقتىن،
مىتە چۈشكەن ئاشلىقتىن،
پارا يېگەن باشلىقتىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

تۆۋرۆكى بوش ئايۋاندىن،
قولى تۇتقاق ھەميانددن،
ئادەمسياق ھايۋاندىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

سىپى تۇرماس كەتمەنددن،
كەينى كەتكەن چەكمەنددن،
قانائەتسىز دەردمەنددن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

قىش كۈنى ھۆل ئوتۇنددن،
كىر ئالمىغان سوپۇنددن،
نومۇسى يوق خوتۇنددن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

موزاي بەرمەس كالىددن،
كۆڭلى-كۆكسى ئالىددن،
قارغىش ئالغان بالىددن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ئالداپ ئالغان باخشىددن،
قاملاشمىغان ناخشىددن،
مىجەزى بوش ساقچىددن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

سامان قورساق سۆلەتتىن،
گۇۋاھى يوق تۆھمەتتىن،



ئالۋىڭى كۆپ دۆلەتتىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ئۇدا كەلگەن بۇيرۇقتىن،
توختىمى يوق تويلۇقتىن،
ھەمدەم خىيال خۇيلۇقتىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

چۆلدە ياغقان تۇلىددن،
جازانىخور پۇلىددن،
ئاغزى يۇمشاق لولىددن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

نەغمىسى يوق سورۇنددن،
قارنى تويماس ھۇرۇنددن،
چىگىت چاقتى بۇرۇنددن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

خوتۇن خەقنىڭ تىزىددن،
پىتنە خورنىڭ سۆزىددن،
پايلاقچىنىڭ كۆزىددن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

مىلتىقى يوق ئوۋچىددن،
بەك ياسانچۇق نوچىددن،
گىپى يوغان پوچىددن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

كۆندە كەلگەن خۇشلۇقتىن،
تەر تۆكمىگەن توقلۇقتىن،
ھېسابى يوق دوستلۇقتىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

ئەملى يوق پەرزىدىن،
ئايىغى يوق ئەرزىدىن،
تايىنى يوق قەرزىدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

توپا ئارىلاش شىغىلدىن،
ئۆيىدىن يىراق ئېغىلدىن،
لولا مىجەز بېخىلدىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

هاراق ئىچكەن مەستلەردىن،
ھاياسى يوق پەسلەردىن،
ئىشى تەتۈر نەسلەردىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

جامائەتتىن قاچقاندىن،
«دەتتىكام» گە ئاتقاندىن،
ۋىجدانىنى ساتقاندىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

يېغىن پەسلى شورلۇقتىن،
كۆزى ئوچۇق كورلۇقتىن،



ئۆمرىڭىزگە خورلۇقتىن
ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق.

1948 - يىل، فېۋرال

## كۆلەي

ئى بۇرادەر، چال راۋابىنى، مەن ئۇسسۇل ئويناپ كۆلەي،
كۆلگە قونغان بۇلبۇلدەك قىپ ناۋا، سايراپ كۆلەي،
ئەركە ئاققان تاغ سۈيىدەك جۇش ئۇرۇپ قايناپ كۆلەي،
كۆلدە ئۈسكەن تالى مەجنۇنلار كەبى ئويناپ كۆلەي،
ئاڭلىسۇن كۆلكەمنى ئىقلىم، مەن راسا سايراپ كۆلەي.

ئۆلىشىپ ھۆر ئاڭغا بىز، يالقۇن بولۇپ ياندۇق بۈگۈن،
تەنتەنە ئەيلەپ زامانغا راست ساما سالدۇق بۈگۈن،
بىزنى ئەزگەن زومىگەردىن زەپ ھېساب ئالدۇق بۈگۈن،
بىز كۆتۈپ كەلگەن تىلەكنىڭ ۋەسلىگە قاندۇق بۈگۈن،
پارتىيىگە خەلقىمىزدىن مەن سالام يوللاپ كۆلەي.

چۈنكى مىسكىن كۆڭلىمىزنى قىلدى شاد كومپارتىيە،
ھەددىدىن ئاشقان خورەكنى قىلدى مات كومپارتىيە،
بىزگە ئەمدى قارا تۈننى قىلدى يات كومپارتىيە،
ئېزىلگەننىڭ بېشىن سىيلاپ بەردى ئات كومپارتىيە،
تون كىيىپ، ئاتقا مىنىپ مەن بىر چېپىپ يايراپ كۆلەي.

كېمىيىپ ئىنجارە ھەققى، چىقتى ئەجەب دەردىمىز،
يەرگە بولدۇق بىز خوجايىن، كۆتۈرۈلدى قەددىمىز،

بەرسەن بىز چوڭ ھوقۇقتىن، ھەرلى قىلساق ھەددىمىز،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دىيارغا شاھى سۇلتان ئەمدى بىز،
ياش تۆكۈپ دۈشمەن كۆزىدىن، قەن ـ ناۋات چايناپ كۈلەي.

ئاچتى پەلەك ئوڭ يۈزىنى، مۇرادىمىز بولدى ھەل،
كومپارتىيە شەپقىتىدىن توققۇزىمىز بولدى تەل،
پارتىيىگە ئەگىشىشچۈن ھەممە باغلاپ تۇردى بەل،
سوتسىيالىزم قۇرۇشچۈن كاتتا سەپنى تۈزدى ئەل،
بۇ ئۇلۇغ شانلىق سەپەرگە بىلىم باغلاپ كۈلەي.

1956 ـ يىل، ئىيۇن



# خېلىل ساتتارى

(1936 — 1914)

شائىر خېلىل ساتتارى ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ، شۇنداقلا ياش ئاخباراتچىلىقىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، ئىقتىدارلىق ۋەكىللىرىنىڭ بىرى.

خېلىل ساتتارى 1914 ـ يىلى چېلەك رايونىنىڭ قارا يوتا يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپ شۇ يېزىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئاندىن زارۋات ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇپ بىلىم ئالغان. 1930 ـ يىلى ئاتىسى ساتتار بىلەن بىللە ئىلىغا ئۆتۈپ، ئانا ماكانى ـ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئارائۆستەڭ يېزىسىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان.

خېلىل ساتتارى ئىلىغا ئۆتۈپ، بىر يىلدىن كېيىن ئاتىسى ساتتار ئۆلۈپ كەتتى. ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى يىلتىزسىز خېلىلنى تەمتىرىتىپ قويدى، ئۇ، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولدى. پەقەت قولىدا بار بىر قىسىم كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىپ ئۆگىنىشنى ئۈزمەي داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

خېلىل ساتتارى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چېغىدىلا پوئېزىيىگە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، قولىغا قەلەم ئېلىپ شېئىر يېزىشنى باشلىغانىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەكتەپ تام گېزىتىگە چىقىرىلغاندىن سىرت يىغىنلاردا، جامائەت ئىچىدە ئوقۇلۇپ تۇراتتى، قىسمەن

شېئىرلىرى گېزىتكىمۇ چىقىرىلغانىدى. خېلىل ساتتارى
ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن، بۇنداق شارائىتقا ئىگە بولالمىدى.
چۈنكى، شۇ چاغدا، ئىلىدا ئاخبارات، نەشرىيات ئورۇنلىرى
يوق ئىدى. ئۇ، ئۆزى تۇرغان يېزا ھاياتىنى ئاساسىي
تېما قىلىپ، يېزىشقا باشلىدى. تۇرمۇش غۇربەتچىلىكى ئۇنى
قىينىسىمۇ، يېزىشنى توختىتىپ قويمىدى. ئۇ يازغانلىرىنى
كۆڭلى يېقىن كىشىلىرىگە دائىم ئوقۇپ بېرەتتى. ئۇنىڭ
بىر قىسىم سىياسىي لىرىكىلىرى خەلقنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ،
قول يازما سۈپىتىدىلا خەلق ئىچىگە تارىلىپ كەتتى. بۇ
شېئىرلار بىر جەھەتتىن، خېلىل ساتتارىنىڭ ئىقتىدارىنى،
جەڭگىۋار ئىدىيىسىنى نامايان قىلسا، يەنە بىر جەھەتتىن،
ئاسارەت ئىچىدە تۇرغان خەلقنىڭ تەقدىرىنى ئۆز تەقدىرى
بىلەن مۇستەھكەم باغلىدى.

«ئاپرېل ئۆزگىرىشى»دىن كېيىن، شىنجاڭدا بىرئاز
بۇرۇلۇش بولدى، 1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىلىدا «ئىلى
دەرياسى» گېزىتى چىقىرىلىشقا باشلىدى. يۈسۈپجان غوپۇرى
مەرۇپ سەئىدى، ئايۇپ مەخسۇرى، ھەبىب يۇنىچى، ئەنۋەر ناسى
رى قاتارلىقلار گېزىتخانا تەھرىر بۆلۈمىگە توپلاندى. كۆپ
ئۆتمەي، بۇلارنىڭ ئارىسىغا ئىقتىدارلىق ياش خېلىل سات
تارمۇ كېلىپ قوشۇلدى. ئۇلار ياش خېلىل ساتتارىنى
ھەر جەھەتتىن پائال قوللىدى، كەسپىي جەھەتتىن قىزغىن
يېتەكلىدى. خېلىل ساتتارى ئۆز ئەقىل-پاراسىتىنى ئاخبا
رات كەسپىگە جەملەپ تىرىشىپ ئۆگەندى، قىسقا مەزگىل
ئىچىدىلا گېزىتچىلىكنىڭ ھەممە ھالقىلىرىنى پۇختا ئۆگىنى
ۋالدى. بۇ جەرياندا، ئۇ، زۇلۇم ئىچىدە تۇرغان جەمئىيەتتە،
گېزىتنىڭ خەلقنى ئويغىتىش، خەلقنى تەربىيىلەش، خەلقنى
يېتەكلەشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ



ئىلگىرىلەپ تونۇپ يەتتى. ئۇ نىشانلىق ھالدا، نۇرغۇن
شېئىر ۋە ماقالىلەرنى يېزىپ، گېزىتتە ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان
قىلىپ، خەلقنى ئويغىتىش، خەلقنى تەربىيىلەشنىڭ ياڭراق
سىگنالىنى چالدى، جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك،
ئېزىش، ئېزىلىش، خۇراپاتلىق، نادانلىق، پارىخورلۇق، تە
كەببۇرلۇقنى قاتتىق پاش قىلدى؛ خوتۇن ـ قىزلارنى ئائىلى
نىڭ قۇلى بولماي، فېئودالىزم پەرەنجىسىنى يىرتىپ تاشلاش
قا، سازىنى سازلاپ، دالجىماستىن ئالغا قەدەم تاشلاشقا دا
لالەت قىلدى. خېلىل ساتتارى 1933 ـ يىلى «شىنجاڭ كەل
گۈسى» دېگەن شېئىرىنى يېزىپ، «ئىلى دەرياسى» گېزىتى
دە ئېلان قىلدى. بۇ شېئىرى يېرى كەڭ، بايلىقى مول،
تاغ ـ دەرياسى گۈزەل شىنجاڭنىڭ پارلاق كەلگۈسىگە ئوقۇلغان
مەدھىيە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىدىكى يارقىن ئوبرازى
يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەنىدى.
بۇ، شېئىر 1933 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە شېئىرلارنى با
ھالاپ، مۇكاپاتلاشتا بىرىنچى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.
بۇ ياش خېلىل ساتتارىنىڭ قەلەم كۈچىنى نامايان قىلدى،
ئۇنى جامائەتچىلىككە تېخىمۇ تونۇتتى.

1935 ـ يىلى ئۆرۈمچىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى»
چىقىرىلىشقا باشلىدى. گېزىت يېڭى نەشر قىلىنغاچقا پەشقان
ئاخباراتچىلارغا موھتاج ئىدى. ئىلىدىن ئادەم يۆتكەشكە
توغرا كېلىپ، «ئىلى دەرياسى» گېزىتىدىكى مەرۇپ سەئىدى،
ئايۇپ مەخسۇرى، خېلىل ساتتارى قاتارلىق تالانتلىق ئاخبا
راتچىلار شۇ يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر گېزىتى» گە يۆتكەپ بې
رىلدى. ئۇلار ئۆرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، گېزىتنىڭ تەھ
رىر كۈچى تولۇقلاندى. گېزىت مىخ مەتبەئەدە بېسىلىشقا ئۆز
گەرتىلدى. گېزىتنىڭ سۈپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى.

ياش خېلىل ساتتارى خەمئىيەت ئىشغا ئارىلاشقاندىن كېيىن، مەنسەپ، ئابروي، مال - دۇنيا قوغلاشمىدى. شۇڭا ئۇ، ۋىلايەتلىك گېزىتتىن بىردىنلا ئۆلكىلىك گېزىتكە يۆتكەلگەنلىكىدىن قىلچە مەغرۇرلانمىدى، بەلكى داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيەتتە، خەلقنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت مۇشكۇل ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلاشقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىلگىرىلەپ ھېس قىلدى، ئىشقا جىددىي كىرىشىپ كەتتى، بارلىق دىققەت - نەزەرىنى گېزىتكە مەركەزلەشتۈردى، ئىجادىيەتنى ئۈزۈپ قويمىدى، گېزىتنى خەلققە يارامىلىق قىلىپ چىقىرىش يولىدا باش قاتۇردى. بۇ ھەقتە كۆپچىلىكتىن مەسلىھەت ئالدى، خەلق ئىچىگە كىرىپ، خەلقنىڭ رايى ۋە تىلەكلىنى بىلىپ، بار ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئورۇنداش، ئاز بولسىمۇ خەلقنىڭ كۆڭلى سۆيۈنگۈدەك ئىش قىلىش يولىدا تەر ئاققۇزدى، باش قاتۇردى. خېلىل ساتتارى گېزىتخانىدىكى چېغىدا «قاچان تۈگەر؟»، «كەتمىگىن ياز»، «تەكەببۇر»، «بولمىسا»، «گۈلىستان»، «دەردمەن تىلەكى» قاتارلىق شېئىرلارنى يازدى. بۇ شېئىرلارنىڭ تىلى ساپ، ئاممىباب بولۇپ، ھەر بىرىدە ئۆزىگە خاس پىكىر بار، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئېيتقاندا، ئەينى يىللاردا ھەر تۈرلۈك قىسىم ۋە زۇلۇم ئاستىدا ئىڭراۋاتقان خەلقلەرنىڭ مۇڭى، زارى، ئۈمىد - ئارزۇسى، جەمئىيەتكە بولغان نارازىلىقى ھەر خىل ئېستېتىك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن. بۇ شېئىرلار خەلققە ياققان. شۇ چاغدا بۇ شېئىرلارنى ئوقۇغان بىرى: «ئەجەب ياخشى شېئىرلار ئىكەن، زاماندىن سۆز ئېچىلمىغان يۈرىكىم، شېئىردىن سۆز ئېچىلگەندەك بولدى» دەپ باھا بەرگەن. بۇ باھا شېئىرلارنىڭ ئاپتورى شائىر خېلىل ساتتارىغا مەنسۇپ، ئەلۋەتتە.



مىلىتارىست شىڭ شىسەي تەختكە چىقىپ، ئۆزىگە قارشى كۈچلەرنى ھەر خىل رەزىل ۋاستىلەر بىلەن بىر ياقلىق قىلىپ، ئورنىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ساقتا چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلىدى. شىنجاڭ ۋەزىيىتى يەنە داۋالغۇشقا باشلىدى، ھەممىلا جايدا ئىشپىيونلۇق تورلىرىنى قۇرۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرىگە جاللات شىڭ شىسەي ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلدى، كوممۇنىستلارنى، تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ ماركسىزم-لېنىنىزم تەلىماتىنى ئالغان زىيالىيلارنى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن كادىرلار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى تۈركۈملەپ تۇتقۇن قىلدى، بىگۇناھ زىيانكەشلىك قىلىپ قىردى. مەرۇپ سەئىدى، ئايۇپ مەخسۇرى، خېلىل ساتتارىلارمۇ جاللات شىڭ شىسەينىڭ ئاشۇ قىرغىنچىلىقىدىن چەتتە قالمىدى. 1939 - يىلى تۈرمىگە تاشلىنىپ مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان گۇناھسىزلار قاتارىدا جېنىدىن جۇدا قىلىندى. ئۇلار قەبرىسىزلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇلارنىڭ تاپقان - تەرگىنى، توپلىغان ماتېرىياللىرى، يازغان شېئىر، دراما، ھېكايىلىرى، ئىلمىي ماقالىلىرى ئۆزلىرى بىلەن تەڭلا يوقىتىۋېتىلدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تالانتلىق شائىر خېلىل ساتتارىنىڭ يېزىپ توپلىغان شېئىرلىرى ئاز ئەمەس ئىكەن، بۇلار تېخى يىغىۋېلىنمىدى. بۇ نۆۋەت ئېلان قىلىنغانلىرى شائىر ھايات ۋاقتىدا، يار - بۇرادەرلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە بىر قىسىم ئاقىللار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ، تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىنگەن ئاز قىسىم شېئىرلاردىن ئىبارەت. بىز شائىر خېلىل ساتتارىنى ئەسلەيدىكەنمىز، ئۇنىڭ ئاشۇ قىيىن - قىستاق يىللىرى يازغان ئەسەرلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ روھىنى خۇش قىلىشىمىز لازىم.

1988 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، غۇلجا

## كۆردۈڭلارمۇ

يىراقلاردىن قۇشلار كېلىپ، باھار بولدى، كۆردۈڭلارمۇ؟
گۈل لېۋىگە كېپىنەكلەر كېلىپ قوندى، كۆردۈڭلارمۇ؟
ئېدىر-قىرلار قاشلىرىغا ئوسما قويدى، كۆردۈڭلارمۇ؟
شوخ شاماللار ئاۋۋال كېلىپ بىزنى سۆيدى، كۆردۈڭلارمۇ؟

قاتار ئۇچقان قاقىرلارنىڭ ئاۋازى بار كۆك ئاسماندا،
كەمبەغەلنىڭ مۇڭلىرىغا جور بولدۇ غەم باسقاندا،
سىلەر نەدە، قاقىرلارغا شوخ باللار قاراشقاندا،
ساي سۇلىرى شارقىراپ ئېقىپ بەزمە قۇردى، كۆردۈڭلارمۇ؟

ئەنە قىزلار سېلىۋاپتۇ چاچلىرىغا چوكان-جالا،
سېرىق چېچەك قىستۇۋاپتۇ باھار كېلىپ بىزنىڭ دالا،
كېتەلمەستىن يۇرتلىرىغا، غېرىبلارنىڭ باغرى يارا،
سېغىنىشتا قارا كۆزى ياشقا تولدى، كۆردۈڭلارمۇ؟

ئارپا، بۇغداي ئېتىزلارغا كەشتە بولۇپ ئۈنۈپ چىقتى،
مىسكىنلەرگە يەر تېگىدىن يىللىق پۇراق ئېلىپ چىقتى،
قارغۇجىلار بۇ سەھنىگە ئاۋۋال نەغمە چېلىپ چىقتى،
مەجنۇنە تاللار شاخلىرىغا كاككۇك قوندى، كۆردۈڭلارمۇ؟

## قاچان تۈگەر

ئەمەل تۇتقان ئاغىنىلەر، ئېيتىڭلارچۇ،
سىلەردىكى پارىخورلۇق قاچان تۈگەر؟



پۇقرالارنى خالىغانچە بوزەك قىلغان،
سىلەردىكى زۇلۇم-زورلۇق قاچان تۈگەر؟

پايدا ئېلىپ يانچۇقۇڭلار تويماي كەلدى،
سەھرالاردا ئۇچرىغاننى قويماي كەلدى،
ھال-كۈنىمىز شۇڭا ئوبدان بولماي كەلدى،
ئاراڭلاردىن پارىخورلۇق قاچان تۈگەر؟

ئەرز ئېيتساق، پىنھان جايدا سورايسىلەر،
پۇل بارمۇ؟ دەپ يېنىمىزنى پۇرايسىلەر،
پۇل چىقمىسا ھەر بىر سۆزدە تورايسىلەر،
سىلەردىكى تەمەخورلۇق قاچان تۈگەر؟

ئىلىم نېمە، غەپلەت نېمە كارىڭلار يوق،
خۇراپاتقا تەدبىرىڭلار-چاراڭلار يوق،
كەمبەغەلدىن دوست-بۇرادەر يارىڭلار يوق،
كەمبەغەلدىن بۇ مۇشەققەت قاچان تۈگەر؟

يىغلىغانغا، قاقشىغانغا باقمايسىلەر،
بىلىپ تۇرۇپ باي-غوجىنى ئاقلايسىلەر،
بوزەكلەرگە ئەسلا قانات ياپمايسىلەر،
سىلەردىكى كۆزى كورلۇق قاچان تۈگەر؟

## كەتمىگىن ياز

كەتمىگىن ياز دىدارىڭغا قانمىدۇق تېخى،
باغلىرىڭدىن ھېچ بىر لەززەت ئالمىدۇق تېخى،
قارماقلار سالمىدۇق چوڭقۇر سۇلارغا،
بۇلاقلار قېشىغىمۇ بارمىدۇق تېخى.

بۇ دۇنياغا كەلگەنلەرنىڭ، تا كەتكۈچە،
ماڭلىيىغا پۈتكەن رىزقى كەم بولمىسا.

مۇساپىرلار ئاسايىشلىق كۆرسە دائىم،
يېتىملارنىڭ ئاغزى - بۇرنى قان بولمىسا.

پۇقرا بىلەن مەنسەپدارنىڭ ئارىسىدا،
بىر باغ بولسا، ئەمما ئېگىز تام بولمىسا.

تىلەمچىنى قانداق رازى ئېتەلەيمىز،
بېرەي دېسەك ئۆيىمىزدە نان بولمىسا.

ئامباردا بۇغداي، قۇناق ئۆكسۈمەيتتى،
يۇرت ئىشىغا چاشقان بۇزۇق خان بولمىسا.

دىلىمىزنى غەپلەت بېسىپ كەلدى ئۇزاق،
ئۆيىمىزنى يورۇتقۇدەك شام بولمىسا.

تاۋار - دۇردۇن قاچان بىزگە نېسىپ بولغاي،
كىيەي دېسەك، كاشكى ماتا - خام بولمىسا.

ياياق يۈرمەي ئامال نېمە تاشلىق يولدا،
كەمبەغەلدە مىنەرگە ئات - مال بولمىسا.

بۇ دۇنياغا كەلگەنلەرنىڭ تا كەتكۈچە
رىزقى، مۈلكى - ھېچنەرسىسى كەم بولمىسا.



## ئاتا - ئانا

«بۇ دۇنيادا ئۈچ نەرسە بار ئىزدىسە تېپىلماس،
بىرى ئاتا، بىرى ئانا، بىرى قېرىنداش.»

ئاتا ئۇلۇغ، ئانا ئەزىز، قېرىنداش غەمخور،
ئۆمۈر گۈلۈڭ شۇلار بولماي كۈندە ئېچىلماس.

ئاتا - ئانا دۇئاسىنى ئۇلۇغ بىلگەيمىز،
شۇ دۇئاسىز بېشىمىزغا ھېچ دۆلەت قونماس.

ئاتا - ئانا كۆز يېشىغا سەۋەب بولغانلار،
توزۇپ تۈگەر، دەرگاھىدا ئاۋاتلىق بولماس.

ئاتا ئىشلەر ئېتىزلاردا بىلى مۈكچىيىپ،
ئىچ ئاغرىتقىن بىچارىگە بىر كۈنمۇ تىنماس.

ئانا بارار ئەڭ ئالدىدا بارچە مۈشكۈلنىڭ،
شۇلار قويغان تۈۋرۈكلەرمىز زادى يىقىلماس.

## ھەدە

بويى زىلۋا، ھۆسنى گۈزەل،
ئىچى دەردلىك جانىم ھەدە.
قارا قاشلىق، سۇمبۇل چاشلىق،
كۆڭلى سۇنۇق خانىم ھەدە.

كۆنىڭ ئۆتتى، كۆننى كۆرمەي،
كۆنلەر ساڭا تۆندەك باقتى.
كۆن كۆرەلمەي بولدۇڭ سەبدە،
بۇلاقلاردەك يېشىڭ ئاقتى...

مەرپەتتىن قىلدى يىراق
سېنى بېسىپ بويۇنتۇرۇق.
سەندە يوقتۇر قۇۋۋەت - مادار،
كۆزۈڭ ئېتىك، ئىچىڭ قۇرۇق.

قارا ئەمدى ئويدان ھەدە
يىراقلارغا كۆزۈڭ سالغىن.
تەبىئەتنىڭ ھۇزۇرى بار،
بىر دەم ئولتۇر، ئارام ئالغىن.

ئۆي ئىچىنىڭ قۇلى بولما،
چۆمپەردىنى يىرتىپ تاشلا،
سەنمۇ ئىنسان، كۆزۈڭ ئېچىپ،
سازىڭ سازلاپ يۇرۇش باشلا.

كىرگىن سەنمۇ داغدام يولغا،
دالجىماستىن چامدا نېرى.
دۆملۆك ئىلە ئەلەم چۆرۈپ،
يېڭىش تاپقىن ماڭغانسېرى.

1933 - يىل



## گۈلستان

ئەي گۈلستان سەندىن مېنىڭ ئۈمىدىم كۆپ،
كۆكرەك كېرىپ كەڭ كۆكسۈڭدە ياتسام دەيمەن.
ساپ ھاۋالىق، گۈلبوستانلىق كەڭ قوينۇڭدا،
ئېغناپ يېتىپ بۇ كۆڭلۈمنى ئاچسام دەيمەن.

ئەي گۈلستان باغلىرىڭنىڭ ھەر شاخىدا
يېڭى ھايات بۇلبۇللىرى سايراپ تۇرسا،
ھەسرەت ئىچرە ئارمان يىگەن كۆڭۈل ئۈچۈن،
دولقۇنلىنىپ ساز جۇشلىرى قايناپ تۇرسا.

مىسكىن كۆڭۈل ئېچىلىپ كېتەر ئەركىن بولۇپ،
گۈلستاندا گۈل - چېچەكلەر ئېچىلغاندا.
زۇلمەت بېسىپ ئاھلار يۇتقان خەلقىم ئۈچۈن،
تاڭنىڭ نۇرى يۇرتۇم ئارا چېچىلغاندا.

1935 - يىل، ئۈرۈمچى

## دەردمەن تىلىكى

گۈل - گۈلستان بۇ ئۆلكەمنىڭ كەڭ قوينىغا،
بىلىم يۇرتى — چوڭ مەكتەپلەر ئورناتقۇم بار.
كۆڭلى سۇنۇپ، تار قەپەستە ياتقان ئەلنى
دۆ - دۇت چېلىپ تاڭ سەھەردە ئويغاتقۇم بار.

شەھەر ـ سەھرا ياش كۆچلىرى قول تۇتۇشسا،
ھېچ دالىجىماي ئۇدۇل يولغا باشلىغىم بار.
بولسا توسقۇن بۇ يوللاردا سالغام بىلەن،
پۇتلاشقانى جەھەننەمگە قاشلىغىم بار.

تۇشمۇ تـۇشتا كەڭ ئېچىلسا بىلىم كانى،
بىلىم ئال! دەپ قىز ـ ئوغۇلنى چىللىغىم بار،
بولسا ئاۋات گۈلىستانلار ئەھلى بىلەن
مەن سازىمنى شۇ پەدىگە سازلىغىم بار.

گۈلىستاننىڭ يوللىرىدا ئۇنسە يانتاق،
يۇلۇپ ئېلىپ تاپىنىمدا چەيلىگىم بار.
ئەلنى قىسقان، نادان تۇتقان ئىپلاسلارنى،
مادارىمدا كۆكۈم ـ تالقان ئەيلىگىم بار.

نادانلىقنى تۈگەتمىسەك بولماس ئارام،
بىلىم ئىلە ئاراملىقنى ئىزدىگىم بار.
«بەخىراامان ئۇخلىمىغىن بۆشۈكتە» دەپ
بـۇرادەرلەر قىلىپ قويار ئىزھارىم بار.

مەن بىر دەردمەن، تىلەكلىرىم بولسا ھاسىل،
شەھەر ـ سەھرا مۇنبەر ياساپ سۆزلىگىم بار.
گۈلىستاندا بىلىم بىلەن يول تاپتۇق، دەپ
تارىخلارغا چىرايلىق قىلىپ يازمىقىم بار.

1935–يىل



## ئەمەت پولات

(1981 — 1923)

ئەمەت پولات 1923 ـ يىلى ئاقسۇدا تۇغۇلغان. ئۇ دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە، كېيىنچە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئارالچاغىراق باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1945 ـ يىلى ئىنقىلابچى شائىر بىلال ئەزىزى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان ۋە قولىغا قەلەم ئېلىپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن.

1945 ـ يىلى سىنتەبىردە ئوت يۈرەك شائىر ل. مۇتەللىپ ۋە بىلال ئەزىزلەرنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئەمەت پولات تولۇپ ـ تاشقان غەزەپ ـ نەپرەت ئىچىدە قولىغا قورال ئېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئاقسۇغا كەلگەن قىسىملىرىغا پىدائىي بولۇپ قاتناشقان ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەش ئېلىپ بارغان.

ئەمەت پولات ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ «توت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يېڭى باھارى باشلانغاندىن كېيىن، قايتىدىن كۈچ ـ غەيرەتكە كېلىپ، ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى ئاممىغا تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭ شائىر بىلال ئەزىزگە بېغىشلانغان «ئۇنتۇلماس ئۇچرىشىش» ناملىق

ئەسلىمىسى 1980 - يىلى ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئەمەت پولات ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ، 1981 - يىلى 8 - ئايدا ۋاپات بولدى. بۇ توپلامغا ئۇنىڭ گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.



## ئالدىغا

ئەسسالام، كەلدىم بۈگۈن مەن دوست - يارانلار ئالدىغا،
دەۋرىمىز بۇلبۇللىرى، شېرىن زابانلار ئالدىغا.

باسسىمۇ باشىمنى قار، قەلبىمدە ياشلىقنىڭ ئوتى،
دىل كۆيۈمىدىن ئۇنچە ئىزدىم مېھرىۋانلار ئالدىغا.

تاشلىدىم بەڭباشلىقىمنى، ئەمدى چىقماسمەن ئەبەد،
پەرى تۇس، شەيتان مىجەز قاشى كامانلار ئالدىغا.

ئاتلىدىم ئىجادىيەتكە بارلىقىم، قەلبىمنى مەن،
بارمىغايمەن ئەمدى ئويناشقا نادانلار ئالدىغا.

ئاختۇرۇپ قەلبىم بېغىنى نەزمىدىن گۈللەر تىزىپ،
مەن چىقارمەن جەڭ - چېلىشتا قەھرىمانلار ئالدىغا.

ئارزۇيىمدۇر كەلتۈرۈش ئىلھام بۇلاقىمدىن شاراب،
ھەرىپەتكە قەلب تەشنا - چاڭقىغانلار ئالدىغا.

ئايرىلىپ قالسام خەلقتىن ئەل مېنى شائىر دېمەس،
بارسام شاگىرت بولۇپ، ئىشچى - دېھقانلار ئالدىغا.

كۆلكە بولغاي بارغىنىم گەر ياقىمىسا ئەل كۆڭلىگە،
بارسا ئەمگەكچى ئىنسىلىك يار - جانانلار ئالدىغا.

يازغىنىم بولسا خەلقىنىڭ قەلبىگە روھىي ئوزۇق،
ئالغا باسقاي كەلسىمۇ دوم تاغ - داۋانلار ئالدىغا.

بەختىيارمەن كەلگۈسى ئەۋلادقا مەندىن قالسا ئىز،
چاچسا نۇر يازغانلىرىم شۇ نەۋقىرانلار ئالدىغا.
1981 - يىل

## پارتىيىگە

ئۇلۇغۋار پارتىيەم بولغاچ يىراق بىز قايغۇ - ھەسرەتتىن،
يېڭى مەنزىل يولىدا شان قۇچارمىز كۈچ ۋە غەيرەتتىن.

تېخى ئۇنتۇلمىدۇق زادى ئىېغىر ئۆتمۈش - قارا تۈننى،
بۈگۈنكى بەختىمىز كەلگەن ئۆزۈڭ بەرگەن سائادەتتىن.

تىيانشان باغرىدىن كەتتى ھوقۇشلار قايتا كەلمەسكە،
شۇڭا مەغرۇر - خۇشال ئۇ سەن ئاتا قىلغان جاسارەتتىن.

مادار بەرگەچ ئۆزۈڭ بىزگە قۇچاق ئاچتى گۈزەل ئىقبال،
كۆرەشتە بەيگىگە چۈشتۇق، يىراق دىللار قانائەتتىن.

بىسىپ ئالغا يولۇڭ بويلاپ، ۋەتەننى گۈلگە پۈركەيمىز،
ھەقىقىي بەھرىمەن بولغاچ ئۆزۈڭ بەرگەن كاپالەتتىن.

## ئەي گۈزەل دېھقان قىزى

ئەي گۈزەل دېھقان قىزى،
يادىمدا ياڭراتقان كۈيۈڭ.



كەڭ ئېتىز باغرىدىكى،
تالماس بىلەك، ئالتۇن بويۇڭ.

ئۇنتالمايمەن سېنى،
ئەستە كۆلگۈنچەك خۇيۇڭ.
ئورما ئورغان چاغدىكى،
كەڭ يېرىپ ماڭغان سولۇڭ.

سەن ئېتىز بەرناسى سەن،
مەن ۋاپادار بۇلبۇلۇڭ.
يازغىنىمنى قىل قوشاق،
كۆزلۈككە بولغاندا تويۇڭ.

## يار يېنىمدا بولغاندا

(ناخشا تېكستى)

كاككۇك سايرىغان چاغدا،
مەن يارىم بىلەن باغدا.
ئەجرىم بەرىكەتتى گويا،
سەل بولۇپ ئاقار سايدا.

ئىشلىسەممۇ بوستاندا،
يارىم بولمىسا ياندا؛
يالغۇزلۇق مېنى قىينار،
يار ئۆزىمۇ مۇڭزاردا.

يار يېنىمدا بولغاندا،
ئىشلىسەممۇ چۆل جايدا.
قۇمنىڭ قەترىسى گۆلدۇر،
مەن گويا گۈزەل باغدا.

## چىرايلىق

كەلدى باغۇ - ئېرەمگە پەسىل باھار چىرايلىق،
گۈل شېخىدا چاڭىلداپ بۇلبۇل سايرار چىرايلىق،
ئەلنىڭ مېھرى باھارغا سەلدەك ئاقار چىرايلىق،
شاد كۈلكىلەر سامادا پەرۋاز قىلار چىرايلىق،
ئەلگە باغدىن - چېچەكتىن بەرىكەت ياغار چىرايلىق.

لەيلىزارنى كېزەرسەن، ئەل شادلىقىنى كۆرەرسەن،
بۇ شادلىققا جور بولۇپ سەنمۇ خەندان كۈلەرسەن،
دەرياسىدا مېھنەتنىڭ غۇلاچ يېيىپ ئۈزەرسەن،
تۆكۈپ تەردىن ئۈنچەڭنى، چۆل - سەھرانى بېزەرسەن،
ھەر زامانە بىزلەرگە بولغاچقا يار چىرايلىق.

يەتتى دېھقان ئاخىر نەۋ باھارنىڭ ۋەسلىگە،
ئىشچانلارنى ئەمگەكتە سىنايدىغان پەسلىگە،
چۆمدى ئاي - ھاي، ۋەتىنىم ئۆملۈك ھايات پەيزىگە،
ئۆرلىمەكتە كۈنسېرى يۈكسەك، ئۇلۇغ پەللىگە،
ئىقبالىمىز قۇياشتەك ئەمدى پارلار چىرايلىق.

1980 - يىل



## يېڭى يىل بەزمىسى

پاھ، ئەجەب كەتتى قىزىپ شانلىق يېڭى يىل بەزمىسى،
تارتتى دىلنىڭ مەيلىنى بۇ بەزمىنىڭ شوخ نەزمىسى.

يېڭى يىل داستىخىنى تولدى ئېسىل نېمەت بىلەن،
بۇ پاراغەتتىن كۆرۈندى خەلقىمىزنىڭ ئەجرىسى.

يېڭى دەۋرىم خىسلىتىدىن يىلغا كەلگەن سوۋغىدىن،
بىزگە چولپاندەك نامايان بولدى دەۋرىم كەلگۈسى.

يەڭنى مەھكەم تۈردى ئەل قايناق چېلىشقا قايتىدىن،
كەتتى ھەر ياندا قىزىپ مېھنەت ئىجادىنىڭ بەيگىسى.

ئەھمىدى، سەنمۇ ئىجادىڭدا يېڭى بەتلەرنى ئاچ،
قوزغىسۇن ئىلھاملىرىڭنى خەلقىمىزنىڭ غەلىبىسى.

## ئۆمەر ھېزىم

(1986 — 1927)

دېھقان شائىر ئۆمەر ھېزىم 1927 - يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ خۇشاۋات يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ ئۆز يېزىسىدىكى مەكتەپتە ئوقۇپ، باشلانغۇچ ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي، ئاتىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن.

قايناق - تاشقىنلىق يېزا تۇرمۇشى ۋە گۈزەل خەلق ناخشا - قوشاقلىرى ئۆمەر ھېزىمدا تەبىئىي قوشاقچىلىق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇنى مول تۇرمۇش تەسىراتلىرى بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇنىڭ دەۋر رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى دەسلەپكى قوشاقلىرى 1953 - يىلىدىن تارتىپ مەتبۇئاتتا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ بەدىئىي ماھارىتى كۆرۈنەرلىك يۇسۇندا ئۆسۈپ، قوشاق يېزىشتىن لىرىك شېئىرلارنى يېزىشقا، ھەتتا ئارۇز ۋەزنىدە غەزەل ۋە مۇخەممەسلەرنى يېزىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. شائىرنىڭ بىر قىسىم قوشاق ۋە شېئىرلىرى «باھار ئارزۇسى» سەرلەۋھىسى ئاستىدا يولداش ئابدىرىم توختىنىڭ «ئۈچمەس تىلەكلەر» ناملىق توپلىمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، 1982 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغاندى. بەختكە قارشى ئۇ، 1986 - يىلى ۋاپات بولدى. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. بۇ توپلامغا شائىرنىڭ يېقىنقى يىللاردا يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.



## ۋەتەن مېھرى

ئانا تۇپراق ماكانىم دەھرىدە نىباردىن ئارتۇق،
تېشى گۆھەر، توپاسى زەر، سۈيى قەن ئابىدىن ئارتۇق.
شەھەرلىرى ھەجەپ ئېسىل قۇرۇلغان رەت - رېتى بىرلە،
كۆرەرمەن ئۇنى كۆڭلۈمدە بېھىش مىماردىن ئارتۇق.
يېزا - قىشلاقلىرى تولغان تۈمەن - تۈرلۈك يېمىشلەرگە،
گۈزەللىك بابىدا باغى ئېرەم گۈلزاردىن ئارتۇق.
يارالغان بۇ ماكانىمدا ھېسابسىز مېۋىزارلىق باغ.
ئۇنىڭ خۇش بۇيلۇقى جەننەت ھىدى ئەتتاردىن ئارتۇق.
بىپايان دەشتىدە ياتقان كۆمۈكلۈك بايلىقى چەكسىز،
شۇڭا دەيمەن دىيارىمنى جاھان - جاناندىن ئارتۇق.
ئۆزۈمنىڭ كۆڭلىدە شۇنداق ئەزىزدۇر بۇ مۇقەددەس جاي،
ئۇنىڭ جەۋھەرى - جاپاسى مەن ئۈچۈن دەرماندىن ئارتۇق.
تېغىنىڭ قويىندا تېخى ئاجايىپ خىلمۇ خىل مەدەن،
قىلۇر بىزگە ئۇنى سوۋغات — گۆھەر - دىناردىن ئارتۇق.
ۋەتەن دېسەم خۇشاللىقىم ئىچىمدە ئاتىدۇ فونتان،
ۋەتەننىڭ دەشتۇ سەھراسى جاھان بازاردىن ئارتۇق.
قېرى - ياشۇ، ئوغۇل - قىزلار ئۆتەر بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەپ،
ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى دۇنيا بېھىش رىزۋاندىن ئارتۇق.
شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋەتەندىن پەخىرلەنمەي تۇرالمايمەن،
سېزەرمەن شۇڭا ئۆزۈمنى جاھان مېھماندىن ئارتۇق.
ۋەتەن ئۈچۈن قەلەم ئالسام ھەۋەس ئوتى لاۋۇلدايدۇ،
ۋەتەننىڭ مېھرى ئىلھامى تامام ئىلھامدىن ئارتۇق.

ۋەتەن سۆيۈش ئەزەلدىن پاك كىشى ۋىجدانىنىڭ بۇرچى،
جاھاندا ياخشىلىق بولماس مۇشۇ ۋىجداندىن ئارتۇق.
ۋەتەن سۆيمەس كىشى باغدا قىزىلگۈلنىمۇ سۆيمەيدۇ،
ۋەتەن سۆيگەندە يانتاقنى كۆرەر رەيھاندىن ئارتۇق.
ئەزىز دوستۇم قەلەم ئالغىن ۋەتەن مېھرىنى داستان قىل،
قەلەمدە ئىختىيار بولماس ئۆزىنىڭ رايىدىن ئارتۇق.
ئەزەلدىن ياخشى خىسلەتتۇر ۋەتەننىڭ قەدرىنى بىلمەك،
كىشىگە بولمىغاي لەززەت ئۆزىنىڭ جايىدىن ئارتۇق.
ۋەتەن قوغداش ئۈچۈن يېزىمنىڭ بالا كەلسە بۇ باشىمغا،
دېمەسمەن ئاھۇ ۋاھ ھەرگىز بىلىپ ئىنئامدىن ئارتۇق.
ۋەتەن سۆيمەكچى بولساڭ سەن ئىلىم-پەندىن ساۋاق ئالغىن،
تېپىلماس ھېچ ياخشى تەدبىر بىلىم دەرگاھىدىن ئارتۇق.
ئايا ساقى، قەدەھ كەلتۈر ۋەتەن مېھرى شارابىدىن،
ۋەتەننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئېلىپ مەيخانىدىن ئارتۇق.
ۋەتەن يولىدا بۇ ئۆمىر بېغىشلايدۇ ۋۇجۇدىنى،
ۋەتەن مېھرىنى شۇڭلاشقا كۆرەر ئۆز جانىدىن ئارتۇق.

1982-يىل،

## كۆرگىلى كەلدىم

سالام ئاقسۇ نىقاب ئاچقىل يۈزۈڭنى كۆرگىلى كەلدىم،
ئاتا قىلساڭ ۋىسالىڭنى لېۋىڭگە سۆيگىلى كەلدىم.
جامالىڭ پەرتەۋى جانان مېنىڭ جىسمىمدا جاي ئالدى،
گۈزەل ھۆسنۈڭ پىراقىدا كۆيۈپ كۈل بولغىلى كەلدىم.
چېچىكىڭنىڭ تالىسى چىرماپ كۆڭۈل قۇشىنى سەيد ئەتتى،
قىلىپ ئىككى قېشىڭ مېھراب ساڭا باش قويغىلى كەلدىم.



بولۇپ كەۋسەر ئىككى چەشمەك، ساخاۋەتتىن قەتىر چاچسا،
ئۇنى ئابى ھايات چاغلاپ ئىچىپ قانغىلى كەلدىم.
تەبەسسۇم ئەيلىسەڭ گەرچە كۆرۈنسە ئۈنچە دەندانىڭ،
چاقىرساڭ بەھرىدۇر بول دەپ تىلىڭنى شورغىلى كەلدىم.
مېنىڭدىن شۇندا ئار ئەتمەي قولۇڭنى بوينۇمە سالساڭ،
تۇتۇپ ئىككى ئانارىڭنى بەختكە چۆمگىلى كەلدىم.
سۆيۈك جانغا بېرۇر لەززەت، بىرىڭ تەنگە مەدەت-قۇۋۋەت،
توپاڭدۇر تۇتىيا شۇ دەم كۆزۈمگە سۈرگىلى كەلدىم.
تېشىڭ زەر، قامىتىڭ سەبدەر، ساڭا مەپتۇن تامام بۇلبۇل،
ئۈزۈپ گۈلدەستە ۋەسلىڭدىن يۈرەككە تاڭغىلى كەلدىم.
ساڭا ئېيتاي ئۈمىدىمنى قوبۇل قىل قوينى كەڭ ئاقسۇ،
ئورۇن بەرسەڭ ھۇزۇرىڭدىن قاقاقلاپ كۈلگىلى كەلدىم.
سېنىڭ قوينۇڭدا جاي ئالغان بىلال ئەزىزى، لۇتپۇللا،
ئۇلارنىڭ روھى پاكىنى زىيارەت قىلغىلى كەلدىم.
ئايا ئاقسۇ قولۇڭ بىرلە ئىمىر ھىزىمغا بىر جام تۇت،
شارابىڭدىن يۈرەكىمنى ئىچىپ قاندۇرغىلى كەلدىم.

1982-يىل، دېكابىر

## ئىپتىخارىم بار

ئۇزۇندىن ئويلىنىپ يۈرگەن دىلىمدا بىر قارارىم بار،
خەلقىنىڭ كۆڭلىدە ھەم شۇ ھەۋەس بار دەپ خىيالىم بار.
كۆڭۈل سىرىنى قىل بىرلە بايان قىلماق ئەمەس ئاسان،
شۇنىڭ ئۈچۈن قەلەم بىرلە يازاي دەپ ئىختىيارىم بار.
كېچە-كۈندۈز كۈلۈپ يۈرمەك مېنىڭ ئۈچۈن مۇناسىپتۇر،
سۆيى ئەلۋەك، يېرى مۇنبەت ئەجەب كەڭرى دىيارىم بار.

نەپىس سەنئەت ئىجاتگاھى قەغەز، ئەتلەس، گىلەم يۇرتى،
خوتەندە بارچە ئەللەرگە قولىدىن گۈل سۇنارىم بار.
ماكانى قاش تېشى دەپمۇ تونۇلغاندۇر بۇ دۇنياغا،
بۇ يۇرتتا نۆۋبەتى، ئەھمەت قارا قاش پېشىۋايىم بار.
قاچانكىم سايرىسا جانان ۋەتەننىڭ بۇلبۇلى دەيمەن،
خوتەن مۈلكى يېتىلدۈرگەن سالامەت ① يارى جانىم بار.
نەزەر سالسام يېشىل بوستان گۈزەل يەركەن، دىيارىمغا،
ئامانىسا، رىشتىخاندەك ئىجادىي تۆھپىكارىم بار.
ئەزىز يۇرتۇم گۈزەل قەشقەر پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇردۇر،
بوۋام مەھمۇد يېزىپ بەرگەن دىۋاندا ئېتىبارىم بار.
قۇۋۋەق سالسام ئەگەر قەشقەر راۋابىنىڭ مۇقامىغا،
روزەك باشى قاتارىدا بېھەددۇ رەت قاتارىم بار.
كىلۇرلەر سەھنىدىن ئاۋاز يۈرەككە بەخش ئېتىپ ئىلھام،
بۇ قەشقەر سەھنىسىدە پاتەم ② كى بۇلبۇل تۇنسايىم ③ بار.
نەزەرنى تاشلىسام ئەمدى گۈزەل چىنىڭ كانى ئاقسۇغا،
بىلال ئەزىزى، لۇتپۇللا، مۇنىرىدىن سەرداھىم بار. ④
ئاقسۇ سەھنىسى ئىچىدە چاك-چاك سايرىغان بۇلبۇل،
رىسالەت ⑤ غۇنچە گۈل قامەت شېكەرلەپ كۆز خۇمارىم بار.
نەزەرنى يۆتكىسەم بايغا، خەلقىنى تويغۇزار مايغا،
مۇسا سايرامى، نىم شېھىت قەلەم قۇۋۋەت مادارىم بار.
كۇچا، باينىڭ ئارىسىدا ئاشىق پەرھات ئىجات ئەتكەن،

---

① سالامەت — خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى.

② ③ پاتەم، تۇنسايىم - ئاتاغلىق ناخشىچى پاتەم قۇربان، تۇنسايىم توختى.

④ سەرداھ — يول باشلىغۇچى.

⑤ رىسالەت - ئەسلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ناخشىچىسى ئىدى، ھازىر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇقام گۇرۇپپىسىدا.



شېرىن مېھرىنى سىڭدۈرگەن نەپىس مىڭ ئۆي سارايىم بار.
جاھاندا بولمىغاي ھەرگىز بۇ يۇرتتەك بىر چىرايلىق جاي،
ھەجەب ئاۋات گويا جەننەت ئېسىل شەھرى كۇچارىم بار.
كۇچانىڭ قويىندا خوش ئاۋاز ئانا نىساخان،
ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسقان يىگىتتۇ غۇنچە ئايىم بار.
ئۈرۈمچى بۇلبۇلى پاشا خەلق ئاۋازىغا تەشنا،
جاھاندا نامى تونۇلغان ئۇ شۇل شېرىن زۇۋانىم بار.
نەزەر سالسام ئىلىغا تىك تۇرارلار نۇزۇگۇم، سادىر،
ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن كۆرەشكەن قەھرىمانىم بار.
ۋەتەن دەپ ئۆزىنى ئۇنتۇپ جېنىنى بەردى رىزۋانگۈل،
ۋەتەن دەپ جېنىدىن كەچكەن ھېسابسىز گۈل جانانىم بار.
ياناي ئەمدى كۇچارىمغا، گۈزەل بوستان ئۇچارىمغا،
دىماغىمغا ئەتىر سەپكەن ئۆرۈك، ئالما، ئانارىم بار.
تېغىدا خىلمۇ خىل مەدەن بېغىدا بىھېساب مېۋە،
ئۆمۈرگە بېرىدۇ بەرىكەت ھەجەب خوش بۇي ئىپارىم بار.
بېشىدا ئاغى دەرياسى، ئاگا ياندىن ئۆتكەن دەريا،
ئاياقتا بىپايان ئورمان ئۇلۇغ دەريايى تارىم بار.
شەھەر، سەھرالىرى ئىچىدە كۆرەرسەن مىڭ تۈمەن زىبا،
ئۇشۇل زىبا سەنەملەردە مېنىڭ ھەم دىل رىبايىم بار.
يېمىش، ئاش، پاختا، مايلىق دان يەنە چارۋىغا لىق تولغان،
جاھاننىڭ كۆزى كۇچارىم بولۇر دېگەن نىشانىم بار.
تاھام خىسلەتلىرى بىرلە كامال تاپقان كۇچارىمنى،
قىلۇرمەن كەلگۈسى جەننەت دېگەن زور مۇددىئايىم بار.
ئىلىم-پەنگە يورۇش قىلغان مۇشۇ يۈكسەك زامانەمدە،
ئىلىم-پەندە كۇچارىمدا راسا ئۆرلەش ئىرادەم بار.
مېنىڭدىن يۇقىرى جۈرئەت كۇچا خەلقىدە مەۋجۇتتۇر،
ئىشەنچ بىرلە قەدىرلەشكە يۈرەكتىن ئىپتىخارىم بار.

ئۇيا دوستلار، مېنى سورىساڭ كۆچا شەرقىدە بىر يېزا،
قوشئاۋات ۋادىسى ئىچرە تۇتۇلغان كۆلبە جايىم بار.
كەل ئى ساقى، قەدەھ كەلتۈر، قەلەمنىڭ قۇۋۋىتى ئاشسۇن،
نە ئۈچۈن كىم، ئارام ئالماي يازاي دېگەن شۇئارىم بار.
ھەمىشە يازمىسام مەندىن ۋەتەن قەرزى ئادا بولماس،
ۋەتەننىڭ ھەممە جايىدا يۈرەك سۆيگەن نىگارىم بار.
ئىمىر ھېزىم قىلۇر چاقىرىق قەلەمكەش ھەممە دوستلارغا،
يازايلى بىر ئۆمۈر بىللە دېگەن بىر ئىلتىجايىم بار.

## بولسا

ھەقىقەتنى تاپالايسەن تەپەككۇر قۇربىتىڭ بولسا،
تۈگۈن سىرنى يېشەلەيسەن بىلىمگە رىغبىتىڭ بولسا.
بۇ دۇنيانىڭ سىرى چەكسىز ئۇنى بىلمەككە جۈرئەت قىل،
يېشىلگەي تىلسىمات سىرلار ئىلىم-پەن ھىكمىتىڭ بولسا.
روھىي كىشەنگە باغلانساڭ قۇتۇلالمايسەن ئاسارەتتىن،
نادامەت ئوزۇقۇڭ بولغاي جاھالەت ئۈلپىتىڭ بولسا.
ئۆمۈر توختامى ھۆججەت يوق قولۇڭدا تەگرىدىن ئالغان،
جاھانغا تۆھپە سوۋغات قىل ھاياتتا قۇدرىتىڭ بولسا.
زېمىنغا باغ بىنا قىلغىل يېسۇن مېۋىسىنى نەۋرەڭ،
جاھانغا تولغۇسى شادلىق تىرىشچان مېھنىتىڭ بولسا.
تەكەببۇر ئەيلىمە ھەرگىز ھېسابسىز مال-پۇلۇم بار دەپ،
جاۋابى يوق قىلۇر بىر ئوق كى تاغدەك ھەيۋىتىڭ بولسا.
خۇشال-خۇرام ياشاي دېسەڭ ئىلىم-پەن قىزىنى يار تۇت،
زاۋال تاپقاي ئىلىم-پەندىن يىراقتا ئىشرىتىڭ بولسا.
ۋاپا قىلمايدۇ ئادەمگە مۇشەققەتسىز تېپىلغان مال،
جۇدا بولغاي گويا قارۇن قازانغان شۆھرىتىڭ بولسا.



چۈشۈپ روھانىي قىلتاققا چۈشۈڭدە ئىزدىمە جەننەت،
كۆپايە ساڭا دۇنيادا ۋەتەندەك جەننىتىڭ بولسا.
ئوقۇپ پەندىن بىلىم ئالغىل، بىلىمدىن كاتتا بايلىق يوق،
كېلۇر بايلىق قىلىپ جىلۋە ئىجادكار سەنئىتىڭ بولسا.
جاھان ئىنسان ئۈچۈن مەكتەپ ئۆگەنمەككە ئىلىم-سەنئەت،
ئىگىلەيسەن ئىلىم-پەننى كۆڭۈلدە جۈرئىتىڭ بولسا.
تەپەككۇر باغىدىن مېۋە ئۈزۈپ تاپساڭ ھەقىقەتنى،
دېيەرسەن ياخشىغا رەھمەت يامانغا نەپرىتىڭ بولسا،
ئىلىم-پەندىن خەۋەر تاپماي تەۋەككۇلغا قەدەم قويساڭ،
كېتەر سىيت نوچىدەك باشىڭ، گويا شىر قۇۋۋىتىڭ بولسا.
قانائەت باغىدا ياتساڭ تىلەپ تەلەينى تەقدىردىن،
ئۆزى كەلمەس بەخت-تەلەي كۆرەي مەن ھۆججىتىڭ بولسا.
مۇشەققەت كۆر ۋە راھەت پېشانەڭگە يېزىلغانمىش،
قېنى دوستۇم ماڭا كۆرسەت پىشانەڭدە خېتىڭ بولسا.
بىلىم بولمىسا جىسمىڭدا سېنى كىممۇ قەدىرلەيدۇ،
پەرىزاتتەك گۈزەل ھۆسنۈڭ تاۋۇستەك زىننىتىڭ بولسا.
سائادەت ساڭا يار بولغاي تولا قىلساڭ ئىجادىي ئىش،
خەلق قەلبىدە ياشايسەن ئىجاتكار ھۆرمىتىڭ بولسا.
قاراپ كۆر ياد ئېتەر خەلقىم ئىبنىسىنا ۋە لوقماننى،
سېنى ھەم ياد ئېتەر خەلقىم ئاشۇنداق سوۋغىتىڭ بولسا.
ئىمىر ھېزىم ۋەتەن، ئەلگە تەپەككۇر جامىدىن مەي تۇت،
ياشايسەن قەلبىدە ئەلنىڭ شېرىن جان شەربىتىڭ بولسا.

## تۇيۇقلار

بەختىمىز كۆلدى بۈگۈن كەل مۇترەبا سازىڭنى چال،
قەدىرلەپ ئۆز بەختىنى ئوينار ئۇسسۇل كەمپىرۇ-چال.

ھەي ئانا يەيمىز بۇگۈن ئۈز ئەجردمىزدىن قەنت ـ ناۋات،
گۆش، پولۇ، نان ئارام ئالسۇن، تېز قازانغا ھالۋا چال.

× ×

جان تىكمەپ ئىشلەيلى بىز ۋەتەن ئۈچۈن باشتىن ـ ئاياق،
يېڭى يولغا قوي قەدەم پۈتقا كىيىم يېڭى ئاياق.
يېڭىلىقتىن بەختىمىزنى يارىتىشقا شەرت قىلىپ،
كەل ئىچەيلى ئىجتىھاتنىڭ شەربىتىدىن بىر ئاياق.

× ×

قويسا ئالدىڭغا ھەسەل يەپ قاچىسىنى چاقمىغىن،
ژۇندە ئۈچۈن ياخشىنى ھەرگىز يامانغا چاقمىغىن.
ياخشىلارنىڭ بوينىغا يىلان بولۇپ سەن يۆگىشىپ،
سانجىپ يىلان نەشتىرىڭنى بى گۇناھنى چاقمىغىن.

× ×

چاچلىرىڭ ھالقا قىلىپ بوينۇمغا سالدىڭ سالمىنى،
خاھى ئاسقىن، خاھى چاپقىن، خاھى ئۇتقا سال مېنى.
نېمە قىلساڭ ئىختىيارىڭ مەندە باشقا چارە يوق،
ئى سەنەم رەھىمە ئەيلىسەڭ نىجات يولىغا سال مېنى.

× ×

گۇندىپاينىڭ باشلىقى: شائىرغا ئازاب سال، دېدى،
گۇندىپاي قىيناش ئۈچۈن ماڭا: چاپاننى سال، دېدى.



ھارغىچە سىم قامچىدا ئۇردى تىنىمىدى ئاقتى قان،
يەنە بىرىگە ئاراپ: پۇتىغا كىشەن سال، دېدى.

× ×

ئەڭ تۇزۇكتۇر ئادىمى تولسا بىلىمگە ئىچ ـ تېشى،
بولسا بەش قولدەك ئايان پۈتكۈل جاھاننىڭ ئىچ ـ تېشى.
ئىلىم ـ پەندىن نۇر چېچىپ يۇرت خالايىق قەلبىنى،
بولغىنىڭ ياخشى چىراغ بولماي ھاۋانچىنىڭ تېشى.

× ×

ھەي سۆيۈملۈك دىلبىرىم قۇندۇز چېچى، قاشى قارا.
قاش ۋە كۆزۈڭ قارا بولسۇن بولمىغىل كۆڭلى قارا.
ئىشقىدا كۆيگەن يۈرەكنىڭ تازىسى قالمايدىكەن،
ھالىتىم بىلمەكچى بولساڭ رەڭگىرويىمغا قارا.

× ×

ھېچكىم يوق سۆيگۈنۈمگە بىر سۆزۈم دەپ باققىلى،
رىغبىتى يوق سۆيگۈنۈمنىڭ قايرىلىپ بىر باققىلى.
سۆيگۈنۈمسەن، بولما خائىش ساتما ۋىجدان ھېچقاچان،
بەزى ئىپلاسلارغا ئوخشاش تۇرمىغىل جان باققىلى.

× ×

بىلگەن ئىشنى دېمىگىل بىلمەيمەن ئۇ قانداقكى تاڭ،
بولىدۇ زاھىر ھەممە كېچە تۈگەپ ئاتقاندا تاڭ.

ھەق ـ ئادالەت يولىدا ماڭماق جاھاندا ياخشىدۇر،
قايدا بولسا ھەق ـ ئادالەت جان بىلەن كۆكسۈڭگە تاڭ.

× ×

چارۋا باقتىم ۋەتىنىمگە شان ـ شەرەپ ئاق ئۆي تىكىپ،
چېگرىدا باقتىم كېچە ياتماي ۋەتىنىم دەپ جان تىكىپ.
بىھېساب تەييارلىدىم ۋەتەندە شېرىن مېۋىلەر،
مېھرىدىن تەر سىڭدۈرۈپ باغ ياسىدىم ئورمان تىكىپ.

× ×

ئوقۇ، ئۆگەن ئىلىم ـ پەننى تىرىشىپ تېز ئالغا باس،
دۈشمىنىڭنى ئەيلە تەسلىم گەجگىسىدىن يەرگە باس.
خەلقى ئالەم رەھمەت ئېيتسۇن سەن ئۈچۈن ئاداققىچە،
دەۋرىمىز تارىخ بېتىگە ياخشىلىق تامغاڭنى باس.

× ×

مۇھەببەتتە ماڭا دىلبەر قۇچاقلاپ كۆكسىنى ياقتى،
تېگىپ يۇمران ئۇنىڭ كۆكسى مېنىڭمۇ كۆڭلۈمگە ياقتى.
ئاشۇردى ئىشتىياقىمنى بولۇپمەن ئەمدى بىتاقەت،
قۇچاقلاپ بىر سۆيۈش بىرلە مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئوت ياقتى.

× ×

نەچچە كۈندۈز گۈل سەنەم يارى قېشىغا بارمىدى،
يا بۇرۇندىن گۈل سەنەم كۆڭلىدە بىر غۇم بارمىدى.
مەنمۇ بىر سۆز سورىمىدىم دېدى خىجالەت بولمىسۇن،
نەچچە قېتىم تەمشىلىپ سۆزلەشكە ئاغزىم بارمىدى.



## ئاۋۇت ئوسمان

(1985 — 1928)

ئاۋۇت ئوسمان 1928 ـ يىلى مەكىت ناھىيە بازىردىكى بىر قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دىنىي مەكتەپتە باشلانغۇچ ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىلگىرى ـ كېيىن مەكىت ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى، پوسكام ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، مەكىت ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلغان. ئۇ بەختكە قارشى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ 1985 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى 57 يېشىدا ۋاپات بولدى.

ئاۋۇت ئوسمان 1948 ـ يىلىدىن باشلاپ يېزىشقا كىرىشكەن ۋە «قەشقەر گېزىتى»، «يەكەن گېزىتى»، «تارىم»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «دولان» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا 100 پارچىدىن كۆپرەك شېئىرلارنى ئېلان قىلغان. مەكىت ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىسى بولغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا سەنئەت ئۆمىكى ئۈچۈن 50 پارچىدىن كۆپرەك ناخشا تېكىستى يېزىپ بېرىپ، دولان ئەدەبىياتى سەنئەت گۈلزارىنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشقان. مەرھۇم ھايات چېغىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

بۇ توپلامغا مەرھۇم شائىرنىڭ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم نەشرگە تەييارلىغان بىر قىسىم شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

## باھار ئىشقى

باھار ئەييامى باغلارنى مۇئەتتەر ساپ ھاۋا قىلدى،
چىمەنزار پەيزىدە بۇلبۇل ئەجەبمۇ خۇش ناۋا قىلدى.

باھار زەۋقى، باھار ئىشقى قويۇپ دىل جامىغا مەينى،
كۆڭۈلنى ئەيلىدى مەپتۇن، ئۆزىگە مەھلىيا قىلدى.

باھار ئىلھامى ھەر دىلنىڭ، باھار سەردارى بىر يىلنىڭ،
باھار شەنىگە شوخ قىزلار رەقس بىرلە ساما قىلدى.

«باھارغە سۆيسە ھەر ئىنسان ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇش لازىم»
دېرىزەم ئالدىدا قالغاچ ئاشۇنداق بىر سادا قىلدى.

باھار ياغمۇر پاك قىلدى غۇبارىدىن بەرگى گۈللەرنى،
كىمكى تۆھپىسىز كەتسە ئۆمرىدە چوڭ خاتا قىلدى.

## ياشلارغا

ئۆگەن ياشلىق ھاياتىڭدا سۆيۈپ دائىم ئىلىم - پەننى،
يوللاتما ھېچ ۋۇجۇدۇڭغا تەكەببۇرلۇقنى، «مەن - مەن»نى.
جاسارەت بولسىلا سەندە، بۈگۈن ئىمكانىيەت كەڭرى،
قەدىرلەيدۇ ۋەتەن، خەلقىم جاپا - مۇشكۈلنى يەڭگەننى.
بىلەكلىك گەر يەڭسە بىرنى، بىلىملىك مىڭنى يەڭمەمدۇ؟



قانائەتكە بېرىلمە ھېچ، يېتەر دەپ شۇ ئۆگەنگەننى.
تۇرۇپتۇ كۆرسىتىپ بىزگە تالاي تارىخىي پاكىتلار،
ئىلىم - پەندىن نىجات تاپقان ۋە تەلەي - بەختى كۈلگەننى.
ئىلىم - ھىكمەت بىلەن بولغاي ئاسان ھەر قانچە مۇشكۈلمۇ،
چوقۇمكى دەشتى - چۆللەردە قۇرۇش بوستانۇ - گۈلشەننى.
ئىلىمنىڭ قۇدرىتى چەكسىز، ئاچار ھەر تىلسىماتلارنى،
ئەنە كۆردۈڭمۇ ئاسماندا ئۇچۇپ سەيلانە يۈرگەننى.
كىشى جانانىغا يەتمەس جېنىدىن كەچمىسە ئەسلا،
كى ھېچكىم كۆرمىگەن تەلەي - بەخت ئۆزىچە كەلگەننى.
ئىلىم دەرياسىغا كىرسەڭ شىجائەت ئۇرغۇسۇن شۇنچە،
يېرىم يولدا تۇرۇپ قالماي چىقار قىرغاققا يەلكەننى.
كىشىنىڭ ئۆمرى چەكلىكتۇر، بىھۇدە ئۆتمىسۇن ياشلىق
ئۆزۈڭگە دوستى - يار ئەيلە ۋاقىت قەدرىنى بىلگەننى.
كىرىش ئۇسمانى سەن، ھەمدە ئۆزۈڭنىڭ ئۈلگىسى قىلغىن،
ئىلىم دەرياسىغا شۇڭغۇپ گۆھەر - دۇردانە سۈزگەننى.

## بولمىسا

سەن ئۇنى ئادەم دېمە ئىنسانىي خىسلەت بولمىسا،
ئەل - ۋەتەنگە قەلبىدە ئوتلۇق مۇھەببەت بولمىسا.

تىل - دىلى بىر بولمىسا گەر كۆلكىسى ساختا نىقاب،
دوستىغا مېھرى - ساداقەت، ياۋغا نەپرەت بولمىسا.

ئۇخلىسا غەپلەت ئىچىدە بۇرچىنى قىلماي ئادا،
كۆرسە مۇشكۈلنى يېڭىشكە ئۇندا جۈرئەت بولمىسا.

ئۆز - ئۆزىدىن بەختۇ تەلەي كەلمىگىگە تەلمۈرۈپ،
ئاققۇزۇپ تەر، ئەجىر قىلماقلىقتا ھېممەت بولمىسا.

سەن مۇھەببەتتىن يىراقسەن قانچە ئەپىغان ئەيلىسەڭ،
ھىممىتىڭدە ئەل - ۋەتەن ئىشقى دېگەن شەرت بولمىسا.

## ۋەتەنگە مەدھىيە

جان ۋەتەن، جانىم ۋەتەن بەردىڭ ماڭا پارلاق ھايات،
جۇش ئۇرار تاشقىن بولۇپ قەلبىمدە ئوتلۇق ھېسسىيات.

ئانىلىق مېھرىڭ بىلەن قوشتۇڭ ئۇلۇغ سەپكە مېنى،
قىلغىلى پەرۋاز بۇگۈن بەردىڭ يەنە سۇنماس قانات.

تۆتتە قۇدرەتلىك قىلىپ قۇرماققا قىلدۇق چوڭ يۈرۈش،
كەلگۈسى پارلاق شۇڭا قۇچتۇق زەپەر - شان قاتمۇقات.

سەن ئۈچۈن پەرۋانىمەن، جىسمىم پولات قالغان ساڭا،
ئەھدىدىن يانماق ئۆلۈم، ئىنسان ئۈچۈن بەكمۇ ئۇيات.

ئەي ۋەتەن، قوغداش سېنى شانلىق ئۇلۇغ بۇرچۇم مېنىڭ،
سېنى كۈيلەش ھەمدە گۈللەش دىلدىكى ئارزۇ - مۇراد.

## دولان مەشرىپى

چالسا سازەندە راۋاب تەڭكەش ئاڭا قالۇن، غىجەك،
داپ بىلەن تەڭلا مۇقام ياڭرايدۇ كۆكنى يارغىدەك.



ئەمدى باشلانسا چىكىتمە بارچىمىزنى جەلپ قىلىپ،
چۈشىدۇ ھەممە ئۇسسۇلغا، ئاغرىق مېيىپلاردىن بۆلەك.

پەرلىشىپ بىر - بىرىگە، جۈپ-جۈپ بولۇپ سالسا سەنەم،②
كۆرۈنەر ماڭغان رىتى ئاسماندا ئۇچقان تۇرنىدەك.

بۇنداق قىز ياكى يىگىت چۈشسە ئۇسسۇلغا بىر ئۆزى،
دەس تۇرۇپ جۈپتى كېلەر، (بولغاي ئۇسسۇلغا قوشكېزەك).

«تۆت زىياندىاش» بىر زامانىدا كونىلىق دەپ چەكلىگەن،
ئېچىنىپ ئۆتتۇق ئۇ چاغ بىز، بولۇپ لەختە ھەر يۈرەك.

گۇم بولۇپ ئالۋاستىلار، كۆلدى ۋەتەنىنىڭ ئاسمىنى،
قايتىدىن كەلدى باھار - ياز، مىڭ باھارنىڭ تەپتىدەك،

«كۆي - ئۇسسۇل ماكانى» دەپ چىقتى دولاننىڭ شۆھرىتى.
تاپتى روناق سەنئىتى كومپارتىيەم بولغاچ يۆلەك.

مول ھوسۇلنىڭ تويلىرى، غەلىبە - زەپەرنىڭ كۈيلىرى،
ياڭرىسا مەپتۇن قىلىپ، شاد بەختىمىز بولغاي كۆرەك.

ماختىسا ماختاشقا لايىق بار ئېسىل زەپ خىسلىتى،
بىر كۆرۈپ كەت دوستلىرىم، بولسا پۇرسەت كەلگۈدەك.

قەھرىمان ئەجدادىمىز قالدۇردى بىزگە چوڭ مىراس،
مەڭگۈلۈك ۋارىس بولۇپ يۈكسەلدۈرۈش بىزنىڭ تىلەك.

①، ② دولان مەشرىپىدىكى ئۇسسۇل باسقۇچلىرىنىڭ ناملىرى.

## بىزارمەن مۇنداق سۆيگۈدىن

( بىر ياشنىڭ تىلىدىن )

يار كۈلۈپ باقتى ماڭا زەھمۇ چىرايلىق جىلۋىسى،
ۋاي تاڭەي يالغانمۇ ـ راستمۇ بىلمىدىم شۇ كۈلكىسى.

لېۋىدە كۈلكە، كۆزىدە شوخ تەبەسسۇم ئەكس ئېتەر،
كۈلكىسى گويا نىقابتۇر يوشۇرۇنغان هىيلىسى.

دىلىدا سۆيگۈ ئوتى يوق، باشقىغا مايىل ئۆزى،
كىشىنى ئالداشقۇ ئۇ ــ يارىم دېگەننىڭ مەنىسى.

سۆزلىرىم قاتتىقمۇ قانداق ئاڭلىغىن داۋامىنى،
سۆيگۈنىڭ شەرتى ئىمىش ئايلىق ئىش ھەققى سومىسى.

سۆيگۈنى مۇنداقچە ئاددىي چاغلىماق بىھۇدىلىك،
قەلبىدە ئوت بولمىسا، يايرىم دېگەنلىك نېمىسى؟!

تاتلىق ئەتمە ئاغزىڭنى مەن ئەمەس مىشچان يىگىت،
يار دېمەيمەن بولدى ئەمدى دەيمەن شۇڭا ساي تۈلكىسى.

ھەممە شاخقا تەڭ قونۇش كېپىنەكنىڭ ئادىتى،
كۆر ئەنە بۇلبۇلنى ـ گۈلنى سۆيگۈنىڭ چىن ئۈلگىسى.

چىن ساداقەتلىك ئېرۇر سۆيگۈ مۇھەببەت ئۆلچىمى،
چەتنىسە گەر ئۇشبۇ شەرتتىن نە كېرەكتۇر خۇلقىسى؟!



## بەتنىيەتنى ئادەم دېمە

بەزىلە يوغۇرەيدۇ يېنىك ئىشقىلا،
قاچىدۇ قەيەردە بولسا ئېغىر يۈك.
ۋەلېكىن سۆزمەن مەككارلىقىدىن،
ماھىردۇر تۇخۇمغا ئۇندۇرۇشكە تۈك.

بەتنىيەت كىشىنى ئادەم دېمىگىل،
ئۇنىڭدىن كېلىدۇ ھەر قاچان شۇملۇق.
ھەق ـ ئادالەتكە كۆز يۇمۇش كەسپى ــ
چۆلنى باغ دەيدۇ، گۈلزارنى قۇملۇق.

ئاغزىدا سۆزلىرى شۇنچە چىرايلىق،
دىلىدا قايناپدۇ دائىما ئوغا.
بۇنداقلار شۇ قەدەر رەزىلكى بىلسەڭ،
كەلسە پەيتى دوستىنى ئىتتىرەر گۆرگە.

كۈلكىگە ئۇستامدۇر ئالدامچىلىقتا،
خۇشامەت قىلىش، ھۇنىرى تۆھمەت،
بۇنداقچە كىشىنىڭ بازىرى كاسات،
كەتتى ئۇ دەۋرلەر كەلمەسكە ئەبەت.

قىلمىشى گوياكى يىرتقۇچتىن بەتەر،
ئادەمدۇر ئۇلارنىڭ تۇرقى سىياقى.
ئاقىسمۇ مۇبادا ئىشى بىر مەھەل،
يانجىيدۇ ئاقىۋەت تارىخنىڭ چاقى.

چىن دوستىنىڭ بۇرچىدۇر يارەەم قىلماق،
مەككارلار دوستىغا قويىدۇ قىلتاق.
چىن دوستنى ئايرىيدۇ ساداقەتلىكى—
سۆزى هەم هەرىكەتنى مىزانى قىلساق.

## گۈللە دولان دىيارى

(ناخشا تېكىستى)

تاڭ قۇياشى نۇرىغا،
تولدى دولان دىيارى.
ياشنىماقتا كۈنسېرى،
بولۇپ بەخت گۈلزارى.

ئەسلىتىدۇ هەسەلنى،
ئۈزۈم، نەشپۈت، ئانارى.
ياڭرىماقتا هەر ياندا
غىجەك، قالۇن، ساتارى.

مەشرەپلىرىڭ ئەنئەنە،
قىلغىن بۈگۈن تەنتەنە.
ئۆرلە پەرۋاز قىل يەنە،
گۈللە دولان دىيارى.

قايتۇرما:
گۈللە دولان دىيارى،
كەلدى دەۋرىم باهارى.



## رۇبائىي ۋە پارچىلار

«كۆزۈم ئۆتكۈر» دېگەن بەزەن كىشى ئالتۇننى مىس دەيدۇ،
غۇۋا كۆرگەن چۈشنى ئۇ گۇياكى غايە، هېس دەيدۇ.
كۈرەشتىن ئەسلا سۆز ئاچماس، مۇرەسسە قىلغىلى ئۇستا،
«ئېگىلگەن باشنى تىغ كەسمەس، شۇڭا بوينۇڭنى قىس» دەيدۇ.

× × ×

بولالماس هېچ مېۋە، باغۋەن كۆچەتنى قىلمىسا پەرۋىش،
كۆيۈنۈش ئىشلىمەي بولماس ئۈنۈملۈك ياخشى هېچبىر ئىش.
ئۆزۈڭ گويا كۆچەت بولساڭ، ئىلىم-پەندىن ئۇزۇقلانغىن،
قېنى كۆرگىن قۇرۇق شاختىن يېتىلگەن بارمىدۇ كىشمىش؟!

× × ×

قومۇش ئۆز بويىغا قىلغاچ تەمەننا،
ئاقىۋەت يانجىلىپ بولىدۇ بورا.
يار قىلماق بولساڭ گەر كەمتەرلىكنى سەن،
شاخلىرى ئېگىلگەن مېۋىنى دورا.

× × ×

دەردى يوق نە بىلسۇن دەردمەن هالىنى،
دەردنى دەردتارتقۇچى كىشىدىن سورا،
ئېسىڭدە ساقلىغىن مۇنداق ماقالنى:
«تۆتۆننىڭ ئاچچىقىنى بىلىدۇ مورا».

× × ×

بىر كېلىپ كېتىمىز جاھانغا، ئاخىر،
بۇ دېمەك: ئۆچكىنى ھاياتلىق شامى.
ۋە لېكىن ئۆچمەيدۇ ئىجادىي تۆھپە،
خەلقنىڭ قەلبىدە ياشايدۇ نامى.



## مەمتىمىن پازىل

(1939 — 1975)

مەمتىمىن پازىل 1939 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1958 - يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ پوسكان ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان. كېيىن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكىلىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ ئاپەتلىك يىللىرىدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، 1975 - يىلى 35 يېشىدا ۋاپات بولغان.

مەمتىمىن پازىلنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1955 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا باشلانغان بولۇپ، بىرمۇنچە شېئىرلىرى «جەنۇبىي تىيانشان گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى»، «تارىم» ژۇرنىلى قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ۋە «باھار چېچەكلىرى» قاتارلىق توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن.

بۇ توپلامغا شائىرنىڭ ئەينى يىللاردا ئېلان قىلىنغان ۋە قول يازما ھالىتىدە ساقلانغان بىر قىسىم شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

## مۇھەببەت

ئاھ، نېمانچە ئاغىدۇ كۆڭلۈم،
ھەر ئۇچراشسام ئاشۇ قىز بىلەن؟
ئەگىشىدۇ نىچۈن كۆزلىرىم،
پەرۋانىدەك تونۇش ئىز بىلەن؟

گەر يېنىمدىن ئۆتسە يول ئېلىپ،
ئوت ئالىدۇ تېنىم گۇپپىدە.
باقسا ماڭا خۇش خۇي تىكىلىپ،
قىزىرىدۇ يۈزۈم ھۇپپىدە.

كۆز ئالدىمدىن كەتكۈچە ئۇزاپ،
تويماي قاراپ قېتىپ قالىمەن.
بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئۇزاق،
چوڭقۇر ئويغا پېتىپ قالىمەن.

خاتىرەمدە جانلىنار تەكرار،
شۇ ئۇچرىشىش، ئۆچمەس ـ مەنزىرە.
تەلپۈنىدۇ قەلبىم ۋىسالغا،
شېرىن تۇيغۇ تولۇپ ئەۋجىگە.

قىينىلىمەن بىئارام بولۇپ،
ھېسلىرىمغا سالالماي يۈگەن.



يۈرىكىمدە كۆيىدۇ بىر ئوت،
شۇمىكىنە مۇھەببەت دېگەن!؟

1960 ـ يىل، مارت

## رەنجىش

خەتلىرىڭدە «ئۇنتۇمىغىن» دەپ،
يەنە ئوتقا سالدىڭ دىلىمنى.
خوشلىشىشتا نېمىشقا ئەجەب.
ئەستىلىكسىز قالدۇردۇڭ مېنى؟!

بىلسەڭ ئىدىڭ، گۈلۈم، مەن ئۈچۈن
«سۈرەت يېرىم دىدار» ئىكەنلىكى.
ئەسلەپ سېنى، كۆزۈم ئويقۇدىن،
كېچە ـ كۈندۈز بىدار ئىكەنلىكى.

1960 ـ يىل، سېنتەبىر

## جاۋاب

گۈل تۇتۇپ، كۆزۈمگە مەنىلىك بېقىپ
ئىشقىمنى سوراپ سەن قىينىما، جېنىم.
نە قىلاي، قالسىمۇ كۆڭلۈڭگە يېقىپ،
ئىككى يار سىغمايدۇ قەلبىمگە مېنىڭ.

ئىقرارمەن، كۆڭلۈڭنى قايتۇردۇم، بىراق
كەچۈرگىن، رەنجىمە مېنىڭدىن ئەسلا.
يارىم بار سىنالغان، ئىككىمىز قوشماق،
يۈرىكىم، ئىشقىمۇ شۇنىڭغا خاسلا.

1957 ـ يىل، نويابىر

## گۈل لىرىكىلىرى

### گۈل بولسا

گۈل بولسا، قىزىلگۈل بولسا،
بولمامدۇ ئۇ گۈللەر ئىچىلى.
خەستە دىللار قىنىپ پۇرىسا،
ساقايمامدۇ يۈرەك كېسىلى.

### گۈلنى كۆرسەم

گۈلنى كۆرسەم گۈلسۈپەت ھۆسنۈڭ
كۆلۈپ باقار، تەكرارلاپ ئىچىلىپ.
قەلپ ئالبۇمىمدا بىر گۈلدۈر،
پارلاپ تۇرغان سىنىڭ سۈرىتىڭ.

### چۈشەنگەنسەن

گۈلخۇمارى دەيسەن چىقىشىپ،
ھە، ئەزەلدىن مەن گۈلگە شەيدا،
گۈلنى كۆرسەم، گۈلدەك ئېچىلىپ
كۆز ئالدىمدا بولىسەن پەيدا.


ھەر پۇرىسام گۈپپىدە خۇشبۇي
تونۇش ھىدىڭ كىرەر دىماغقا.
سەن يېنىمدا نەپەس ئالغاندەك،
ئۇتلىرىق تۈيغۇ ئالار قۇچاققا.



گۆكرىكىمگە تاقىسام گۈلنى،
شادلىنىمەن ئالەمچە شۇئان.
چۈنكى شۇ چاغ ئەۋرىشىم جىسمىڭ،
بولار قەلبىم تۆرىدە مېھمان.

گۈلگە شەيدا قىلغان ئەسلىدە،
سىنىڭ ئىزگۈ سۆيگۈڭ ئەمەسمۇ!
مەن سۆيگۈڭگە بولغاچ پەرۋانە،
ئۆمۈر بويى كۆيدۈم ئەمەسمۇ!

1960 ـ يىل، ئىيۇل



# تۇردى ئەزىزى

(1988 — 1940)

تۇردى ئەزىزى 1940 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ سۈيـ
دۈڭ ناھىيىسى بازار ئىچى بەشكىرەم مەھەللىسىدە دۇنياغا
كەلگەن. ئۇ، ئۆز ناھىيىسىدە باشلانغۇچ ھەم تولۇقسىز
ئوتتۇرا مەكتەپلەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوقۇغان. 1956 -
يىلى 9 - ئايدا سابىق شىنجاڭ شۆيۈەنىگە كىلىپ ئوقۇپ،
1959 - يىلى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئۆز ناھىيىسىگە قايتىپ
كەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى 1988 - يىلى تۇيۇقسىز
ۋاپات بولغانغا قەدەر بۇ ناھىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى
ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇ
توپتوغرا 30 يىلغا يىقىن ھاياتىنى ئۆز يۇرتىنىڭ مائارىپ
ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، ئۆز ئەۋلادلىرىغا بىلىم ۋە ئەخـ
لاقىي پەزىلەت سىڭدۈرۈشكە بېغىشلىغان.

تۇردى ئەزىزى ئوقۇتقۇچى بولغان مەزگىلىدە ئەدەبـ
ياتقا قىزىقىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. بۇنى ئۆمرىنىڭ
ئاخىرىغىچە ئۈزۈپ قويماي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. يازغانـ
لىرىنى قايتا - قايتا پىششىقلاپ ئىشلەپ ماڭغان، ئالدىراپ
ئېلان قىلىشقا ئۇرۇنمىغان. ئۇ، بىر خاتىرە دەپتەرگە ئۆز
قەلىمىدە «ئىجادىيەت تىزىملىرى» دىگەن نام بىلەن «مىنىڭ
تۇغقانلىرىم»، «ئىسسىت ئانا»، «ئارقا مەھەللىدىكى ئىشلار»،
«سەمەتنىڭ قوغۇنى»، «ھوقۇقدارنىڭ يىغىسى» قاتارلىق 13 پار-

چە ھېكايە، «مېنىڭ سەزگۈرەشتىلىرىم» سەرلەۋھىلىك بىر پوۋېست، «دىلمۇرات» سەرلەۋھىلىك بىر ئوچېرىك، «ئىككى ياشلىق ئۇسسۇلچى» ناملىق بىر نەسىر، «گۈلگىنە»، «جاڭ خابىڭ» سەرلەۋھىلىك ئىككى داستان ۋە بىرقانچە شېئىرلارنى يازغانلىقىنى تىزىملاپ قويغانىكەن. بىز 1989 - يىلى 10 - ئايدا مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ، ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلىرىنى سۈرۈشتە قىلغىنىمىزدا، يۇقىرىقى ئەسەرلىرىنىڭ تامامەن يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلدۇق. ئەسەرلەر يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، مەرھۇم قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ تىزىملىكتىن ئۇنىڭ ئەدەبىياتنىڭ شېئىر شەكلىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا ھەر خىل شەكىللەردە خىلمۇ خىل رەڭدار ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى، ئىجادىيەت يولىدا ئىزدىنىپ، ئۆزىگە ئۆزى تۈرتكە بولۇپ، شېئىر بىلەنمۇ، ھېكايە بىلەنمۇ تەڭ شۇغۇللانغانلىقىنى، ئىجادىيەت ئىشقىدا يېنىپ، شېئىر يېزىشتىن داستان، ھېكايە يېزىشتىن پوۋېست يېزىشقا ھالقىپ ئۆتكەنلىكىنى بايقىۋالالايمىز.

بىز دەسلەپكى قەدەمدە مەرھۇم تۇردى ئەزىزنىڭ ئۆز قولى بىلەن باشقا دەپتەرلىرىگە يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن شېئىرلىرىدىن بىر قىسمىلىرىنى تاللاپ، كىتابخانلارنىڭ كۆرۈشىگە سۇندۇق.

## ھەۋەسىم

نۇرغۇن يىللار يېزىپتىمەن ئىلھاملىرىمنى،
يېزىپ تاشلاپ يوقۇپتىمەن ئىنتىلمىلىرىمنى.
ئەمدى پۇشايمان ئەيلىدىم، ئالار قاچا يوق،
يوردىكىمنى مۇجمۇالغان پىغانلىرىمنى.

ئىلھامىمنىڭ شامىلى چىقىپ ھەر كۈنى،
قويمىدى جىم تۇرارغا ئىمكانلىرىمنى.
بۈگۈن يەنە خاتىرەمگە قەلەمنى باستىم،
يازاي ئەلگە ھەدىيە قىلغانلىرىمنى.

يېزىشىم ئانچە ئەمەس پۇتمەس ۋاقتى تەس،
تەرىپلەشكە ئاجىزمەن ئىنسانلىرىمنى.
دوستلىرىمدىن كۈتىمەن كەمتەر قاراشنى،
«ھەۋەسى» كەن دەپ قارىسۇن تىمزغانلىرىمنى.

1977 - يىل يانۋار، قورغاس

## مەكتەپ

كۆلۈپ خۇش يايرىدى كۆڭلۈم،
سىنىڭدە باشقىچە مەكتەپ.
ماڭا بەرگەچكە شەربەتنى
لېۋىمدىن تاشقىچە مەكتەپ.



تۈتاش بولغاچ ساڭا مېھرىم،
داۋام چۆرەڭدە ئەگىيمەن.
بوۋاق ھالىمدا ئەسلەيتتىم،
تىمىسلاپ ماڭغىچە مەكتەپ.

ئۆزۈڭ بولغاچ بىلىم كانى،
تونۇيدۇ جۈملە ئىنسانى.
يازارمەن سەن ئۈچۈن مەكتۇپ،
شامدىن تاڭغىچە مەكتەپ.

كۆچ توپلاپ يۈرەكلەرگە،
يېتەر ئالىي تىلەكلەرگە،
ۋەتەننىڭ ئۈمىدى ئۆزۈڭ،
ئارزۇلار قانغىچە مەكتەپ.

تۈمەن تۇلپار قىلىپ بەيگى،
چاپار مارسقا غەيرەتتە،
سېنىڭ بەرگەن كالامىڭدىن،
تومۇرلار تالغىچە مەكتەپ.

جىمى تاغلار يېپىشقاندەك،
تەگرىدەك ئېگىز تاغقا،
ساڭا مەھكەپ ئېسىلماقتا
گۆدەكتىن چالغىچە مەكتەپ.

ئۆزۈڭدىن كۈچ تېپىپ قەلبىم،
ساڭا باغۋەن بولۇپ قالدىم.

ئۆتەرمەن ھەممىگە سالىم ئېيتىپ،
تىنىقتىن قالغىچە مەكتەپ.

## باغۋەن بىلەن

مېۋىزار بەرپا بولۇر باغۋەن بىلەن،
تامچە سۇ دەريا بولۇر باغۋەن بىلەن.
ئىنژېنېر، ئالىم، مېخانىكنىڭ تەر تۆكۈپ،
چۆل - جەزىر سەينا بولۇر باغۋەن بىلەن.

سايرىسا بۇلبۇل تۈمەن خەندان بىلەن،
سۆيۈندى، دېمىگىن ئۇنى دەۋران بىلەن.
ئىلىم - پەن ئالغان كىشى شادلىق قۇچار،
ئۆزگە سايۋەن ئۇلۇغ باغۋەن بىلەن.

## ياسانچۇققا

ئەجەب بەلەن كۆرۈندىڭىز، دەپ قويسام،
چىقىرىسىز نەچچە قىلىق بىلەكچە.
باھالاشتا ئىچى كاۋاك دەپ قويسام،
تۈگىلىسىز تىكەن يايغان كىرپىچە.

سىزگۇ مەيلى، پۇشمان قىلار قىز ئەمەس،
قېتىپ قالغان ئۆزگىرىشمۇ تېز ئەمەس.
كۆندە بەش رەت ياسانسىڭىز ياسىنىڭ،
سىرتى گۈلگە ئىچى كۆيەر بىز ئەمەس.

تاش پەردازدىن ئىچ پەردازنى ياخشىلاڭ،
موزاي چاپان موزاي قىلىپ قويمىسۇن.



ئەجىر قىلىپ شان - شەرەپتىن گۈل تاقاڭ،
ھە شۇ چاغدا يىگىت قاراپ تويمىسۇن.

## شىپا تاپ ئىنىم①

ئەسسالام دىلمۇرات مەكتۇپىم بىلەن،
سالامنى بىز يازدۇق مەھبۇبىم بىلەن.
سېغىنىش يالقۇنى چىققى ئەۋجىگە،
يىغامنى باسىمەن ھەلقۇمىم بىلەن.
نېمە بولدۇڭ دىلمۇرات ئېيتقىنا ماڭا،
قانداق دەرد قول سالدى تۇيۇقسىز ساڭا؟!

قورغاسىنىڭ ئوغلانى، بىر گۈلى ئىدىڭ،
ياشلارنىڭ داڭدارى، بۇلبۇلى ئىدىڭ.
تاماشا سەھنىسى بەيگە راسلىسا،
سەھنىنىڭ ئەڭ چاپقۇر دۇلدۇلى ئىدىڭ.
نېمە بولدۇڭ دىلمۇرات ئېيتقىنا ماڭا،
قانداق دەرد ياماشتى ئورۇنسىز ساڭا؟!

تىجارەت بابىدىن سۆزلىمەي قوياي،
ئىنابەت يېقىدىن سۆزۈم باشلىدىم.
شۇ خۇش خۇي قامىتىڭ ئالدىمغا كېلىپ،
ھەرمىنۇت سېغىنىپ كۆزۈم ياشلىدىم.
نېمە بولدۇڭ دىلمۇرات ئېيتقىنا ماڭا،
قايسى دەرد چاڭ سالدى تۇيۇقسىز ساڭا؟!

① ئاپتورنىڭ ئىنىسى دىلمۇرات 1985 - يىلى تۇيۇقسىز ئاغرىپ، ئۈرۈمچىگە داۋالىنىشقا بارغان. بۇ شېئىر شۇ چاغدا ئىنىسىدىن ھال سوراش يۈزىسىدىن يېزىلغان مەكتۇپ. ئىنىسى 1986 - يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، 29 يېشىدا ۋاپات بولغان.

چوڭلارغا ھۆرمەتلىك، دوستقا ئىززەتلىك،
ئۆزگىچە ئارتۇقتى ئېسىل خىسلەتلىك.
توي – مەشرەپ، سورۇندا كۆرۈنمىگەچكە،
تولىمۇ بىلىندى قەدىر – قىممىتىڭ.
نېم بولدۇڭ دىلمۇرات ئېيتقىنا ماڭا،
قايسى دەرد قول سالدى ئورۇنسىز ساڭا؟!

نەزىمگە جان قوشۇپ چاقماق قىلاتتىڭ،
بەزمىگە ئوت ئۇلاپ چاقچاق قىلاتتىڭ.
ھەسەتخور، يالغانچى، قۇيرۇقچىلارنى،
گەپ بىلەن لەت قىلىپ ئەخمەق قىلاتتىڭ.
نېم بولدۇڭ دىلمۇرات ئېيتقىنا ماڭا،
قانداق دەرد قول سالدى ۋاقىتسىز ساڭا؟!

نەۋقىران باھارىڭ ئۆتتۇۋاتىدۇ،
يەنىلا كۈن چىقىپ پېتىۋاتىدۇ.
كۈن چىقىپ، پاتسىلا ھېساب ئەمەسكەن،
سەن ئۈچۈن مىڭلاپ باش قېتىۋاتىدۇ.
نېم بولدۇڭ دىلمۇرات ئېيتقىنا ماڭا،
قانداق دەرد قول سالدى ئورۇنسىز ساڭا؟!

گەرچە سەن مېنىڭدىن كىچىك بولساڭمۇ،
ئىدىرىكىڭ بىر ئۇستاز بولۇشقا مەنسۇپ.
سېغىنىش يالقۇنى قەلبىمنى ئۆرتەپ،
قىستىدى سەن ئۈچۈن يېزىشقا مەكتۇپ.
قانداقسەن، دىلمۇرات ئېيتقىنا ماڭا،
بۇ خېتىم يەتكۈزسۇن قەلبىمنى ساڭا!



تۇرۇپ گەت ئورنىڭدىن غەيرەتلىك ئىنىسم،
تۇرقىڭنى كۆرەلمەي قىسىلدى جېنىم.
سورىغىن دوختۇردىن نە داۋا ساڭا،
لازىمكەن، بېرەي مەن ئاققۇزۇپ قېنىم.
نېم بولدۇڭ دىلمۇرات غەيرەتلىك بالا،
ياتامسەن پۈتتۈرمەي ئىشلىرىڭ چالا!

## ئەزىز ئانا

بىر كۈن غەمگە پېتىپ قالدىڭ،
تويدىن قايتىپ يېتىپ قالدىڭ.
ئەجەب بولدى كېتىپ قالدىڭ،
بىلمەي قالدىم ئەزىز ئانا.

ئۆزۈڭ كېتىپ سۆزۈڭ قالدى،
مېنى غەملەر ئوراپ ئالدى.
يۈرىكىمگە ئوتلار سالدى،
يىغلاي ساڭا ئەزىز ئانا.

ئەستىن كەتمەس ئىسمىڭ پاتەم،
ساڭا ئەمدى تۇتاي ماتەم.
چۈنكى يەتمەس ساڭا ھاتەم،
قەدىردانىم ئەزىز ئانا.

قاناتلىققا قاقتۇرمىغان،
تۇمشۇقلۇققا چوقتۇرمىغان،
بىر تېمىم ياش ئاقتۇرمىغان،
ۋاپادارىم ئەزىز ئانا.

سەن بار چېغىڭ شاھزادىدىم،
كۆڭۈل ئەركىن يايرار ئىدىم.
سەن بار ئۈچۈن ھەر يان ئىدىم،
مەدەتكارىم ئەزىز ئانا.

ئەمدى ئوغلۇڭ يېتىم قالدى،
قايغۇ - ھەسرەت پېتىپ قالدى.
يۈرىكىمۇ زەرداپ بولدى،
سەن بولمىغاچ ئەزىز ئانا.

مەن سېنىڭدىن ئايرىلغاچقا،
قاناتلىرىم قايرىلغاچقا،
ئوخشاپ قالدىم ئەگرى شاخقا،
ماڭا سۆلەت ئەزىز ئانا.

ئانا دېسەم قايار باشىم،
ئەمدى سېنى تاپار قايدىن،
زەھەر بولدى يېگەن ئاشىم،
ئىشتىھارىم ئەزىز ئانا.

ئانا دېسەم پۈتمەس دەردىم،
زەخمەك ئۇرار يۈرەك تارىم.
ئۆزۈك ئىدىڭ يوقى - بارىم،
مەن نە قىلاي ئەزىز ئانا.

مەيلى ئىشلەي، مەيلى يۈرەي،
مەيلى يۇرتتىن يىراق كېتەي.



راھەت كۆرەي، زەخمەت چېكەي،
يادىمدا سەن ئەزىز ئانا.

## شۇندىن بۇيان..

كەلدى بۈگۈن بىر خەۋەر،
يېقىن ئەمەس يىراقتىن.
ئۆرتىنىپتۇ دىلبىرىم،
يانغان ئىشق - پىراقتىن.

«كېلىپ كەتسۇن» دېگىنى،
جاراڭلىدى قۇلاقتا،
باسار ئىدىم باغرىمغا،
بىراق ئۆزى يىراقتا.

شۇندىن بۇيان ئوت بېسىپ،
سوغ سۇ ئىچتىم بۇلاقتىن.
باسالمىدى سۇ دېگەن،
ئوت ئۆرلىگەچ يۈرەكتىن.

مەن شىپالىق تىلەيمەن،
دىلبىرىمدىن ئوماقتىن،
ئۆزى كەلسۇن ئۇياقتىن،
بارالمىدىم بۇياقتىن.

## سايرا گېتارىم

سايرا، شادلان گېتارىم،
دىلىمدا كۆپ ئەيتارىم.

ھەمراھ ئۆزۈك كۈيۈمگە،
ياڭراتقىن يۈرەك تارىم.

سايرا شوخ ـ شوخ گېتارىم،
ساڭا مەپتۇن بۇ ھالىم.
سەن سايرىساڭ يەلپۈنەر،
كۆڭۈلدىكى گۈلزارىم.

سايرا ـ سايرا گېتارىم،
ساڭا ھەمراھ دوستلارىم.
تۈگىمەيدۇ كۈيلىسەم،
دىلىمدىكى جىرلارىم.

## كۈلۈپ كەتتى گۈزەل قورغاس

كۈلۈپ كەتتى گۈزەل قورغاس،
زامانەمدىن ھۇزۇر ئەيلەپ.
تۇتۇپ پارتىيىگە گۈل دەستە،
كۆڭۈل باغچىسىدىن مەيلەپ.

مانا خەلقىم، مانا يۇرتۇم،
ياساندى باشقىچە باغلار.
يېشىل سېپىلگە ئايلاندى
قۇم باسقان قاقاس تاغلار.

باغ ـ تاغلاردا باشلاندى،
سەيلە، توي، زىيارەتلەر،



شەھەر كىردى يېڭى تۈسكە،
كۆتۈردى قەد ئىمارەتلەر.

ئۆيلەردە پولۇ، مانتا،
بازار ـ رەستىدە ياغ سامسا.
گەلەنتىردە تۈمەن ماللار،
قىزىپ كەتتى تىجارەتلەر.

يايلاقلاردا مول چارۋا،
قېتىق، سارماي، قىمىز، ھالۋا،
شىرنىلەر ئۈزۈم سايۋا،
تولۇپ كەتتى ھىدايەتلەر.

كۈلۈپ ئېيتماقتا دېھقانلار،
ئۇ شۇل ھالەتكە ھەشقاللا.
بېيىپ قالدى تىرىشقانلار،
يېڭىپ چىقتى چېلىشقانلار.

كۈلۈپ كەتتى گۈزەل قورغاس،
زامانەمدىن ھۇزۇر ئەيلەپ.
تۇتۇپ پارتىيىگە گۈل دەستە.
كۆڭۈل باغچىسىدىن مەيلەپ.

## باھار كەلدى

يەر زېمىننى كۈلدۈرۈپ،
بىباھا باھار كەلدى.

گۆل ـ چېچەككە پۈركىنىپ،
خۇش ناۋا باھار كەلدى.

نۇر چېچىپ ئېگىز ـ پەسكە،
كۆچ ـ قۇۋۋەت بېرىپ تەنگە.
تەقەززار بوپ كۈتكەنگە،
ساپ ھاۋا باھار كەلدى.

ۋەتەنگە ئىشقى بارلارنىڭ،
ئوت بولۇپ يانارلارنىڭ.
غەمگۇزار بولغانلارنىڭ،
كۆڭلىنى ئالار كەلدى!

## يول بېرەي

قۇرام يەتتى مەنزىلگە،
مەنزىلىبېرى قارايمەن.
«ئويلىشاي مەن» دەيسىنا،
قاچان ساڭا يارايمەن؟

مەن ئۆزۈمگە بىر يىگىت،
خىلىم بولسا قارايمەن.
كۆڭلۈم تارتتى سىڭىللا،
تۈڭلۈكىڭدىن مارايمەن.

يۈرەكتىكى سۆزۈمنى،
باشتا ئېيتقان ئۆزۈڭگە.



بۈگۈن ئەجەب تارتىشتىڭ،
تۇرالماستىن سۆزۈڭگە.

سۆزۈم سۆزغۇ مېنىڭكى،
ئەكەل قولۇڭ قول بېرەي.
ئۇي قالمىسۇن ئەتىگە،
يەنە ساڭا يول بېرەي.

## پىراقىم

ساڭا سالام خەت يازايمۇ،
ياكى يىغلاپ دەرد يازايمۇ،
كېچە ـ كۈندۈز پىراقىڭدا،
جېنىم باغرىم، دەپ يازايمۇ؟!

كۆزدىن ئۇچتۇڭ گۈزەل يارىم،
پىراقىڭدا خاراب ھالىم.
مېنىڭكى سەن يۇقۇ بارىم،
تىل تۇمارىم دەپ يازايمۇ؟!

پىراقىڭدا پىراق ئاشتى،
يۈرەكلەردىن مادار قاچتى.
ھاياتىمۇ ئاياغلاشتى،
بىل خۇمارىم، دەپ يازايمۇ؟!

## يېڭى يىل چېچەكلىرىگە

تىزىلغان جوزا رەت ـ رەتتە،
بېزەلسە توغرا ئەلۋەتتە.

سۇنۇقلار پىيالە ئۇستازغا،
تويۇنسۇن كۆڭلى شەربەتتە.

ئېلىڭلار قەنت - ناۋاتلاردىن،
چېلىڭلار ساز - راۋابلاردىن،
ئويۇن، كۈلكە، چاۋاكلاردىن،
خۇشاللىق كۆيلەر كەلمەكتە.

يىل ھامان چېچەكلەيدۇ،
غەلىبىگە يېتەكلەيدۇ،
خۇش كۈي ياڭرىسۇن تىنماي،
مۇشۇنداق ياخشى مەكتەپتە.

## ئوغلۇمغا

ئۆگەن ئوغلۇم داداڭغا ئوخشاش،
ئېشەك بولما نادانغا ئوخشاش،
ئايانماي بەر ھوسۇلىڭنى،
ئانار، ئەنجۈر، بادامغا ئوخشاش.




## ئىسھاق ياقۇپى

(1974 — 1942)

ئىسھاق ياقۇپى كىچىكىدىنلا ئەدەبىياتقا ھېرىسمەن ئىدى. ئۇ باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا تىل ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىنچىكە ياردەم بېرىشى، كۆيۈنۈپ يېتەكلىشى بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ شېئىر يېزىشقا كىرىشتى، كېيىن بىر قىسىم ھېكايىلەرنىمۇ يازدى.

ئىسھاق ياقۇپى 1942 - يىل 12 - سېنتەبىر كۈنى غۇلجا شەھىرىنىڭ سۇدەرۋازا مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلدى. غۇلجا شەھىرىدىكى ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇدى، 1956 - يىلى غۇلجا تىببىي مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. بۇ مەكتەپ ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈلگەندە ئىسھاق ياقۇپى مەكتەپ بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئىككى يىل ئوقۇپ، مەكتەپنى پۈتتۈردى. ئۇ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خوتەن شەھىرىگە ئوقۇشقا تەقسىم قىلىنىپ تىببىي خادىم بولۇپ ئىشلىدى. خىزمەت داۋامىدا يېزىقچىلىقنى تاشلاپ قويمىدى، كېچىلىرى ئوي - خىيالىنى ئۆزى خالىغان تېمىلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يېزىقچىلىقىنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇردى.

ئىسھاق ياقۇپى 1962 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا خوتەندىن



غۇلجىغا ئاتا-ئانىسىنى كۆرگىلى كەلدى. شۇ مەزگىلدە، ئىسھاقنىڭ ئاتا-ئانىسى غۇلجا شەھىرىنىڭ تاشكۆۋرۈك يېزىسىغا چۈشۈرۈلگەنىدى. ئىسھاقنىڭ ئاتىسى دېھقانچىلىق ئىشى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنالماي، تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قالغانىدى. ئائىلىدىكى غۇربەتچىلىك ئىسھاقنى خىزمەت ئورنىدىن ئايرىپ قويدى. ئۇ خوتەنگە قايتىپ بارماي، دېھقان بولۇپ ئېتىزدا ئىشلەپ، ئائىلىسىگە يار-يۆلەك بولدى. ئىسھاق كېيىن كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، 1974-يىلى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى 32 يېشىدا غۇلجىدا ۋاپات بولدى.

ياش شائىرنىڭ دوستلىرى ۋە ھەمسۆھبەتلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىجادىيى پائالىيىتى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چېغىدىلا باشلانغانلىقى مەلۇم. بىراق يازغان شېئىرلىرىنى مەشق قاتارىغا كىرگۈزۈپ، گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىشقا ئۇرۇنمىغان. يېقىندا شائىرنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ قويغان ئىككى خاتىرىسى تېپىلدى، بىرىگە 40 پارچىگە يېقىن شېئىر كۆچۈرۈلگەن. شائىر بۇ شېئىرلىرى توغرىسىدا «بۇ شېئىرلىرىم خېلى بۇرۇن يېزىلغان، ئېسىمدە قالغانلىرىنى قايتا رەتلەپ بۇ خاتىرىگە كۆچۈرۈپ قويدۇم، شۇڭا بۇ شېئىرلىرىمنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ قالدى» دەپ ئىزاھ بەرگەن. دانا بۇ ئۇنىڭ شېئىر يېزىشقا خېلى بۇرۇن كىرىشكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ ئىككىنچى خاتىرىگە مەرھۇمنىڭ «مەن مۇنداق ئۆيلەنگەن» دېگەن ھېكايىسى كۆچۈرۈلگەن. بۇ ھېكايە ھەجمى ۋە قاتناشقان پېرسوناژلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئېيتقاندا ھېكايىدىن ھالقىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ ئىككى خاتىرىدىن مەلۇمكى، مەرھۇم پېشقەدەملىرىمىزدىن ئۆگىنىپ، قەلەمنى ئاۋۋال شېئىر ئىزىغا سېلىپ، ئاندىن ھېكايىچىلىققا ئۆتكەن. بىز بۇ توپلامغا شائىرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى تاللاپ كىرگۈزدۇق.

## سېغىندىم

ئاتا - ئانام مېھرىبانىم سېغىندىم،
قان قېرىنداش تۇغقانلىرىم سېغىندىم،
بىللە ئۆسكەن دوستلىرىمنى سېغىندىم،
دىل شادلىقىم غۇلجا سېنى سېغىندىم.

گۈزەل شەھىرىم كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن،
ئاۋات غۇلجام گۈلۈم سەندە ئېچىلغان.
سېنى ئەسلەپ يۈرەك - باغرىم قىسىلغان،
باغرى بوستان ئانا يۇرتۇم سېغىندىم.

ئەقىل تېپىپ ئۆسكەن ئىدىم سېنىڭدە،
ئىلى دەريا سېنىڭ سالقىن بويۇڭدا،
ئۆلەڭ ئېيتىپ ئوينىغان مەن تويۇڭدا،
ناخشا ئېيتقان كۈيلىرىمنى سېغىندىم.

تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئوينىغان،
چىمەنزارلىق ئېتىزلارنى بويلىغان.
قانچە ئالسام ساپ ھاۋارىڭ تويمىغان،
بالىلىقىم سەندە قالغاچ سېغىندىم.

ناخشا ئېيتىپ كوچىلاردا ياڭرىتىپ،
سازلىرىڭنى بۇلبۇل ئوخشاش سايرىتىپ.

قىزلىرىڭنى ئىشكىلەردىن مارىتىپ،
خۇشال ئۆتكەن كۈنلىرىمنى سېغىندىم.

دەپتىرىمنى قولتۇقىمغا قىسقان چاغ،
تاڭ بىلەن تەڭ مەكتىپىمگە ماڭغان چاغ.
خۇشاللىقتا يۈرەكلىرىم تولغان چاغ،
غۇلجام سېنىڭ سىنتەبرىڭ سېغىندىم.

نامىڭ بىلەن پەخىرلىنىپ يىراقتا،
ئەركە چېغىم قالغان دەريا - قىرغاقتا.
سېنى ئەسلەپ ياد ئېتىمەن يىراقتا،
ئىلھامىمنىڭ بۇلىقى سەن، سېغىندىم.

قىزىلقاچا ئالمىلىرىڭ بەك ئېسىل،
دۇنيادىمۇ شۇ ئالماڭدىن بار نەسىل.
يېشىللىقنى ئۆزگەرتەلمەس قىش پەسىل،
باھاردەكلا گۈزەل يۇرتۇم سېغىندىم.

سېنى ئەسلەپ سۆزلىشىمىز يىغىلىشىپ،
ماختىشىمىز مۇھەببىتىڭ بېرىلىپ،
سېنى يەنە كۆرۈش نېسىپ بولار دەپ.
شېئىرلەردە ناخشا ئېيتىپ سېغىندىم.

1960 - يىل، خوتەن

## ۋەتەن ئانا

مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتەننى،
ئانا دەيمەن شۇنچە ئۇلۇغلاپ.



ئانام باقسا مېنى ئەزىزلەپ،
غۇرۇر بەردى ۋەتەن تولۇقلاپ.

ۋەتەن ماڭا ئانامغا ئوخشاش،
گۈزەل - كۆركەم، ئامراق كۆرۈنەر.
«ۋەتەن ئوغلى» دېگەن چېغىمدا،
دىل شادلىنىپ، يۈرەك سۆيۈنەر.

مېنىڭ ۋەتىنىم — ئانام بۇ ماكان،
مەن ئازلىغان باتۇر بالىسى.
دەۋرىمىزدە تۇرمۇش پاراۋان،
سۆيۈملۈك ئەل بەخت ئاتىسى.

1962 - يىل، غۇلجا

## شادلىق

ئىگە، دېدى باستى شادلىق دىلىمنى،
تاشتى ئۇرغۇپ ئانىسىغا مۇھەببەت.
ئىگە، دېگەن شۇ بوۋاقتا ئاتا مەن،
رەھمەت سېنىڭ مېھنىتىڭگە تەبىئەت.

ئەركىلەتسەم سۆيۈپ بالام لېۋىگە،
شەبنەم قونغان گۈلگە ئوخشاش كۆرۈنەر.
ئەجەب بەخت ھېس قىلىمەن كۆڭلۈمدە،
ئۆيگە كىرسەم ماڭا قاراپ تەلپۈنەر.

بالام گۈزەل، بالىدىنمۇ ئانىسى—
لايىق مېنىڭ ۋىجدانىمغا، سۆيگۈمگە.

هازىر بوۋاق بولسا يىللار قوينىدا،
ئۆسەر بالام سادىق بولۇپ خەلقىمگە.

— نېمە بولسۇن دەيسەن بۇنى ئانىسى،
قانات كېرىپ هاۋالاردا ئۇچسۇنمۇ؟
ئاپتوماتلىق جەڭچى بولۇپ چېگرىدا،
ئۆز ئېلىنى ياۋدىن ئامان تۇتسۇنمۇ؟

يەرلەر ئېچىپ، ئېرىق ئېلىپ باغ ياساپ،
خەلقى ئۈچۈن كۆپلەپ ئوزۇق بەرسۇنمۇ؟
تاغدا يۈرۈپ، باتۇر، يارام ئىشچى بوپ،
يېڭى مەدەن مەنبەسىنى تاپسۇنمۇ؟

— بىزمۇ خۇشال ئەلگە ياقسا ئوغلىمىز،
دېدى گۈلۈم كۈلۈپ ماڭا تىكىلدى.
زوقۇم كېلىپ كۆكرىكىمگە باستىم مەن،
كۈلدى يارىم، كۆزىدىن ئىشقى چېچىلدى.

1962 - يىل ئىيۇن، غۇلجا

## جاۋاب

كۆزلىرىمدىن مەنا ئۇقالماي،
تىكىلسەن يېنىش - يېنىشلاپ.
يۈرىكىمنىڭ سۆيگۈ - ئىشقىنى،
بېرەمتىم مەن ساڭا بېغىشلاپ.



گۈزەل قىزچاق رەنجىدىڭ بەلكىم،
كۈتكىنىڭنى تاپالماي مەندىن.
چۈنكى مەنمۇ چىن مۇھەببەتنى،
رەنجىمىگىن، سەزمىدىم سەندىن.

مۇھەببىتىم قەدرى بەك ئۇلۇغ،
ئىسسىقتۇر ئۇ يۈرەك قېنىمدىن.
سەن تىلەيسەن بىرلا سۆيۈشنى،
مېنىڭ سۆيگۈم قىممەت سېنىڭدىن.

1962 - يىل، قەشقەر

# ھېبىبۇللا روزى

(1987 — 1943)

ھېبىبۇللا روزى 1943 - يىلى خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئىگەچى يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1959 - يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، دەۋر رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان ھەر خىل تېمىدىكى شېئىر ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى يازغان. ئۇنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ھەمدە «غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر»، «ئارزۇ بوستانى»، «سۆيگۈ» قاتارلىقلار ئالماناقلارغا تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.

ئۇ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىسى بولغاندىن باشلاپ، سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى بىلەن قىزغىن شۇغۇللىنىپ، سەنئەت ئۆمىكى ئۈچۈن كۆپلىگەن ناخشا تېكىستلىرى ۋە كومېدىيىلىك قىسقا ئەسەرلەرنى يېزىپ بەرگەن، «مۆلچەر تاغ بورانلىرى» قاتارلىق دراممىلاردا قوشۇمچە رول ئېلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشقا مۇناسىپ تۆھپە قوشقان. ئۇ، 1987 - يىلى بەختكە قارشى ۋاپات بولدى. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. بۇ توپلامغا ئۇنىڭ 80 - يىللاردىن كېيىن ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.



## ئوغلۇمغا

جاھاندا كىم كۆيۈپ ئۆتمەس ۋاپادار دىلرا باسىغا،
پەزىلەت ئەھلىنىڭ شاھى، گۈزەللىك رەھنىماسىغا.
ھاياتى مەنىسىز ئۆتكەن گۈزەللەردىن بىزاردۇر ئەل،
كۆزىنى سالمىغاي ھېچكىم سىياقى - رەڭ، جۇلاسىغا.
شىجائەتلىك كىشى ئۆمرى شەرەپ - شان باغىدا ئۆتكەي،
بېغىشلار قان - تەرى زىننەت ۋەتەننىڭ تاغ - دالاسىغا.
ئاپار ھۆرمەت ئەگەر كىمكى ياراتسا ئەل ئۈچۈن تۆھپە،
يانار ئالقىش ئۇنىڭ يۈكسەك ئىجادىي - ئىختىراسىغا.
ئىجاد ئاتلىق شېرىنىنى ئىزدىسەڭ، پەن تاغىنى قازغىن،
ئىلىم - ھېكمەتنى يار تۇتقان يېتەر ئۆز مۇددىئاسىغا.
گۆھەر شۇنچە ئېسىل، ئەمما ئىلىم - پەن بىباھا ئاندىن،
جاھاندا ھېچنېمە يەتمەس ئۇنىڭ قەدرى، باھاسىغا.
بىلىم ئىشقىدا مەجنۇنلار مۇشەققەت دەشتىدىن قورقماس،
بېشىنى ئەگمىگەي دۈچ كەلسىمۇ توپان بالاسىغا.
جېنىدىن كەچمىگەن ئاشىق گۈزەل يار ۋەسلىگە يەتمەس،
ئۆزۈڭنى ئات ئىلىم - پەن تاغىنىڭ ماگما - لاۋاسىغا.
ئۈمىدۋار بول، ۋەتەن - ئەلنى مەڭگۈ رازى قىلار بولساڭ،
ھالال ئەجرىڭ بىلەن ھۇل تىز ھاياتىڭ چوڭ بىناسىغا.
كېلىپ گەر ئامىتىڭ ئوڭدىن ۋە يا بىر يۇرتقا باش بولساڭ،
چاكار بول، سال قۇلاق ئەلنىڭ ئۈمىد - ئارزۇ - ساداسىغا.
بولۇپ «تەييارغا ھەييار»، كىم خەلققە بەرمىسە گەر نەپ،
ھېبىبۇل دەر: ھامان ئۇ ئارتىلار ۋىجدان جازاسىغا.

## بۇلبۇلۇم

بۇلبۇلۇم قىلدىڭ ناۋا، كۆيلەپ ۋەتەن گۈلزارىنى،
چەكتى ئىلھام زەخمىكىڭ مىليون يۈرەكنىڭ تارىنى.

شۇم جۇدۇن پەسلى كېتىپ، كەلگەچ ۋىسال پەيتىڭ بۈگۈن،
دەۋرىمىز بوستانىدىن تاپتىڭ ئۆزۈڭنىڭ يارىنى.

ياڭرىدى ناخشاڭ شەھەر، يايلاق، يېزا، تاغلار ئارا،
قوزغىدىڭ سانسىز ئەدىب، شائىرلىرىڭ ئىلھامىنى.

بولسا كىم كۆي ئىشقىدا مەجنۇن ۋە يا روھى بىتاپ،
سەن گويا لوقمان بولۇپ، بەردىڭ شىپالىق دورىنى.

چاڭقىغان كارۋان ئىدىم، ئىچتىم گويا خۇش بۇي شاراب،
قاندى دىل تەشنالىقىم، سۇندۇڭ مۇھەببەت جامىنى.

سايرىدىڭ، ئەل قەلبىگە ناخشاڭ قۇيۇلدى قان بولۇپ،
جەڭگىۋار، شوخ كۆيلىرىڭ كەزدى پۈتۈن يەر شارىنى.

ئۆزگىچە زىننەت بېرىپ چىقتىڭ جاھان سەيناسىغا،
قوندۇرۇپ دوپپاڭغا بۇ يۇرتنىڭ گۈزەل رۇخسارىنى.

ئاڭلىدى ناخشاڭنى ئەل، ياغدى ۋەتەن، مىللەتكە شان،
بارچە ئىقلىمغا تونۇتتۇڭ، خەلقىمىزنىڭ نامىنى.



قىل قوبۇل، سەنئەت خۇمار ئەلنىڭ يۈرەك ئىزھارى دەپ،
ھېببۇل سۇندى ساڭا ئۇشبۇ غەزەل-ئەشئارىنى.

## گۈزەل ئاقسۇ

ئەزىز ئاقسۇ، گۈزەل ئاقسۇ سېنى مەن چىن سۆيۈپ كەلدىم،
مۇھەببەت، ئىشتىياقىڭدا گويا ئوتتەك كۆيۈپ كەلدىم.

ئىلىم-پەننىڭ چىراغىدىن يېقىپ قەلبىمگە ئۆچمەس نۇر،
ئۇزاتتى جانىجان مەكتەپ، ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ كەلدىم.

داۋان ئاتلاپ ۋەلىيانە كوچارىڭغا كېلىپ دەسلەپ،
دىلىمغا سىغمايىن شادلىق ئۇرۇپ قەھ-قەھ كۈلۈپ كەلدىم.

بۈيۈك كومراجىۋا، سۇجۇپ① تۇغۇلغان شۇ ئەزىز يۇرتنى،
باھار پەيزىگە چۆمدۈرگەن زاماندىن ئۆرگۈلۈپ كەلدىم.

ئۇسسۇل ئويناپ نازاكەتلىك پەرىلەر چىقتى ئالدىمغا،
«قەدىم ناخشا ئۇسسۇل كانى» دېدىم تەھسىن ئوقۇپ كەلدىم.

ئۆگەن دەرياسىنى بويلاپ بېرىپ قۇمتۇرغا-مىڭ ئۆيگە،
ئۇلۇغ ئەجدادلىرىم ئەسلەپ يېڭى كۆچكە تولۇپ كەلدىم.

كۆرۈپ پەرھاد-شىرىن ئىشقى بىلەن قازغان شۇ غارلارنى،
يېنىپ ئەل ئىشقىدا مەنمۇ گويا پەرھات بولۇپ كەلدىم.

① كومراجىۋا، سۇجۇپ — قەدىمكى كۇسەن (ھازىرقى كۇچا) دا ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى.

بېسىپ موللا مۇسا① ماڭغان قەدىمكى شۇ بۈيۈك يولنى،
گۈزەل بايغا كېلىپ بۇندا ھاياجانغا چۆمۈپ كەلدىم.

ئېلىم-كۆي نەزمىنىڭ داڭلىق پىرى — ئۇستازىغا شۇ چاغ —
قىلىپ تەزىم، ئاڭا ھۆرمەت شارابىنى تۇتۇپ كەلدىم.

يېشىل تاغلار، چىمەن باغلار پاياندار سالدى يولۇمغا،
گۈزەللىك ۋەسلىدە ئىلھام ئېتىمنى ئويىنىتىپ كەلدىم.

بولۇپ تەڭكەش راۋابىڭغا قۇرۇپتۇ بەزمە بۇلبۇللار،
راۋابىڭ تارىغا نەزمە قوشۇمنى قوندۇرۇپ كەلدىم.

شېھىتلەر نامىنى يادلاپ چىقىپ مەن قارىساقالتامغا،
تىيانشان ئوغلى ياتقان شۇ ئەزىز جايىنى كۆرۈپ كەلدىم.

مۇنىردىن ھەمدە ئا. روزى يېتىپتۇ ھەم بىلال بۇندا②،
ئېگىپ باش قەبرىسىگە رەڭمۇ رەڭ گۈللەر قويۇپ كەلدىم.

«يېتىڭلار تىنچ، سىلەر كۈتكەن قۇياشلىق ھۆر زامان كەلدى»،
دېدىم-دە، خۇرسىنىپ بىر پەس كۆزۈمدىن ياش تۆكۈپ كەلدىم.

ئېلىپ بۇ قايغۇدىن زور كۈچ، بېرىپ ئوتلۇق قەسەمدىلىدىن،
ياشاشقا مەنىلىك شۇنداق ئىرادە بىلدۈرۈپ كەلدىم.

---

① موللا مۇسا سايرامى — بايدا ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىر ھەم تارىخچى.

② مۇنىردىن، ئا. روزى، بىلال — ئوت يۈرەك شائىر مۇتەللىپنىڭ ئىنقىلابىي سەپ-داشلىرى بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئىنقىلابىي قۇربانلار.



چېلىشچان ئوت يۈرەك خەلقىڭ ماڭا كەڭرى قۇچاق ئاچتى،
يۈرەك قەلبىمگە مېھرىڭنى نەقىشتەك چېكىپ ئويۇپ كەلدىم.

بىلەر ھەممە «گۆرۈچ كانى» دېگەن نام ئىپتىخارىڭنى،
تەرىپلەشكە مۇناسىپ سۆز تاپالماي ئويلىنىپ كەلدىم.

كى يەتتە قىزلىرىم ياتقان مازاردىن مەن تاۋاپ ئەيلەپ،
چىقىپ مۆلجەر تاغ ئۈستىگە تۈنەپ بۇندا قونۇپ كەلدىم.

خۇشال يايراپ گۈزەل توققۇز بۇلاقىڭنى قىلىپ سەيلە،
ماڭا ھۆرمەت بىلەن تۇتقان قەدەھتىن مەي يۇتۇپ كەلدىم.

بولۇپ مەمۇرىچىلىق قويىنۇڭ، چۆمۈپتۇ ئەل ھالاۋەتكە،
قايان بارسام بۈگۈن سەندە باھار پەيزىن سۈرۈپ كەلدىم.

چاكارمەن سەن ئۈچۈن چۈنكى، ئەمەس مەن مېھمىنىڭ ھەرگىز،
ساڭا تۆكمەك ئۈچۈن ساپ تەر يېڭىمنى تۈرۈپ كەلدىم.

كۆرۈپ قوينۇڭدا ھەر سەپتە ئىجادچى، تۆھپىكارلارنى،
«تىرىش سەنمۇ، زەپەر قۇچ» دەپ ئۆزۈمنى چېكىپ نوقۇپ كەلدىم.

«پىداكار دولدۇلۇمسەن» دەپ چاقىرساڭ ھەر چېلىشلارغا،
ھېيىبۇل دەيدۇ، كۆكسۈمگە مانا مەن دەپ ئۇرۇپ كەلدىم.

## پەن ئۈچۈن

پەن خۇمارى ئامرىقىم جاندىن ئەزىزسەن مەن ئۈچۈن،
سۆزلىرىڭ بالدىن شېرىن چەكسىز ھۇزۇر جان-تەن ئۈچۈن.

مەن ئىشىمدا شان قۇچتۇم خەلقىمگە كەلتۈرسەم شەرەپ،
سەن سەرپ ئەتتىڭ پۈتۈن زېھنىڭ كۈچۈڭنى پەن ئۈچۈن.

مەرىپەت ئوكيانىدىن سۈزسەڭ گۆھەر غەۋۋاس بولۇپ،
مەن نېچۈن بېغىشلىماي ناخشامنى يارىم سەن ئۈچۈن.

## بىر گۈل ئەمەسمۇ

قېشىڭ قارا، چېچىڭ گويا سۇمبۇل ئەمەسمۇ؟
سەن بېغىمدا چېچەك ئاچقان بىر گۈل ئەمەسمۇ؟

سەن ئىشلىسەڭ ئېتىز ئارا ناخشا ياڭرىتىپ،
ئىشقىڭدا مەن شوخ سايرىغان بۇلبۇل ئەمەسمۇ؟

مۇھەببىتىم ئىزھار قىلسام ئالدىرىما دەيسەن،
بەيگىلەردە مەنمۇ سەندەك دۇلدۇل ئەمەسمۇ؟

## باھارىم

كەلدى نەۋ باھار كۈنلەر، ئېچىلدى قىپقىزىل گۈللەر،
گۈلىستان باغقا ئايلاندى گىياھ ئۈنمەس قاقاس چۆللەر.

يېشىل تونىنى كىيىپ تاغلار، ياساندى كەڭ ئېتىز، باغلار،
دىلىمدا زوقنى ئويغاتتى مېھنەتلەر قاينىغان چاغلار.

كۈيلەيمەن نەۋ باھارىمنى، سايراتتىم شوخ دۇتارىمنى،
پۈركەيمەن قىپقىزىل گۈلگە ۋەتەن ـ ئەلنى دىيارىمنى.



## گېئولوگ يىگىتكە

(قىز تىلىدىن)

قەلبى ئوت تېخنىك يىگىت تەقدىم مۇشۇ ئالمام ساڭا،
قىل قوبۇل ھەر ئىشتا ئۇ بەرگەي يېڭى ئىلھام ساڭا.

ئەسلىتەر ئوتلۇق يۈرەك قەلبىمنى بۇ ئالمام مېنىڭ،
ئەرزىگەيمۇ بىر ئۆمۈر قىلسام بۇنى ئىنئام ساڭا.

گۈل چېچىپ تاغ چوققىلارغا ئۆتسە ھەر باسقان ئىزىڭ
بوپ رىزا پۈتكۈل خەلق بىلدۈرەر ئېكرام ساڭا.

تاغ كېزىپ، بايلىق تېپىپ قايتساڭ ئەگەر غەلىبە بىلەن،
جۇش ئۇرۇپ مېھرىم گويا تاشقاي بولۇپ قاينام ساڭا.

مەن ئۈچۈن بولسا ئەقىدەڭ ئەل ئۈچۈن قۇچقىن شەرەپ،
بۇ جاپالىق ئىزدىنىش بولسۇن گويا بايرام ساڭا.

## ئىشچان بولۇپ ...

چىقسمەن ئېتىزغا تاڭنى ئويغىتىپ چولپان بولۇپ،
ئىش ـ چېلىشنىڭ ئىشقىدا قەلبىم يانار گۈلخان بولۇپ.

ئاتىغاي ئەمگەك گۈزەللىك كىم ئاڭا چىن بولسا يار،
يارىشىمەن كەڭ ئېتىزغا گۈل بولۇپ، رەيھان بولۇپ.

بۇ ھاياتنىڭ ئېتىبارى-لەززىتى مېھنەت بىلەن،
ئەجىر قىلسام چۆل-بىنالار ياشنىغاي بوستان بولۇپ.

كەل جاتان بەرگىن قولۇڭنى جان تىكىپ ئىشلەيلى بىز،
ياڭرىسۇن ئىش ئىزدىمىز ئەل باغرىدا داستان بولۇپ.

## ئۇستازىمغا

ئاقار مېھرىم سەل بولۇپ گويا،
ئوقۇتقۇچى ئۇستازىم ساڭا.
مۇھەببىتىم قەلبىمدە دەريا،
چەكسىز مېنىڭ ئىخلاسىم ساڭا.

ئەجرىڭ شۇنچە يۈكسەك بىباھا،
پۈتمەس قانچە كۈيلىسەم يانا،
شۇ جاپالىق ئەجرىڭنى ئەسلەپ،
ئاشتى چەكسىز ھۆرمىتىم ساڭا.



## شاكىرجان مۇسا

(1970 — 1944)

شاكىرجان مۇسا 1944-يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. كىچىك چېغىدىلا ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا ئۆز يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1956-يىلدىن باشلاپ ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەدەبىياتقا قىزىقىش، كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇنىڭ تۇنجى مەشق شېئىرلىرى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «غەلىبە ناخشىلىرى» ناملىق مەكتەپ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان.

1961-يىلى كوناشەھەر ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ۋە مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئەدەبىي ئىجادىيەت خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىجادىيەتچىسى بولۇپ، سەھنە سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. بۇ مەزگىللەر شائىر ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقان مەزگىلى بولۇپ، «قەشقەر گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «تارىم» ژۇرنىلى، «ئاممىۋى كۇلۇب» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللاردا نۇرغۇنلىغان شېئىرلىرى، «يېڭى كېلىن»، «چېچى ئاقارغان، دىلى ياشارغان ئانا» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدەك بىر قىسىم دراملىرى سەھنىلەردە ئوينىلىپ، جامائەتچىلىك

ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. 1964 - يىلى ئۇ شىنجاڭ ياش يازغۇچىلىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە ئۈرۈمچى ۋە شىخەنزە قاتارلىق ئورۇنلاردا زىيارەتتە بولغان.

ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە ياش شائىر ۋە رەسسام شاكىرجان «ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن بەتنام بىلەن تۈرمىگە ئېلىنىپ، 1970 - يىلى ۋاپات بولغان. بۇ توپلامغا مەرھۇمنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.



## ياز كېچىسى

كۆكتە ئاي، گۈلشەندە نۇر، ئىشلەش چېغى ئايدىڭ كېچە،
سولدا باغ، خاماندا چەش، شۇنداق سېخى ئايدىڭ كېچە.

قىردا گۈل، ئۈستەڭدە سۇ چاقنار جۇلالىق تۇس بىلەن،
جەلپ ئېتەر ئازاد يېزامنىڭ ھەر يېقى ئايدىڭ كېچە.

بۆك كۆچەت، شاختا مېۋە، گۈپ - گۈپ پۇرايدۇ چىلگىلەر،
بەخش ئېتەر تەنگە ھۇزۇر، جەننەت بېغى ئايدىڭ كېچە.

دىلدا زوق، تىللاردا كۈي، چەكسىز ئۈپۈقتا كۈلكىمىز،
شوخ جاراڭلار زور غەلىبىنىڭ قوشىقى ئايدىڭ كېچە.

ھەر يىگىت مەردلىكتە ھەر قىز ئۇخلىماس مېھنەت بىلەن،
ياندۇرغاچقا ياش قەلبىمنى مېھنەت ئىشقى ئايدىڭ كېچە.

ئىش بىلەن مەزمۇن تاپار ھەر مىنۇتنىڭ سۈرئىتى،
يىلغا تەڭ ھەربىر كۈنىنىڭ سالمىقى ئايدىڭ كېچە.

1963 - يىل، ئىيۇل

## رەسىم سىزغاندا

قولۇڭدا ئاجايىپ خىسلەت بار سىنىڭ،
بىردەمدە باغ قىلدىڭ قەغەز بېتىنى.

ھە، ئەنە ئالمىلىق باغقا چۆمۈلگەن،
قاپلاپتۇ پاختىزار ئۇنىڭ چېتىنى.

دېرىزە سىرتىدا كۆرۈنگەن گۈلمۇ،
موبىنىڭ ئاستىغا كۆچۈپلا كەلدى.
شۇ رەڭدار بوياقنى يامراتتىڭ ھەر يان،
ئاسمانمۇ گۈزەللىك تاجىنى كىيدى.

بىلدىمكى قەلبىمگە بار ئىكەن باھار،
ماۋزېدۇڭ نۇرىدىن چېچەكلەر ئاتقان،
بىلدىمكى قەلبىڭ سۆيگۈگە تولۇق،
مېھرىڭگە پايانسىز دالامۇ پاتقان.

سىزغىنا ئەي رەسسام يەنە بىر رەسىم،
ۋەتەننىڭ كەلگۈسى نۇر جامالىنى،
سىزغىنا، چۆللەرمۇ بولۇپ چىمەنزار،
تاپسۇنكى قولۇڭدا گۈل - كامالىنى.

1963 - يىل، مارت

## سېنى دەيمەن

«كىم باتۇر» دېسە ھەركىم، خۇشاللىق بىرلە سەن دەيمەن،
باتۇرلۇقتا سەركەردە، چېنىققان گاڭ بەدەن دەيمەن.

ۋەتەن كۆكسىدە — چېگرىدا بولۇپ ئالماس قانات شۇڭقار،
بۆسۈپ مۈشكۈلنى پەرۋاز قىپ ھامانە ئۆرلىگەن دەيمەن.



«كىم غالىب؟» دېسە شانىڭ كۆزۈمدە جىلۋىلەپ شۇ دەم،
كۈرەشلەردىن تېپىپ غەيرەت، زەپەردىن گۈللىگەن دەيمەن.

«جېنىفاگجۇن» دېگەن نامىڭ تولۇقتۇر مېھر - شەپقەتكە،
سۆيەر ئازاد ۋەتەن، خەلقى ۋۇجۇدى - جان بىلەن دەيمەن.

ۋەتەننىڭ ئىپتىخارىسەن، ئەزەلدىن قۇدرىتىڭ يۈكسەك،
تەرىڭدىن بەخت - چىمەنزارى ياشارغان - كۆكلىگەن دەيمەن.
1963 - يىل، فېۋرال

## يېزام كۆلگەن زاماندىن

(ناخشا تېكىستى)

گۈزەل جەننەت قامىتى،
قوشماق بەخت - ئامىتى،
ئەمگىكى جان راھىتى،
يېزام كۆلگەن زاماندىن.

قىز - ئوغۇللار باياشات،
ئىشلەر خۇشال كەڭ - كۇشات،
چىشلەيدىكەن قەنت - ناۋات،
مول - ھوسۇللۇق خاماندىن.

يېزام شۇنچە ئازادە،
بولار يەنە زىيادە،
كېلەچىكى نۇرانە،
ئۇلۇغ داھىي ئىنساندىن.

1963 - يىل، ئاۋغۇست

## گۈل چىمەن

كەڭ قۇچىقىڭ بوك-باراقسان مىسلى جەننەت گۈلچىمەن①،
كۆپلىگەن ئارشاڭ، بۇلاقلار سەندە راھەت گۈل چىمەن.
كۆرگىلى باردىم يېڭى نامىڭغا خۇشتار بولۇپ،
يۈكسىلىشتە گۈللىنىپسەن قەددى-قامەت گۈلچىمەن.
باغرىڭغا باسقاندا شۇ دەم دىل سۆيۈنگەن باغلىرىڭ،
دەپلا قالدىم، كىم ساڭا بەخش ئەتتى ئامەت، گۈلچىمەن.

× ×

ئۆتمۈشۈڭ بولدى نامايان دىل كۆزۈمدە گۈلچىمەن،
سەن ئىدىڭ يىرتقۇچ ماكانى، نامىڭمۇ ئەسلى «چۆل تۈمەن».
ھەر باھار گۈللەر ئېچىلسا، باغ-ۋارانلار كۆكلىسە،
سەن ياتاتتىڭ مۇڭغا سىرداش ھەممە پەسلى «چۆل تۈمەن».
نە سېنىڭ تۇپراقلىرىڭدا كۆكلىسۈن بىر تال گىياھ،
كۆپ كۆڭۈلسىزلىك سېنىڭدە بەزمە قۇرغان «چۆل تۈمەن»
تامچە سۇ تەشناسى بوپ ئۆتتۈڭ ئەسىرلەر ئىلكىدە،
ھەم چوپانلار زارلىنىپ بىزار، بولغان «چۆل تۈمەن»،
تاڭ قۇياشى چاچتى نۇر سۇلغۇن قۇچاقىڭغا بۈگۈن،
مەرد يۈرەكلەر يەڭ تۈرۈپ ئاچتى بوزۇڭنى «چۆل تۈمەن».
بەختىيار ماڭلاي تەرى ئاققان چېغى تەلەي سۈيى،
شورشىما چۆمپەردىدىن ئاچتى يۈزۈڭنى گۈلچىمەن.
كەڭ ۋەتەن گۈلزارىدا بولدۇڭ بۈگۈن بىر تال چېچەك،
سەندە مېھنەت شادلىقى قۇچتى ئۈپۈقنى گۈلچىمەن.

① گۈلچىمەن — كونا شەھەر ناھىيە ساي باغ يېزىسىدىكى بىر كەنت.



قەھرىمان قوللار يېرىڭ ئاستىغىمۇ يەتكەن مەھەل،
كۆز چېقىپ سەندە زىلال سۇ كۆردى يورۇقنى گۈلچىمەن.
ئاقتى شۇ ياقۇت بۇلاقلار كەڭ ئېتىزلار باغرىغا،
تەلمىڭ قۇچتى يېشىللىق مايسىزارنى گۈلچىمەن.
قىرلىرىڭدىن، لاللەردىن خۇش پۇراقلىق ھىد كېلەر،
گۈل پۇراپ قالدىم كېتەلمەي گۈلزارىڭدىن گۈلچىمەن.
تۇپرىقىڭغا چىڭ يېقىپ باغرىمنى شۇئان شادلىنىپ،
دۇم يېتىپ ئىچتىم ھەسەلنى جامىلىرىڭدىن گۈلچىمەن.
دىل ئارامى سۇلىرىڭدا يۇيۇندۇم، مەھكەم قۇچۇپ،
ئىلھامىڭ بىرلە قويۇلدى كۆكسۈمگە راھەت گۈلچىمەن.
شۇندىلا بەختىڭنى ئاچقان ئوت يۈرەكلەر شەنىگە،
سەن ئۈچۈن تۇتتۇم دىلىمدىن ئالەمچە رەھمەت گۈلچىمەن.

1962-يىل، ئاۋغۇست

## يېزىمىزنىڭ قىزلىرى

ئېتىزدا شوخلىنىپ ئىشلىسە،
قۇياشمۇ باقىدۇ ھەۋەستە.
ماختىشار بوۋايلار: «بۇ قىزلار —
ئېھ، ئادديي قىزلاردىن ئەمەس-دە»،

تاغ دېسە غەيرىتى-كۈچىنى،
ھوسۇلدىن ياسايدۇ تاغنىمۇ.
چۆللەردە ناخشىسى ياڭرىسا،
شۇ يەرگە كۆچۈرەر باغنىمۇ.

شۇ قىزلار ئىچىدە بار تېخى،
ئەنخۇيىنىڭ ئوت يۈرەك قىزىدىن.

يېزىمىز بۇلبۇلىنىڭ ماكانى،
گۈل ئۈنگەن شۇلارنىڭ قولىدىن.

خانۇيدەك[1] دەشتىنىمۇ كۆكەرتتى،
شۇ ئوماق چىۋەرلەر دوستلۇشۇپ.
گۈڭشېدا كۈندە توي قاينايتتى،
ھەر ئىشتا غەلىبىلەر قۇچۇشۇپ...»

1962 - يىل، مارت

## چېقىڭلار زۇلۇمنىڭ كىشەنلىرىنى

— پانامادا ئامېرىكىغا قارشى دولقۇن كۆتۈرۈلدى.
— گېزىت خەۋىرى

تىلەكداشىمىز شەرقتىكى،
سوتسىيالىستىك ئەللەر،
سىلەرنىڭ شۇ ئۇلۇغ،
ۋەتەنپەرۋەر كۈرەشلىرىڭلەرگە،
قوغلاڭلار!
زېمىنىڭلاردىن زۇلۇمكەش ئا ق ش جاللاتنى.
ئېلىڭلار قولۇڭلارغا،
كۈرەش قىلىپ ئەركىن - مۇستەقىل ھوقۇقىڭلارنى.
چىرىدى زۇلۇم تەختى،
ئۆلۈمگە يۈز تۇتتى.
چېقىڭلار زۇلۇمنىڭ

[1] خانۇي — كوناشەھەر. يېڭىئۆستەڭدىكى جاي.



شۇ دەھشەت كىشەنلىرىنى،
ئۈرۈنتىڭلار!
ئېلىڭلاردا بەختىيار ھاياتنىڭ
گۈلىستان گۈلشەنلىرىنى.


1959 - يىل، نويابىر

## رۇبائىيلار

خار بولماس دۇنيادا ۋاپالىق سۆيگۈ،
ۋاپادۇر ۋىجداننىڭ پاكلىقى - ئىشى.
ئېلىگە ۋاپاسىز بولغان نامەردنى،
مۇقەررەر باسىدۇ ھەسرەتنىڭ تىشى.

× ×

ۋەتەن ھاياتنىڭ راھىتى، بەختى،
ۋەتەن دەپ ياشىغان ئەزىز بوپ ئۆتەر.
ۋەتەنسىز بەختىنى ئىزدىگەن ئىنسان،
دۈشمەننىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ ئۆتەر.



## ئابدۇغېنى غازى

(1944 — 1969)

شائىر ئابدۇغېنى غازى ياشلارغا خاس جۇشقۇنلۇق بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويغان ئىقتىدارلىق ياش قەلەم ئىگىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن بەختسىزلىككە ئۇچراپ بىز بىلەن مەڭگۇ ۋىدالاشقانىدى. زامان ئوڭشىلىپ، 1982 - يىلىغا كەلگەندە، ئابدۇغېنى غازىنىڭ ئۈستىدىكى ناھەق ھۆكۈم ئىنكار قىلىنىپ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

شائىر ئابدۇغېنى غازى 1944 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1952 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە غۇلجا شەھىرىدىكى 4 - باشلانغۇچ، 5 - ئوتتۇرا ۋە 3 - ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئاندىن كېيىن شىنجاڭ داشۆنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان.

شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىي پائالىيىتى 1956 - يىلى باشلانغان. ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى «ئىلى گېزىتى» ۋە «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتلىرىدە ئارقا - ئارقىدىن جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇلغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە نۇرغۇن شېئىر، باللادا، داستان، ۋە ھېكايىلەرنى يازغان. ئۇ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىپ ۋە رەتلەپ، مۇندەرىجىسىنى تۈزۈپ قالدۇرۇپ

كەتكەن بىر خاتىرىدىلا 50 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە «ئانامنى سۆيىمەن» قاتارلىق ھېكايىسى بار. شائىرنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە يازغانلىرى مەكتەپ ۋە ساۋاقداشلار ئارىسىدا يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن. لېكىن ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئەينى يىللاردىكى ئىنتايىن سول لۇشيەنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىگەن، يەنە بىر قىسىم ئەسەرلىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

شائىرنىڭ نامى ئەسلىگە كۈلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى «ئىلى دەرياسى» ۋە «ئىلى گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلدى. بەختسىزلىك شائىر ئابدۇغېنىنى بىزدىن ئايرىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نامى ۋە ئەسەرلىرى بىز بىلەن بىللە.

## تىرىشىپ ئوقۇيمىز

بىز ئوقۇيمىز مەكتەپتە،
ئىككى باھا ئالماستىن.
يەڭنى تۈرۈپ كىرىشىپ،
ئەلاچىدىن قالماستىن.

كۈندىن - كۈنگە ئۆرلەيمىز،
بىلىم ئېلىپ مەكتەپتە.
بىلىم مېھرى مۇستەھكەم،
ئورناپ كەتتى يۈرەككە.

يۈرىكىمىز تېپىدۇ،
ۋەتەن ئۈچۈن، ئەل ئۈچۈن.
ياندۇق بۈگۈن چوغ بولۇپ،
ئىجادىيەت، پەن ئۈچۈن.

1960 - يىل، فېۋرال

## قىزچاق كۆتەر، ئەمما ...

كەچقۇرۇن ھەممە ياق غۇۋالاشقاندا،
ئاسمانغا سوزۇلدى سامان يوللىرى.
چارچىماس تۇلپاردەك شامال قىيغىتتى،
ئېگىلدى، تولغاندى دەرەخ غوللىرى.



بۇلبۇللار مەست بولۇپ سايرىسا باغدا،
ياپراقلار جور بولۇپ شىۋىرلاپ كەتتى.
جۇنۇننىڭ ئاھۇسى شۇنچىلىك مۇڭلۇق،
پەلەككە ئۆرلىدى، ئەرشكە يەتتى.

شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان يولدا،
بىر قىزچاق ماڭماقتا تەقەززا بولۇپ،
كۆتەر ئۇ يارىنى ئىككى كۈن بولدى،
قەلبىگە سېغىنىش ھېسلىرى تولۇپ.

دەيدۇ قىز: «تۈنۈگۈن كۆتتۈم، كەلمىدىڭ،
بۈگۈنمۇ بولمىدى كۆرۈشكە نېسىپ.
ئەتىمۇ كۈتىمەن، كەلمىسەڭ، ئاندىن —
مەن سەپەر قىلىمەن قىزدىل قان كېچىپ!»

قىزچاقنىڭ شىۋىرلاپ ئېيتقان بۇ سۆزى،
شامالغا ئەگىشىپ كەتتى يىراققا.
ئەشۇ قىز چاقىردى سۆيگەن يارىنى،
قېنى ئۇ، قىز قەلبى تولدى پىراققا.

1961 - يىل، ئىيۇل

## «مەن دېھقان»

ئومىنى ئورالماي بولدۇم كۆپ خىجىل،
يېزىغا دەسلەپكى كەلگەن چېغىمدا.
ئەمدىچۇ يالتىراپ ئويناپ كېتىدۇ،
گاڭ ئورغاق شارتىلداپ مېنىڭ قولۇمدا.

شىڭگىلاشقا ماختىنىپ كۆكسۈمگە ئۇرۇپ،
«مەن دېھقان» دېيىشكە ھەققىم بار مېنىڭ.
ھالال تەر تۆكۈلسە ئىشتا چېكىمدىن،
ئارمىنى قالىدۇ ئېيتقىنا كىمنىڭ.

1961 - يىل، ئاۋغۇست

## تەلكە

چاقنايدۇ قەلبىمدە ۋەتىنىمنىڭ مېھرى،
مىسالى كۆكتىكى شۇ نۇرلۇق قۇياش.
ۋەتىنىم يايلىقى تەلكىنى كۆرۈپ،
شادلىقىم بىر شۇڭغۇپ كۆككە قويدى باش.

ماشىنا ئۈستىدە باقسام ھەر يانغا،
ئېتىكى باغ بولۇپ كۆرۈندى كۆزگە.
سايدىكى قىسمەت گۈل، سۈنى كۆرگەندە،
ئەجىبا تىلىمۇ كەلمىدى سۆزگە.

يايلاقتا يايرىشىپ ئۇتلار كەگرى مال،
توپلىشىپ ئاق بۇلۇت يەرگە قونغاندەك؛
قارىغايلار ياپيېشىل تۇرىدۇ مەغرۇر،
«سالام دەپ مارسقا قولىنى سوزغاندەك.

شۇ ئېگىز چوققىلار نېمە ئانچە گۈزەل،
بېشىغا بۇلۇتنى يۆگەپ تۇرىدۇ؛
پاھ، شۇنداق ۋەتىنىمنىڭ گۈزەل يېرىنى،
كۆرگەندە يۈرەك خۇشال ئۇرىدۇ.



خېلى كۆپ ماڭسامۇ تەلكە ئىچىدە،
بىر مىنۇت ۋاقىتچە بىلىنمەي قالدى.
يۇرتۇمنىڭ تاجىسى - تەلكە سىياقى،
قەلبىمنىڭ تۆرىگە ئۆچمەس ئىز سالدى.

شۇڭلاشقا قوللىرىم ھاياجان ئىچرە،
مىسراغا يۈگۈردى ئۈنچىلەر تۈگدىم.
ئالەمچە مۇھەببەت سېزىپ ئۆزۈمدە،
ۋەتىنىم - ئانامنىڭ مېھرىگە چۆمدۈم.

1962 - يىل، ئۆكتەبىر

## مەكتىپىم ئانام

ئانامنى تىلىمغا ئالغان چېغىمدا،
دەريادەك مۇھەببەت ئاقار دىلىمدا.
ئانامنىڭ ئەجرىسى كۆپ سىڭگەچ ماڭا،
تائەبەت سۆيۈمەن يۈرەك قېتىمدا.

مەكتىپىم - مەكتىپىم سەن مېنىڭ ئانام،
مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا ئۆتتەك كۆيىمەن.
دىلىمنى بىلىمدا يورۇتقاچقا سەن،
مەدھىيىلەپ سېنى مەن ئۈنچە تىزىمەن.

مەكتىپىم نامىڭنى چۆشۆرمەي دىلدىن،
ئانامنى سۆيگەندەك سېنى سۆيىمەن.

قوينۇڭدا بىلىم ئەپ ۋەتەن ـ خەلقىمنىڭ،
پەرھادتەك جەڭگىۋار ئوغلى بولىمەن.

1962 ـ يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## سىغىنىش

مەن سىنى ئويلىسام، سىغىنىش ئوتى،
يۈرىكىم ـ قەلبىمنى چىرماپ ئالىدۇ.
خىيالىم بۈركۈتتەك شۇنچە ئۇچۇپ تېز،
گۈلزارلىق بېغىڭغا بېرىپ قونىدۇ.

ئاسمانغا بوي تارتىپ تۇرغان سۇۋادان —
دەرىخىڭ كۆزۈمدىن كەتمەيدۇ نېرى.
ئىلھامىم ئۇنچىسى ئېتىلار دىلىمدىن،
ئەي غۇلجام سىغىنىپ ئويلىغانسېرى.

ئالماڭچۇ قىزلارىڭ قىزىل مەگىزىدەك،
تاتلىقى تىلىدا تېخىچە تۇرار.
باھاردا ئېچىلغان قىزىلگۈللىرىڭ،
خۇش پۇراق ھىد چېچىپ بۇرنۇمغا پۇرار.

شاپتۇلا، ئۈرۈكۈڭ، قوغۇن ـ تاۋۇزۇڭ،
ئىشقىمنى ئۆزىگە شۇنچە تارتىدۇ.
سېنىڭكى ھەر ياپراق، بىر چىمدىم توپاڭ،
يۈرىكىم سۆيگۈسى، شۇنچە ئارتىدۇ.

بۇلبۇل بوپ ئىشقىڭدا كەچ بىلەن سەھەر،
سەن ئانا شەھىرىمنى كۈيىمگە قاتتىم.



كەلگۈسى كۆكسۈڭنى گۈلگە ئوراشقا،
ئىلىم ـ پەن دېڭىزىغا غۇلاچلار ئاتتىم.

1962 ـ يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى

## ئارزۇ

گۈلباھارنى كۈيىگە،
قاتقىنىدەك بۇلبۇللار،
كىشنىمەكتە ئېتىزدا
پولات قانات دۇلدۇللار.

ئەخمەت ئاكام رول تۇتۇپ،
ئويناقلاتسا دۇلدۇلنى.
رەيھان ھەدەم سىيالكىدا،
رەتلىك چاچار ئۇرۇقنى.

ھەۋەسلىنىپ ھەر سەھەر،
تېخنىكلارغا باقىمەن.
شېرىن خىيال ئىچىدىگە،
ئۇزاق ـ ئۇزاق پاتىمەن.

مەن بىر كىچىك ئۆسمۈرغۇ،
بەختىم تېخى ئالدىمدا،
دېھقان بولۇش ئارزۇمبار.
مۇشۇ گۈلزار يېزامدا.

1963 ـ يىل، مارت

## رازىمەن

گۈل ۋەتەن يولۇڭدا كۈرەش قىلغانلار،
يادلىنار خەلقنىڭ تىلىدىن چۈشمەي،
كۆز يۇمۇپ كەتسىمۇ دۇنيادىن ئۇلار،
يۇلتۇزدەك سامادا قالىدۇ ئۆچمەي.

ۋەتىنىم، خەلقىمنى رازى قىلىشتا،
رازىمەن تۆكۈلسە قىپقىزىل قېنىم.
قان بىلەن كۆمۈلسە ئانا تۇپراققا،
رازىمەن، رازىمەن بۇ ئەزىز تېنىم.

1968 - يىل، ئۆكتەبر

## سىرداش

ھەر كۈنى تۈڭلۈكتىن باقىدۇ قۇياش،
ئالتۇن رەڭ كىرپىكىن ناز بىلەن قېقىپ،
ئەڭ شېرىن ئىستەكلەر بەخش ئېتىدۇ.
قەلبىمگە ھاياتلىق شامىنى يېقىپ.

مەن بىلەن ئەڭ يېقىن سىرداش شۇ قۇياش،
ھەر كۈنى زېرىكمەي يوقلايدۇ مېنى.
دەيدۇ ئۇ ئوينايمىز، جابدۇن، بول قېنى
ئۈمىدنىڭ چېرىغى ئۆچمىسۇن غېنى.

1968 - يىل، ئۆكتەبر



## قىزىمغا

كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەيمەن،
ئۆزىڭىزنى كۆرمىگەچ تۈزۈك.
چۈشلىرىمدە كۆرۈپ تۇرىمەن،
ئاپىڭىزنىڭ قولىدا ئۈزۈك.

«دەم - دەم، تە - تە» دەسسەپ بىر ئەپلەك،
تىلىڭىزمۇ چىققاندۇ تاتلىق.
ئەللەي ئېتىپ قۇچقىنىڭىزنى،
ئۆي ئىچىگە بېرەرسىز شادلىق.

سىزگە بەخت تىلەيمەن قىزىم
ھەر خىيالدا كۆرگەندە سىزنى.
يەتكۈزىدۇ ۋىسالغا چوقۇم،
ئۇزاق ئۆتمەي پارتىيە بىزنى.

1970 - يىل، مارت

## يارىمغا

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم
دىلداش - سىرداش جانانىم.
تومۇزلاردا بوستانىم،
زىمىستاندا گۈلخانىم.

مېھرىڭدىن خىجىلدۇر كۈن،
دىلىڭدا يوق قايغۇ، تۈن.
تىلىڭدا جاراڭلايدۇ ھەر چاغ
ۋاپا دېگەن شۇ بىر ئۈن.

مەن قايىلمەن چىن مېھرىڭگە،
پەم - پاراسەت، زېھنىڭگە.
يۈرەكتە قالدى كۆپ ئارمان،
تويماي ۋىسال - چېھرىڭگە.

## ئىختىيار ئۆزۈڭدە

تەقدىرىڭ قىسمىتى ئاشۇنداق ئىكەن،
تارازا - مىزانغا سالدى يار سېنى.
ئىختىيار ئۆزۈڭدە مەيلى خارلىغىن،
ۋە ياكى سۆيگىن سەن ئاۋالدەك مېنى.

قەلبىمدە مۇھەببەت ئويغاق ئۇخلىماس،
گوياكى ئۆركەشلەپ ئاققان بىر دەريا.
ھەر مەھەل سەن مېنىڭ قەلبىم كۆكىدە،
مەن ئەگەر مۇبادا بولسام بورىيا.

## پارچىلار

1

ئانىجان ھەممىدىن - ھەممىدىن ئۇلۇغ،
ئۇنىڭچۈن شەنىگە توقۇيمەن غەزەل.
ئانامنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلسە گەر ياش،
زەھەر بوپ تۇيۇلار يېمىسەممۇ ھەسەل.



2

سېغىنىمەن ئوغلۇم سېنى بەك،
ئامالىم يوق...
رەنجىمە مەندىن.
دىلىدىن سۆيسەڭ ۋەتەن، خەلقنى
تا ئەبەدى رازىمەن سەندىن.

3

مەن بۇندا تۇتقۇندا تۇرغىنىم بىلەن
ئۈممىدىم، ئارزۇيۇم تۇتقۇندا ئەمەس.
ۋۇجۇدۇم ھېچقاچان سەندىن ئۆزگىگە
دىل بېرىپ، ھەقىقىي دوست - يارىم دېمەس.

4

سالام باھار، يۈرەكتىن قارشى ئالاي سېنى،
شوخ شامىلىڭ قانچە مەرتەم سىلىغان مېنى،
بۈگۈن ئەركىم بوغۇلغاچقا، باغدا، ئېتىزدا
گۈزەل باھار كۈتەلمىدىم ئەمگەكتە سېنى.

5

مەن بىر لاچىن ئوغلىمەن،
قورقۇش ۋەھىم ماڭا يات،
تۈگەپ ئاخىر بۇ كۈلپەت،
بەختلىك كۈن كېلەر پات.

## مۇختەر ياقۇپ

(1983—1963)

مۇختەر ياقۇپ 1963 - يىلى مارالبېشى ناھىيىسىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1971-يىلدىن 1978-يىلغا قەدەر باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، 1978 - يىلدىن 1981 - يىلغا قەدەر ناھىيىلىك دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مارالبېشى ناھىيىلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1983 - يىلى 6-ئايدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

مۇختەر ياقۇپ 1979 - يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «تارىم»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 30 پارچىدىن كۆپرەك شېئىر ۋە نەسرىي ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان.

بۇ توپلامغا ياش شائىرنىڭ يولداش مۇھەممەت ئىمىن نەشرگە تەييارلىغان بىر قىسىم شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.



## ئىجات كۆلىدە

تۈن كېچىدە كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇش،
بولۇپ قالدى زەپ كۆڭۈللۈك ئادىتىم.
يېڭى شېئىر پۈتسە ئويناپ يۈرىكىم،
گويا مىڭ گەز ئۆسەر قۇربىم-قامىتىم.

تەپەككۇردىن كەلسە گەر سۆز كارۋىنى،
تىزار قەلبىم قۇرغا، ئاغزىم مىتىلداپ.
تاپالمىسا بىرەرى ئۆز ئورنىنى،
يۈرىكىم «پىژ» قىلار ئىچىم ئىتىلداپ.

ئالدىمىدىكى شام - چىراغنىڭ خۇشتارى—
پەرۋانىلەر گاھى قونار بېشىمغا.
ئۇچۇشار تېز يازغىنىمنى ئوقۇسام،
ئاۋازىمنى چىقىرىپ بوم تېشىمغا.
پۈتسە شېئىر،
گۈل دەستە بوپ تۈزۈلسە،
ھېسابلايمەن ئىجادىمدىن قەترە دەپ.
شادلىنىمەن قىسسا خەلقىم ئارزۇلاپ،
چىرايلىق گۈل ھىدى ئىكەن ئەترە دەپ.

× × ×

كۆرگەنىمىدىك دوستۇم ئىجاد كۆلىدە،
دولقۇن يېرىپ ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىنى.

شۇ كېمىدە ئۆزۈپ مەنمۇ زەر سۈزۈپ،
تاپماقچى مەن ھاياتقا باش تېمىنى.

1983 - يىل، ئىيۇل مارالبېشى

## يۇرتۇم

ئانىجان يۇرتۇم گۈزەل مارالبېشى،
زەر دولان دەرياسىنىڭ ياقۇت قېشى.
ماختىدىم بۇ يۇرتنى ئەسلا لاپ ئەمەس،
بولمىغاچقا كەڭ جاھاندا تەڭدىشى.
سال نەزەر ھەر يانغا سەن كۆز چاقنىتار،
تاۋلىنىپ ئالتۇن چېچەك گۈل ئۆركىشى.
باغ ئەمەس، چۆللەر - ئېدىر، تاغلارمۇ گۈل،
گۈلباھار ئەييامىدۇر يازۇ - قىشى.
ئۈيىنىشار خۇشلۇق بىلەن زەپمۇ لىۋەن،
يۇرت ئارا مەشرەپ، سەنەم ھەممە كىشى.
ئۆتىدۇ مەمۇرچىلىقتىن ھەممىنىڭ،
خۇددى ھېيت - بايرامغا ئوخشاش تۇرمۇشى.
«بۇ زاماندىن رازىمىز مىڭ مەرتىۋە»،
دەيدۇ شادلىقتىن يېتىپ كۆككە بېشى.
ئانىجان يۇرتىنىڭ مۇشۇنداق بەختىگە،
باش پاناھ كومپارتىيەم سەپنىڭ بېشى.
مۇختەرى پەخرى بىلەن ئەيتار يەنە،
«بۇ ماكانىنىڭ يوق جاھاندا تەڭدىشى!»

1983 - يىلى ماي



## ئاپئېقىم

چىققاندا بىز سەيلىگە،
گېپىم كۆپتۇر دەي دېسەم.
قىزدىرىسەن «لېۋىڭدىن،
ئىچتىم لەززىز مەي» دېسەم.

قانچە سۆيسەم يۈرىكىم،
قېنىشتىن ھېچ دېرەك يوق.
ئەنسىرىمە ئاپئېقىم،
مەست بولمايمەن كېرەك يوق.

1982 - يىل، ئاپرېل

## ئەسسالام

يېڭى يىلغا بېغىشلاپ

ئەسسالام! ساھىبجامال يىلغا يۈرەكتىن ئەسسالام!
ئەسسالام! بىز بەختىيار غۇنچە - چېچەكتىن ئەسسالام!

ئەسسالام! پەن ۋەسلىدە، كۆركەم چىمەنزار پەسلىدە،
چوغلىنىپ كۈلگەن قىزىل گۈلدىن - چېچەكتىن ئەسسالام!

قىبلىگاھىن گۈللىنىپ، بۇلبۇلنى چاك - چاك ئۆتلىتىپ،
ئەل يۈرۈپ كەتكەن گۈزەل ئارزۇ - تىلەكتىن ئەسسالام!

خۇش مۇبارەك يىلغا خاس، بۇ يىلغا خۇشتار دىلغا خاس،
نۇر چېچىلغان مەرۋايىت ياقۇت - بېزەكتىن ئەسسالام!

شوخ ناۋالار ئىلكىدە، شادلىققا ئۇلپەت كۆلكىدە،
قاينىغان بۇ مەرىكە، تويدىن - كۆرەكتىن ئەسسالام!

1980 - يىل، دېكابىر

## مەكتىپىم

ئەي گۈزەل باغچام، بۆيۈك پەخرىم - غۇرۇرۇم مەكتىپىم،
ئىلمۇ - ئىرپان كانىسەن يىللىق ھۇزۇرۇم مەكتىپىم.

ئۇچرىتىپ سەندە پەرى جانان ئىلىم - پەن يارنى مەن،
گۈل نىگار قىلدىم ئاشۇ لەۋزى شېكەر قەن يارنى مەن.

چىللىدى ۋەسلىگە ئۇ، ئىشقىم بىلەن سۆيدۇم راسا،
ئوت يۈرەك دىلدىن ئوتى - پىراقىدا كۆيدۇم راسا.

سەن يېتىشتۈردۈڭ مېنى ئۇچقۇر قانات دۇلدۇل قىلىپ،
گۈل ۋەتەن ئىشقىدا تىنماي سايرىغان بۇلبۇل قىلىپ.



رازى بول ئەي مەكتىپىم ئۇچقۇر قانات قىلدىڭ مېنى،
گۈللىتىش ئارزۇ ماڭا، ئەي ئانا مەكتەپ سېنى!

1981 - يىل، نويابىر

## مۇئەللىمگە

مۇئەللىم مەن بۈگۈن سىزگە سالامىمنى يېزىپ كەلدىم،
ئىجادتىن غۇنچە - مەرۋايىت گۆھەرلەرنى تىزىپ كەلدىم.

× × ×

سەبىي چاڭقاق دىلىمغا سەل كەبى قۇيغان بىلىمنى سىز،
بىلىم بىرلە كۆزۈم ئاچقان چىقارغان ھەم تىلىمنى سىز.

دەرستە ھەر سۆزىڭىز تەڭ ئىدى ئالەمچە مەناغا،
دىلىم تۇندىن پەۋەس تولغان بىلىم گۈل-غۇنچە رەناغا.

مېنى ئەلگە يارامىلىق بىر كۆچەت قىلماق ئۈچۈن ئاققان —
تەرىڭىز كۆپ، دىلىمغا پەن - بىلىمدىن نۇر چىراغ ياققان.

مۇئەللىم ئەسلىسەم سىزنى دىلىم يايراپ تۇرار مەڭگۈ،
ۋۇجۇدۇمدا ئەزىم دەريا مۇھەببەت جۇش ئۇرار مەڭگۈ.

× × ×

يۈرەكتىن پەن - مەرىپەتنى ئەبەتكە چىن سۆيەتتىڭىز،
ئۇنىڭ ئىشقى پىراقىدا لاۋا ئوتتەك كۆيەتتىڭىز.

لېكىن بىر چاغ خەلققە پەن ـ بىلىم بەرگەن گۇناھ بولغانمە
دىلىڭىز ئۆرتىنىپ چەكسىز غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن تولغان.

بىلىم ئەمدى گۈلزارىغا راسا نۇرلۇق باھار كەلگەچ،
چىناردەك بەستىڭىزگە ھۆر دەۋردىن كۈچ ـ مادار كەلگەچ؛

كېچە ـ كۈندۈز تىنىم تاپماي كى قوشتىڭىز شەرەپ ئەلگە،
ئۇرايسىز پەن ـ مەرىپەت گۈل بېغىنى قىپقىزىل گۈلگە.

ھامان ئۈلگە قىلىپ سىزدەك جەسۇر ئوقۇتقۇچىمىنى مەن،
بېغىشلايمەن ۋەتەنگە بۇ پۈتۈن زېھنى كۈچۈمنى مەن.

× × ×

مۇئەللىم ئەسلىسەم سىزنى دىلىم يايراپ تۇرار مەڭگۈ،
يۈرەكتە بىر ئەزىم دەريا مۇھەببەت جۇش ئۇرار مەڭگۈ.

1980 ـ يىل، ئاۋغۇست

## قارارىم بار

گۈلىستان قاتلىرى ئىچرە قۇياشلىق لالىزارىم بار،
ئەبەتكە پەيزىنى سۈرگەن بەختلىك گۈلباھارىم بار.

باھاردا ياشنىغان، كۈلگەن گۈزەل مەكتەپتە ـ باغچامدا،
جاھاندا تاللىغان، سۆيگەن بىلىم گۈل ـ غۇنچە يارىم بار.

ۋەتەن غايىسى تۆت ئالتۇن راۋاقنى گۈلگە پۈركەشچۈن،
مەرىپەت كانىدىن نۇرلۇق گۆھەر ـ ياقۇت قازارىم بار.



گۈزەل ياشلىقتا پالۋاندەك كۈنۈمدە يورغا يىلىلارنىڭ ـ
يۈكىنى دەس كۆتۈرۈشتە تىيانشاندەك مادارىم بار.

يېڭى دەۋرىم ئاتا قىلغان گويا ئالماس قەلىمىمدە،
ۋەتەن شادلىقىنى كۈيلەپ شېئىر ـ داستان يازارىم بار.

ۋەتىنىم گۈل ـ گۈلىستانىم سېنى گۈللەشكە ـ قوغداشقا،
ھاياتىمنى پىدا ئەيلەش يىگىتلىك دىل قارارىم بار.

1980 ـ يىل، ئاپرېل

## گۈل تاقار بولدۇم

بۈگۈندىن پەن ـ بىلىمگە مەن بەلەكتىن خوش باقار بولدۇم،
ئۇنى دىلبەر، تۇتۇپ ئوتلۇق يۈرەككە چىڭ ياقار بولدۇم.

تېتىپ كۆرسەم لەزىز ـ شەربەتلىكى قەلبىمنى لال قىلغاچ،
كۆيۈپ ئىشقى پىراقىدا گويا شامدەك ئاقار بولدۇم.

سۈرۈپ شۇ يار بىلەن جانان ئۆمۈرنىڭ پەيزىنى شادمان،
گۈزەل ئىقبال سىرى دۇلدۇل كەبى ئوقتەك چاپار بولدۇم.

ئىجات قىلماقنى پەخرىم، شان ـ شەرەپ ئەيلەپ قىلىپ مېھنەت،
مەرىپەت كانىدىن نۇرلۇق گۆھەر ـ ياقۇت قازار بولدۇم.

يېتىپ مەقسەتلىرىمگە ھۆر ۋەتەننىڭ كۆكسىگە ئۆمرۈم ـ
بېغىدىن ئۈز ئېچىلغان ئەترە ھىدلىق گۈل تاقار بولدۇم.

1980 ـ يىل، فېۋرال

## ياز كېلىپ

دىلنى خۇرسەن ئەيلىدى يىللىق باھار بۇ ياز كېلىپ،
سەپ تىزىپ رەت ـ رەت، يېشىل كۆك سەھنىسىدە غاز كېلىپ.

چوغلىنىپ بەس ـ بەستە ئۇز رەڭدار ئېچىلغان ھۆپپىدە،
گۈل ـ چېچەكلەر لەۋلىرىدىن خۇش تەبەسسۇم، ناز كېلىپ.

يار سەنەمدەك نوتا ـ سۇمبۇللار نەفىس چاچ تاشلىسا،
شوخ تومۇچۇقلار تىلىدىن زەپ يېقىملىق ساز كېلىپ.

گۈل سۆپەت يۇرتۇڭ بۈگۈن شادلىققا چۆمگەن پەسلىچۈن،
مۇختەرى يازغانلىرىڭ قالدى ئەجەب ـ ھە، ئاز كېلىپ.

1981 ـ يىل، ماي

## قوشماق يۈرەك

تالاي شېرىن چۈشۈمدە دەل يېنىمغا سەن كېلىپ كەتكەن —
ئىسىڭ، ئەي، شوخ چېچەن قىز بىر بېقىپ، ئىككى كۆلۈپ كەتكەن.

غېرىب لېۋىگە سۆيگەن گۈل سۆپەت ئاشىق سەنەم ئوخشاش،
سۆيۈپ تاتلىق لېۋىمگە چاك يۈرەككە ئوت سېلىپ كەتكەن.

مەگەر بۇنداق لەزىز ـ شېرىن چۈشۈمدە ئۇچرىتىپ تۇرساق،
ئۇنى مەن ئەڭ بەختلىك، ئەڭ قۇتلۇق توي بىلىپ كەتكەن.



بۈگۈن بۇ توي ئاشۇنداق بىر چۈشۈمنىڭ ئەكسىدۇر جانان،
دېمەك: بىزنىڭ يۈرەك شۇنداق بۇرۇن قوشماق بولۇپ كەتكەن.

1982 ـ يىل، ئىيۇل

## ۋەتەن

گۈل ۋەتەن، گۈلزار ۋەتەن، رەڭدار گۈلىستانىم ۋەتەن،
ھۆر ۋەتەن، جەننەت ۋەتەن، يىللىق نۇرۇستانىم ۋەتەن،
ھۆسنى ئۇز، لالە ـ چىمەنزار بۇلبۇلۇستانىم ۋەتەن،
ئەي ھايات ئالتۇن بۆشۈكى يەرۇ ئاسمانىم ۋەتەن،
سەن بىلەن كۆلدى بەخت، كۆلدى دىلىستانىم ۋەتەن.

گۈل بېغىڭدا بىخ سۈرۈپ ئاچقان چېچەك بىر غۇنچىمەن،
ئىلمۇ پەن بۇلاقىدىن جۇلالىغان زەر ئۇنچىمەن،
ئۆتتى ئون سەككىز يىلىم، سەزدىم ئۇنى بىر كۈنچىمەن،
سەندە تاپتىم ئېتىۋارىمنى، تاپارمەن شۇنچە مەن.
تائەبەت يانار ساڭا چىن سۆيگۈ گۈلخانىم ۋەتەن.

سەندە ياشنار شۇنچە مىللەت سۇ ـ بېلىقتەك ئىتتىپاق،
تاكى تەيشەن ئىلكىدىن پامىرغىچە چىن ئۆم ئىناق.
ھۆر ھايات پەيزىنى سۈردى كەڭ زېمىندا ھەممە ياق،
ساڭا مەپتۇن بارچە دىل، قايناپدۇ سۆيگۈ ـ ئىشتىياق.
سۆيىمەن چاڭجياڭنى شادىمان دەپ گۈزەل تارىم ۋەتەن.

مەن ئۇچۇن چىمىدىم توپاڭ ئالەمچە ھېكمەت تۇتىيا،
تاغلىرىڭ نۇر چاقنىغان ئۇز مەرۋايىت، ئالتۇن قىيا،

بارچە بۇلبۇل گۈل بىغىڭغا بولدى، دىلدىن مەھلىيا،
ساڭا قايىلدۇر جاھان خەلقى، پەرىشتە، ئەۋلىيا...
جەننەتۇل گويا كى خىسلەتلىك بەخت كانىم ۋەتەن.

مۇختەرى سەن مۇھتىرەم بۇ ھۆر زاماندىن يايرىغىن،
كەتتى كۆلپەت، چىن سائادەت ئەلگە ئۆلپەت سايرىغىن،
چوشتى بۇلبۇللار ناۋاغا سەنمۇ بىرگە قاينىغىن،
بىر ئۆمۈر بەخشەندە قىل، بارىڭنى ئەلدىن ئايىمىغىن.
ساڭا شەيدا كۆيچى بولماقلىق شەرەپ ـ شانىم ۋەتەن!

1980 ـ يىل، نويابىر

## تۇيۇقلار

مەھلىيا قىلدى ئىلىم كاندا ھەممە ياق مېنى،
دەپ ئىلىم ـ پەن قىزلىرى «ئوتلۇق يۈرەككە ياق مېنى.»
ياش ئىجادكار ئىستىكىدە پەن ئىگىلەي مەن بۈگۈن،
ئەي نادان بەڭباشلىقىم تۇتما ئويۇنغا، ياق مېنى.

× × ×

قوپ! بىكار كەتتى ھاياتىمدىن سۇبھى ـ تاڭ، چوش ئاكا،
قوپقىنە، ئوڭدا يېتىپ كۆرمەي راۋاقتا چوش ئاكا.
بول! يىگىتلىك ئىجتىھات، پالۋانچە روھنى ئۇرغۇتۇپ،
بارچە ئەل ئاتلاپ قىزىپ كەتكەن كۆرەككە چوش ئاكا!

1980 ـ يىل، دېكابىر



مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ليۇ پېيچېن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئۆمەرجان مۇھەممەت

سامانيولى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھاجى ئەخمەت قاتارلىقلار

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۈك كوچىسى 54 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 10، قىستۇرما ۋارىقى: 12
1993 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1993 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3,000
ISBN 7 —228 — 02041 — 3/I·699
باھاسى: 5.10 يۈەن

责任编辑：阿布都肉苏里·吾买尔
封面设计：刘培勤
责任校对：吾买尔江·木合莫德

银　河（维吾尔文）
哈吉·艾合买提，吐尔逊·则尔丁，
吐尔逊·尼亚孜编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路 54 号　邮政编码 830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米32开本10印张 12插页
1993年5月第1版　1993年5月第1次印刷
印数：1——3,000

ISBN 7—228—02041—3/I.699　定价：5.10 元